# ئۇيغۇر
# ھازىرقى زامان
# ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر

شىنجاڭ رادىيو سىڭەن داشۆي

تۈزگۈچى: نۇرمەھەممەت زامان

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن ئېكسىپىلەر

شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆي

1983 - يىل نويابىر

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: مەمتىمىن تۇرسۇن

بۇ كىتاپنى رادىيو سىفەن داشۆبىسىنىڭ ماقۇللىقىنى
ئالماستىن تۇرۇپ قايتا بېسىشقا بولمايدۇ.

## نەشر ئاشقۇچىدىن

«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق بۇ كىتاب مەكتىپىمىزنىڭ ئالى سىنىپ تېخنىكومى بويىچە ئىككىنچى قارارلىق تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىن بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان كۇرسانتلارغا سۆزلەنگەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى رادىئو لېكسىيىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا دائىر يىگىرمە لېكسىيىنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت. بۇ لېكسىيىلەرنى شىنجاڭ داشۆي ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى ئۆمەر مەھەممەت زامان ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ھەمدە پىشقەدەملەردىن ئۆگىنىش ئاساسىدا تۈزۈپ چىقتى. لېكسىيىلەرنى شىنجاڭ داشۆينىڭ دوتسېنتى ئابلەت ئۆمەر تەھرىرلىدى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىدۇر.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئەتراپىدا جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇلۇغ جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى — مەملىكىتىمىزدە غايەت زور تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىدى. بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيەۋى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس ھازىرلىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەزمۇنغا باي، بەدىي جەھەتتىن يۈكسەك، شەكىل جەھەتتىن يېڭى، جەڭگىۋار ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ فېودالىزم ۋە ئىستىبداتلىققا قارشى كۈرىشىنى، ۋە دىنىي ئاسارەتكە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، يېرىم مۇستەملىكىچىلىككە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش كۈرىشىنى ھەمدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئىنقىلابنى كۈيلىدى. ئازاتلىق ۋە دېموكراتىيە غايىلىرىنى تەرغىپ قىلدى، خەلقىمىزنى ھەرىكەتكە دەۋەت قىلدى، ئىلغارلىققا ئۈندىدى.

جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى تۇرۇش، ھەقىقىي مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — بۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

رىئال ئىجتىمائىي ھاياتنى ئاساس قىلىش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەمدە ئىلغار چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ دوردانىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىش ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىش — بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تە-

رەققىيات يولى بولدى.

ھەر قانداق مىللى ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋر-لەردە ئۇلۇغ ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، شائىرلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن مىللەت مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلى-دىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائى ئىدىيولوگىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمى يىغىندىسى شۇ دەۋرنىڭ پۈتۈن بىر ئەدەبىيات خەزىنىسىنى تولدۇرۇپ، ئەبەدى بايلىققا ئايلىنىدۇ. لېكىن بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەدىبلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىلەرمۇ بولىدىكى، ئۇلارنىڭ ئەدەبى ئىجادى پائالىيىتى ئەشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىم شېھىت ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ناما-يەندىنىڭ ئەدەبى ئىجادى پائالىيەتلىرىدىن مۇستەسنا ھال-دا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ دېموكراتىك باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات باسقۇچىغا قاراپ تەرەققى قىلىشىدا زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئە-دەبى ئىجادى پائالىيەتلىرىمۇ مۇھىم تارىخى رول ئوينايدۇ.

ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تېخى نەشر قىلىنمىغان شارائىتتا «ئۇيغۇر

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر» نى ئايرىم
ھالدا يېزىپ چىقىش ۋە نەشر قىلىش — يېڭى ئىش. ئۇ،
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىنى دەسلەپكى
قەدەمدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئەدە-
بىيات تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ياخشى باش-
لىنىش بولدى. بىز كىتابنى تۈزۈشتە ئاپتونوم رايونلۇق
مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، رادىيو سىفەن داشۆيىنىڭ
مەسئۇلى يولداش نۇر تېيىپ مۇھىم پىكىرلەرنى بەردى ۋە
بىۋاسىتە غەمخورلۇق قىلدى. كىتابنىڭ يېزىلىشى داۋامىدا
شىنجاڭ داشۆيىنىڭ دوتسېنتلىرى شەرىپىدىن ئۆمەر، ئەخمەت-
بېك قاتارلىق يولداشلار ئىلمىي جەھەتتىن رىياسەتچىلىك
قىلدى. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يۇ-
قىرىقى يولداشلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

كىتاب ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ مۇھىم دەۋرىنى تارىخىي
رىئاللىق بويىچە توغرا، ئىلمىي ۋە قىسقىچە بايان قىلىشقا
ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن كەمچىلىك ۋە
خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر
بىلدۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


1 - لېكسىيە: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسلار .......... 1

2 - لېكسىيە: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىت .......... 33

3 - لېكسىيە: تەجەللى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى .......... 50

4 - لېكسىيە: شائىر ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى .......... 65

5 - لېكسىيە: ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى .......... 81

6 - لېكسىيە: شائىر قۇتلۇق شەۋقى .......... 94

7 - لېكسىيە: يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى .......... 110

8 - لېكسىيە: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى .......... 133

9 - لېكسىيە: مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتىلى توختاجى .......... 165

10 - لېكسىيە: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇش دەۋرى ۋە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشى........................... 183
11 - لېكسىيە: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار
ھاياتى .................................... 200
12 - لېكسىيە: بىلال ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجا-
دىيەت يولى .................................. 242
13 - لېكسىيە: قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئۇنىڭ
ئىجادىيىتى..... ....................... ... ...... ... ... 261
14 - لېكسىيە: نىمشېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيىتى ........................ ... ......... 273
15 - لېكسىيە: شىنجاڭنىڭ 40 - يىللاردىكى
ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالى ............ ........... ... 287
16 - لېكسىيە: زۇنۇن قادىر ۋە ئۇنىڭ ئىجا-
دىيەت يولى ... .................... ... ........... 300
17 - لېكسىيە: ئەنۋەر ناسىرى ... ................. 328
18 - لېكسىيە: نۇربوساقوپ ... .................. ... 336
19 - لېكسىيە: ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى
ئەدەبىيات ... ... ... ... ... ... ....................... 346
20 - لېكسىيە: ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى
ئەدەبىياتتىن نامايەندىلەر ...... ... ........... ... 361

بىرىنچى لېكسىيە

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسلار

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئىنتايىن كەڭ ۋە چىرايلىق بولۇپ، بىر پەسىلدە بىر يەردە لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان قىش مەنزىرىسىنى، يەنە بىر يەردە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، نەغمىچى قۇشلار چاڭىلداپ سايراۋاتقان باھار مەنزىرىسىنى كورىمىز.

بىزنىڭ خەلقىمىز ئەجىل ۋە ئىناق بولۇپ، بىپايان ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قانداق جايىغا بارسىڭىز ياتسىراپ قالمايسىز، قېرىنداشلار سىزنى ھەممە يەردە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولسا، مەملىكەت بويىچە يەر كۆلىمى ئەڭ كۆپ رايوندۇر. ئۇنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان كۇئىنلۇن، ئالتاي، تەڭرى (تيانشان) قاتارلىق مەشھۇر تاغلىرى بار. بۇ تاغلارنىڭ كۈمۈشتەك قار - مۇز بىلەن قاپلانغان چوققىلىرى - تۈگۈمەس - پۈتمەس سۇ مەنبەسىدۇر. جىلغىلاردىن ئۇرغۇپ، شاقىراپ چۈشكەن سۇلار ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تارىم ۋە جۇڭغار تۈزلەڭلىكلىرىگە ھايات بېغىشلايدىغان تارىم، ئىلى، ماناس ۋە يۇرۇڭقاش دەريالىرىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ يەرلىرىنىڭ

كوپلىگى، تۇپرىغىنىڭ مۇنبەتلىگى، ئوت - چوپلىرىنىڭ مولل-
غى - ئورمانچىلىق، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ راۋاج-
لىنىش ئاساسىدۇر. ئۇنىڭ يەر ئۈستىلا شۇنداق كۆركەم ۋە گۈ-
زەل بولۇپ قالماستىن، يەر ئاستىمۇ ئېسىل مەدەنلەرگە
تولغان. ئالتۇنى كۈمۈش، كۆمۈر، تۆمۈر، نېفت، مىس، قە-
لەي، ئۇران قاتارلىق مەدەنلىرى ئۆزىنىڭ كۆركەملىگى ۋە
سۈپىتىنىڭ ياخشىلىغى بىلەن جاھانغا مەشھۇر. بولۇپمۇ ئالتاينىڭ
سېرىق ئالتۇنى، خوتەن قاشتېشىنىڭ داڭقى ئەجداتلىرىمىز يىپەك
يولىدا مىنىپ ماڭغان توگە كولدۇمىسىنىڭ جاراڭلىغان ساداسى
بىلەن پۈتكۈل جاھانغا تارالغان؛ تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى،
قەشقەر ئانارى، غۇلجا ئالمىسى، پىچان قوغۇنى، ئاتۇش ئەنجۈرى
ئۆزىنىڭ شېرىن لەززىتى بىلەن جاھان بازىرىدا داڭ چىقارغان.

شىنجاڭ ئەزەلدىن ئەشۇنداق گۈزەل، بايلىغى مول، تە-
بىئى شەرت - شارائىتى ياخشى بىر جاي بولسىمۇ، لېكىن،
ناھايىتى ئازساننى تەشكىل قىلىدىغان فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ
زۇلمى ۋە ئاچكوزلىگى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە ئۇنىڭدىن
بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى. بۇ بايلىققا چەتئەل
جاھانگىرلىرىنىڭمۇ كوزى چۈشۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە بۇلاڭ-
چىلىق، تالان - تاراج قىلىپ خەلققە ئازارچىلىق بەرمىدى.
جاھانگىرلار، فېئودالارنىڭ سالغان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى دە-
تىدىن شىنجاڭ خەلقى خارلاندى، بوزەك قىلىندى. شۇنىڭ بى-
لەن شىنجاڭنىڭ بۇ بايلىغى، بۇ گۈزەللىگى خەلققە بەخت -
سائادەت، شادىيانىلىق ئېلىپ كېلىش ئورنىغا مىللى ۋە سىنىپى

ۇلۇم ئېلىپ كەلدى، ھەر مىللەت خەلقى ھوقۇقسىزلىقتا
چ - زارلىق، تەڭسىزلىك ئازاۋىدىن ئىنسان چىدىغۇسىز قات-
ىق تۇرمۇش كەچۈردى. تۈن قاراڭغۇلاشقانسىرى يۇلتۇز شۇنچە
ورۇغاندەك، زۇلۇم كۈچەيگەنسىرى غەزەپ ئورلىدى. كۈن ئۆر-
مە سايە قىسقارغاندەك نارازىلىق، قارشىلىق ئۇلغايغانسىرى
وراۋانلارنىڭ ئۆمرى قىسقىرىدى. ئاچ - زارلىق، خورلۇق
ئازاۋى خەلق قولىغا قىساس شەمشىرىنى تۇتقازدى. خۇددى يول-
داش ماۋزېدوڭ ئېيتقاندەك: "پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېخانلار
قۇستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسى
ۋە سىياسىي زۇلمى دېخانلارنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھوكۈم-
رانلىقىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر
قىلدى"① شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا فېوداللىق ئاسارەتكە
قارشى مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن قېتىملىق كۆتۈرۈلۈش، ئىسيان ۋە قوز-
غىلاڭلار خەلقنىڭ ئەنە شۇخىل نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى.

روشەنكى، تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇ ئەسەرلەردىكى پېر-
سوناژ، ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ.
ئەسەردە نامايەن قىلىنغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسى
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئىجتىمائىي قالاق-
لىقتا، دىنىي خۇراپاتلىقتا، قارشى كەيپىيات — خەلقنى ئاقار-
تىش، ئويغۇتۇشتا، نادانلىق ۋە نادامەتكە، زۇلۇم - زۇلپەتكە،
زورلۇق زومبۇلۇقتا قارشى تۇرۇپ، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتقا

① «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 546 - بەت.

ئىنتىلىشتەك روشەن ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن خارەكتېرلەنگەن
يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمۇ بۇ دەۋرنىڭ قەدىمگە ماسلىشىپ،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېودالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ
بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتەك
كەسكىن تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ، چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن خەلق قوشاق-
لىرى ۋە خەلق داستانلىرى مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ
قاتمۇ-قات زۇلمىنى ۋە خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ قەھرىمان-
لىق ئىش ئىزلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى-
نىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئىجتىمائى ھايات-
نىڭ تەلىۋى ۋە دىخانلار ھەركىتىنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە
ئەدەبىياتنىڭ رېئال ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ
زىچلاشقانلىقىنى، پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ زور دەرىجىدە رېئا-
لىزمغا يۈزلەنگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەك. كىلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزدا ئۈزۈندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زامان-
دىن زارلاش، رېئاللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، نارازىلىق بىل-
دۈرۈش كەيپىياتلىرى بۇ دەۋرگە كەلگەن چاغدا، ئىجتىمائى ھايات-
تىكى ئىللەتلەرنى بىۋاستىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى ئاشكا-
را تەنقىت قىلىپ، تەنقىدى رېئالىزىم يولىغا يۈزلەندى.
ئەدەبىياتىمىزدا تەنقىدى رېئالىزمنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇ-
لى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا تاشلان-
غان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ژانىر جە-
ھەتتىن كېڭىيىشىگىمۇ تۈرتكە بولدى. ئەدەبىياتىمىزغا ئىجتىمائى

پاچە ۋە دىخانلار ھەركىتى تېمىسىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەدەبىياتىمىز مەزمۇن جەھەتتىنلا چوڭقۇرلىشىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىغا زور ئىجتىمائى ھادىسىلەرنى ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش زورۇرىيىتى قويۇلدى. بۇ تەلەپ ۋە زورۇرىيەت تەبىئى ھالدا قوشاق ۋە داستان قاتارلىق خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ژانىرلارنىڭ رىۋالىزدىلىق مىتوت سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگى ۋە مىللى شەكلى، مىللى ژانىرى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگىمۇ زور تۈرتكە بولدى. ئەلۋەتتە، مىللى ئالاھىدىلىك ۋە مىللى ئۇسلۇپ ۋاقىت، ماكاندىن ھالىقىغان ئۆزگەرمەس - قاتمال، مۇقىم ئۆرنەك ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىدۇ، تەرەققى قىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ۋە يارىتىلىدۇ. بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگىنىڭ شەكىللىنىشىدە، تۈپ ئاساسىي ھەل قىلغۇچ ئامىل — مەزكۇر مىللەتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش شارائىتى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئۇنى پەرۋىش قىلىشى، چەتئەل ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىمۇ ئىنتتايىن مۇھىم. مىللى ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە مىللى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرىدىغان بۇ خىل "مەنبە" بىلەن "ئېقىن" كام بولسا بولمايدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرىپ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ تۇرىدىغان ئىجتىمائى تۇرمۇش شارا-

ئىشى بىلەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن ئايرىلغان ھالدا، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مەنبەسى پەقەت ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئىزدىلىدىغان بولسا ياكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىشى ئاددىي رەۋىشتە مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ تەكرارلىنىشى ھەمدە ئادەتتىكى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قايتىلىنىشى دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاسانلا ئىدىيالىستىك مېتافىزىكا پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. سىنىپىي كۈرەش، مىللىي كۈرەشلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇستىقۇرۇلمىدىكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئالمىشىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت پېكىر ئېقىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى — ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپلىشىشىغا، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى داستانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى بىلەن تەبىئىي مۇھىتىنىڭ بۇ داستانلارغا چوڭقۇر مىللىي تامغا باسقانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەدەبىيات ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، چەتئەل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. لۇشۈن، مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر - بىرىگە دەخلىسىز بولغان

ئىككى تۇرلۇك يولىنى كورسىتىپ: "چەتئەللەرنىڭ ياخشى قائىدى-
لىرىنى قوللىنىش، جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئەسەرلىرىمىزنى
يەنىمۇ بېيىتىش، بۇ بىر يول، جۇڭگو مىراسلىرىنى تاللاپ
ئېلىپ، يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇپ كەلگۈسىدىكى ئەسەرلىرى-
مىزدە يېڭىچە ئىستىل يارىتىش، يەنە بىر يول"① دىگەن
ئىدى. لۇشۈن ئۆزى مىللى ئۇسلۇبىنى جارى قىلىشنىڭ
نەمۇنىسى، ئۇنىڭ ھىكايىلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دىكى كىشىلەرنىڭ ھىكايە - قىسسىلىرى، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھىكايە - رومانلىرىنىڭ بەدىئىي خىسلىتى
ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوبۇل قىلغان. ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ تەرەققى-
پەرۋەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشتىكى
ئىخچام ئۇسلۇبى بىلەن سوۋېت رۇس ئەدەبىياتىدىكى "ئۆزدەمۇ
شۇنىڭ ئىچىدە كۆيىدىغان" ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۆگەنگەن. ئەدە-
بىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا — بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ مىللى
ئالاھىدىلىكى ۋە مىللى ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى مەزكۇر مىل-
لەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاسا-
سىدا يېڭىلاش ۋە ئىجات قىلىشقا مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى مىللەت ۋە رايون چەكلىمىسىدىن بۇسۇپ چىقىپ، باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن يېڭى قان ۋە پايدىلىق ئوزۇق-
لارنى قوبۇل قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئالغا

---

① «دىياغاچ ئويما خاتىرىلىرى»، گە قىسقىچە كىرىشمە»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 39 - بەت.

ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈزلۈكسىز تۈردە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، دۇنيانىڭ چوڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي يۈزلە-نىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇبى زەئىپلىشىپ يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن بارغانچە قويۇق مۇناسىۋەتتە بو-لۇش جەريانىدا، ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۆز - ئارا ماسلىشىپ، بىر - بىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈم يەتكۈزىدۇ. بۇ ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىدا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولىدۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىي پاچە ۋە دىخانلار ھەرىكىتىنىڭ تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بېيىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىي ئالا-ھىدىلىكى، مىللىي شەكلىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، مۇرەككەپ ۋەقەلەرنى ئەكس ئەت-تۈرۈپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى قويدى. بۇنداق بىر جىددىي تەلەپ ۋە زۆرۈرىيەت تەبىئىي ھالدا قوشاق، داستان ۋە لەتىپە قاتارلىق خەلق ئىجادىدا بىر قەدەر ئاممىۋىلاشقان ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە قوشاقچىلىق ۋە داستانچىلىقىمىز رومانتىك ۋەقەلەر، ئەنئەنىۋى

سەييۇرتىلار تىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، رىال ۋەقەلەر زېمىنىدا خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، 1826-يىللار ئوپچۇرىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان «نوزۇگۇم» داستانىدا مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قەشقەردىكى چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان خەلقنىڭ شىكايىتى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

"زالىم دوۋاڭ ① زار يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى كوپ قاخشاتتى.
ياش دىمىدى ياكى قېرى،
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.

نى يىگىتلەر، سۇلۇن قىزلار،
ئەزگۈ يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.

تۇمەن دەريا② نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نوزۇك③ نەزمە قاتتى."

---

① دوۋاڭ ـ مانجۇ خانى.

② تۈمەن دەريا ـ قەشقەر شەھرىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريانىڭ ئىسمى.

③ نوزۇك ـ داستاننىڭ باش قەھرىمانى نوزۇگۇمنى دېمەكچى.

قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ هوكۇمرانلىرىغا قارشى ئازاتلىق كۈرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مانجۇ خانى دوۋاڭ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەرنى دارغائاستى، زىندانغا تاشلىدى ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنى قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدە كېلىشكەن، يوقسۇل ئائىلىدىن بولغان، دانىشمەن ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇممۇ بار ئىدى. نوزۇگۇمنىڭ مانجۇ مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى، قەشقەر خەلقىنىڭ دىلىنى ئورتەپ كويدۇردى. بەختىسىز سۈرگۈنلەر يۈرەكلىرىدىكى دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئېيتىشىپ، چارىسىز قالغان ئەل - يۇرتى بىلەن ئاخىرقى مەرتىۋە پىغان ئىچىدە خوشلاشتى.

سۈرگۈنلەرنى ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدىن ساقىلى سۈتتەك ئاقارغان، ئازاپ ئىچىدە يۈزى تاتارغان بىر بوۋاي شۇڭقاردەك شۇڭغۇپ چىقىپ، يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋازدا بۇنداق بىر مۇناجات ئوقىدى:

"خوش، گۈل قىزىم نوزۇگۇم،  
يورۇپ تۇرغان يۇلتۇزۇم.  
كۆلپەت چۈشۈپ بېشىڭغا،  
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم.

ئون گۈلنىڭ بىر گۈلى،  
ئېچىلمىغان نوزۇگۇم.

پۇراقلىرى بىر يولى،
چېچىلمىغان نوزۇگۈم.

ئوتقا سالسا كۆيمەستىم،
ئەمدى كۆيۈپ كۈل بولدۇم.
يامغۇر ياققان باغلاردەك،
كۆز يېشىمدا ھول بولدۇم.

دوۋاك دېگەن كاساپەت،
ئۇنىڭدا يوق شاپائەت.
ئاپپاق ساقال يۇلۇندى
يۈرۈگۈم چاك - چاك بولدى.

ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
ئامراق قىزىم نوزۇك ئاي.
ئاناڭدىنمۇ ئايرىلسام،
سېنىڭدىنمۇ ئايرىلسام".

دەپ يېتىم قوزىدەك تەلمۈرۈپ، نوزۇگۈمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. جاللاتلار بوۋاينى مىلتىقنىڭ پەيىنىگى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى ...".

مانا بۇ ئېپىزوتتا فېودال ئىستىبدات ھاكىمىيەتىنىڭ رەھىمسىزلىكى، ئازاپ دېڭىزى ئىچىدىكى بىگۇنا خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

مانجۇ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىرى يالغۇز قەشقەر خەلقىنىلا

ئەمەس، بەلكى ئىلى رايونىدىمۇ خەلققە دەھشەتلىك تۈردە زۇلۇم سالدى. مانجۇ ھەربى ئەمەلدارلىرى تولىمۇ ۋەھشىلىشىپ كەتتى. خەلققە ئېغىر ھاشا، ئالۋاڭ - ياساق سالدى، باتۇر، ئاق كوڭۇل، ئەمگەكچى خەلقنى ھەتتا ھايۋان قاتارىدىمۇ كورمىدى. ئەنە شۇ ئېغىر زۇلۇم بىلەن تولغان تارىخىي شارائىتتا، شۇ دەۋردىكى مانجۇ ئىستىبدات ھوكۇمىتىنىڭ جەۋرى - زۇلۇملىرىغا قارشى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدە مەشھۇر خەلق قەھرىمانى ۋە خەلق قوشاقچىسى سادىر پالۋان كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

سادىر—ئىلى سەرالىرىدىكى ئاددى دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر چىلىقلىرىنى بېشىدىن كەچۇرگەن. ئۇ، پەم - پاراسەتلىك، قەتئى ئىرادىلىك ۋە باتۇر كىشى بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ ئاۋانگارتى ئىدى.

بۇ ھەقتە ئۇ:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،...
قومۇل جانغا پالانغان

دەيدۇ. كېيىنرەك سادىر دىخانلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى مەردانىلىق بىلەن كۈرەشكەن. مانجۇ ئەسكەرلىرى مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ ئورۇنلاشۋالغان بايانداي

كۆرە شەھەر سېپىلىنى ئۇستىلىق بىلەن پارتىلىتىپ، قورغاننىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ جەڭدە غەلىبە قىلغان. كۆپلىگەن شەھەرلەرنى ئازات قىلىپ، 1866 - يىلى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مانجۇ خاندانلىقىغا قارشى ئازاتلىق ئۈچۈن بولغان قوزغىلىڭىدا غەلىبە قازانغان.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاۋۇل رەھبىرى سادىر، خەلق پالۋىنى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى ئىدى. ئۇنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرەش پائالىيەتلىرى ئۆزى توقىغان ناخشا - قوشاقلاردا خاتىرلەنگەن. مەسىلەن:

كورە يولىدا مېڭىپ،
مەپەك سۆندىمۇ شەنگەن؟!
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلىڭ تىندىمۇ شەنگەن؟!

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا؛
مېنى باققان بەش يايى
ئەمدى قالدى بالاغا.

سادىرنىڭ ئېتى قاشقا،
چاپىدۇ شېغىل تاشقا؛
سادىر ئاتىدۇ باشقا،
مانجۇ ئاتىدۇ تاشقا.

چوڭ يولدىن كېتىپ بارسام،
بىر مانجۇ توختاڭ دەيدۇ؛
تۆتۈپ باشقا بىر سالسام،
كېلىڭ ئاتقا مىنىڭ دەيدۇ....

بۇ قوشاقلار كەڭ خەلق ئىچىگە تارىلىپ، بىر دەۋرنىڭ رىال ئەھمىيىتىنى سۆرەتلەپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

خوتەن خەلقىنىڭ مانجۇ ھوكۇمرانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى «ئابدىراخمان خان غۇجا» داستانىدا بايان قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئابدىراخماننىڭ قەيسەر-لىكىنى كورسىتىدىغان ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەتئى ئىرادىسى مۇنداق بايان قىلىنغان:

"غوجا تولغان غەزەپكە
ئوت چاقنىغان كوزلىرى.
خەنجەر ئىدى، ئوق ئىدى،
ئېيتقان ھەر بىر سوزلىرى:

- ئامبالدا يوق دىيانەت
بارچىسىدا خىيانەت.
يۇرتنى تامام قاپلىغان
ۋابا يەڭلىغ جىيانەت.

بىزنىڭ ئەلدە بولمىغاچ
بەركە، بىرلىك، ئىنايەت؛

بېشىمىزغا چۈشۈپتۇ
دەھشەت قىزىل قىيامەت.

خوتەن خاراپ بولۇپتۇر
باغرى قانغا تولۇپتۇر.
ئالدىمىزدا ئىككى يول-
ھايات - مامات تۇرۇپتۇر.

كىم كويۇنسە دىلىدىن
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىگە.
قىلىچىنى ئېپ قىنىدىن
مىنسۇن ئاتنىڭ بېلىگە.

بىلەنسۇن شەمشەر - قىلىچلار
باتۇرلار خاتىر تېشىغا.
ئەجەلدىن قىزىپ چېلىشلار
غەم ياغسۇن ياۋ بېشىغا.

مەيداندا ئاپقان شان بىلەن
تىكلەنسۇن بىرلىك تاغلىرى؛
مەرتلەر توككەن قان بىلەن
يۇيۇلسۇن يۇرتنىڭ داغلىرى.

باش كوتەر خوتەن ئوغلانى
خورەكنى توختات باش كوتەر؛
لەنەتلە ئاتلىق چۈشلەرنى،
لەنەتلە ئۇخلاش بەس يېتەر.

مەرت بولساڭ مەيدانغا چىق
نامەرتلەرگە سۆزۈم يوق.
ئەلنى سۆيمەس نامەرتكە
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئانام ھەقىقى قەسەمىيات،
ئانلاندىم مەن غازاتقا.
يىگىت بولساڭ قىلىچ ئال،
ئېتىڭنى چاپ مەيدانغا."

جەڭگىۋار ۋە يالقۇنلۇق مىسرالاردا زوراۋانلىققا، زۇلۇمغا قارشى چىققان ئىسيانچىلارنىڭ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتى، كۈچلۈك ئىرادىسى، ئۆزىيۇرتىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بولغان ئىنتىلىشى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدا قىلغانلىقى جانلىق ھەم دۇپەسەل تەسۋىرلەنگەن.

خەلق داستانلىرى ۋە ناخشا - قوشاقلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئورۇنلىغان رىئال تارىخىي ماتېرىياللار سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا، بىزنىڭ ئەشۇ دەۋرلەرنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ دەۋر ئىچىدە چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەشكەنلىك پائالىيىتى، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقلىرى «نوزۇگۇم»، «سادىر پەلۋان»، «سېيىت نوچى» ۋە «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» قاتارلىق داستانلاردا،

خەلق قوشاقلىرى ۋە لەتىپىلىرىدە، يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇلغايدى ۋە راۋاجلاندى. ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت، مىللەتنى مۇنقەرىزلىك خەۋپىدىن قۇتقۇزۇش، خەلقنى ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش خارلىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇشتا بىر يېڭى سىنىپنىڭ، ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئۇ چاغدا: "جۇڭگو پرولېتارىياتى تېخى ئاڭلىق، مۇستەقىل كۈچ سۈپىتىدە سىياسى سەھنىگە چىقمىغان ئىدى، ئىنقىلاپقا تېخى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەگەشكۈچىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى".① يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللى بۇرژۇئازىيە تەرەققى قىلىپ زورايدى. سۇڭ جۇڭشەن ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ قاتارلىق بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى جەھەتتە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىكنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە قۇل قىلىشى

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 624 - بەت.

ئارقىسىدا قاتمۇ - قات ئېزىلىشكە ئۇچراپ، كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ ھالسىزلانغان جۇڭگو خەلقى، ئازاپ - ئوقۇبەتكە چىدىماي، ئاخىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ قىلدى. ۋۇچاڭدا چېقىلغان غەلىبە سىگنالى چاقماق تېزلىگىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىخىيىلىك كۈرەشلىرى قوشۇلۇپ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى قاينام - تاشقىنلىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە ئايلاندى.

پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئوت - يالقۇنى يانار تاغ ھالىتىدە تۇرغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور بۇرۇلۇش بولدى، چوڭ - چوڭ تارىخىي خاراكتېرلىق ۋەقەلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. شىنجاڭ يەرلىك ھوكۇمىتى تېخىمۇ تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئالاقزادە بولۇپ، ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ "قوزغىلاڭ قىلغۇچىلار ئىـ

يانكارلار، دەپ قارىلىپ، ئۇلۇمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ"① دەپ جاكالىدى. باستۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى يوقۇتۇش غەرىزىدە بولدى. مۇستەقىل خاقان سۈپىتىدە شىنجاڭنى سوراۋاتقان چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاتامانى يۈەن داخۋا گەرچە باستۇرۇش ۋاستىسى قوللانغان بولسىمۇ، ئىنقىلاپنىڭ يۈز بېرىشىنى توساپ قالالمىدى، ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن جىددىي تەييارلىق ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى ئامما دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. ھالبۇكى ئىنقىلاۋىي كۈچنى ھەرقانچە باستۇرغان بىلەنمۇ يوقۇتۇپ بولمايدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن بىر مۇنچىسى قېچىپ چىقىپ شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىغا بېرىپ، داۋاملىق تۈردە ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى.

"ئىلى ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى" جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، قوزغىلاڭ كوتۇرۇشنى رەسمى قارار قىلدى. نەتىجىدە 1912- يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ تېزلا غەلىبىگە ئېرىشتى. ھەمدە شىنجاڭدا خەنزۇ، مانجۇ، مۇڭغۇل،

---

① جۇڭگۇاڭشىنىڭ «شىنخەي، شىنجاڭدىكى ۋەقەنى تېچلاندۇرۇش خاتىرىسى»، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم، 442 - بەت (خەنزۇچە).

مۇسۇلمان، زاڭزۇ قاتارلىق 5 مىللەتنىڭ ئورتاق ئالغا بې-
سىش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئېلى ۋا-
قىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى—چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئېلىدىكى
ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكالاپ،
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە قوللاپ-
قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئېلى ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
يەنى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىكلەشكەن ھوكۇمىتىنى
ئاغدۇرۇپلا قالماستىن، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى
كۈچلىرىگىمۇ قاتتىق زەربە بەردى. شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ
غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان قۇمۇل خەلقى، ئېلى قوزغىلاڭچىلىرىغا
قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ ھەيۋەت بىلەن تەۋرەندى. 1912-
يىلى 3-ئايدا مەنچىڭ ۋە قۇمۇلۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئەمەل-
دارلىرى قۇراي جىلغىسىغا نامرات خەلقتىن باج سېلىق ئېلىشقا
كېلىپ، ۋاختىدا باج تاپشۇرالمىغان دېھقانلاردىن 10 كى-
شىنى تۇتۇپ، باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدۇ،
بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئىچ
ئاغرىتىپ ۋىغا-زارە قىلىشىدۇ، قۇراي جىلغىسىدا تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن تۆمۈر خەلپە، قېرىنداشلىرىنىڭ ئاھ-زارىغا، قانخور
زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكلىرىگە چىدىماي، شۇ يەرلىك ئاممىنى
ئۇيۇشتۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باشقا
تاغ جىلغىلىرىدىكى خەلقلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئېقىپ، كېلىپ
بۇ سەپكە قوشۇلىدۇ. ھەمدە يۈەن داخۇانىڭ بۇيرىقى بىلەن
ئېلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئېۋەتىلگەن 500 كىشى-

لىك قۇمۇللۇق ئەسكەرلەرنى ئۇزلىرىگە ئەل قىلىپ، ئۇز سېپىنى ئۇلغايتىدۇ.

دەل شۇ مەزگىللەردە كۇچار، بۇگۇر، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى كېلاۋخۇيچىلار ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى جىددى ھەركەتكە كېلىپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئۇلارغا ئاۋاز قوشۇدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا ئىنقىلاپ بورىنى كوتۇرۇلىدۇ. بىر كىشى مۇش كوتەرسە باش-قىلار قوشۇلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، يۈەن داخۋا، ياڭ زېڭشىڭلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت سالىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن خېلى بۇرۇنلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىڭ خاندانلىقىغا قارشى قۇرۇلغان كېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدىمۇ ئۇز پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى كېلاۋخۇيچىلار شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى پائال قاناتيايدۇردى، ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات يۈرگۈزدى. 1911-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەر، بازارلىرىدا تەشكىلات، پارتىيىلەرنىڭ پائالىيىتى باشلاندى. ئۇلار تەشكىلات ئورۇنلىرى قۇرۇپ، ئالاقە پونكىتلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كېلاۋخۇي تەش-

كىلاتى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆز-ئالدىغا قويغان مەقسىدى، يېتەكچى بولغان نىشانى خەلق-نىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئاساس قىلغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ئۇنىڭ پائا-لىيىتىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان سېيىت نوچى، ئۆزىنىڭ گېلاۋ-خۇيچىلار سېپىگە نېمىچۈن قېتىلغانلىقىنى مەمنۇنىيەت ۋە پەخىر-لىنىش ھېسياتى بىلەن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بوزەك قىلما بەگ - غوجاملار
ئاجىز پۇقرانى،
قانداق چىداپ تۇرالايدۇ
سېيىت ۋىجدانى.

ئاگاھ بەردى سېيىت كۆپ رەت
ھوكۇما - بەككە،
نەزەرگە ھېچ ئىلمىغاندا
قېتىلدى سەپكە.

شۇنىڭدەك ئىنقىلاۋى تەشكىلات مۇھىت - شارائىتقا نا-ھايىتى تېز ماسلىشىپ، مىللىي ۋە دىنىي چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئەجنەبىلەرگە، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئاكتىپ تۈردە ئۆز سېپىگە قوبۇل قىلدى. ھەر مىل-لەت خەلقىمۇ بۇ ئىنقىلاۋى تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتى ۋە رەھ-

بەرلىگىدە تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇنى بىز «سېيىت نوچى» داستانىدا بايان قىلىنغان مۇنۇ تەپسىراتتىن كورۇپ ئالالايمىز:

"ئەلقىسسە، ئايلار ئوتتى، يىل ئوتتى. سېيىت ئاخۇن گېلاۋخۇيچىلارغا قېتىلىپ سېيىت گاڭگۇڭ دەپ ئاتالدى. قان شورىغۇچ تىرىكتاپ بايلار، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كوزىگە مىق بولۇپ قادالدى، سېيىت نوچىنىڭ ئۇستىدىن داتلاپ ماتىتەيىنىڭ① ئالدىغا بەگزادىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتى ياغدى.

ئەمدى گەپنى سېيىت نوچىنىڭ ئوزىدىن ئاڭلاڭ:

قارا ساچىم يەلپۇنۇپ
قاشىمغا چۇشتى.
تۇمەن سەۋدا، بالالار
باشىمغا چۇشتى.

بولدى مېنىڭ يولەنچىم
گېلاۋخۇي هاشىم.②

---

① ماتىتەي— 1911- يىلدىن 1923- يىلغىچە قەشقەردە هوكۇمرانلىق قىلغان فاشىست هەربى ئەمەلدار. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مافۇشىڭ.

② هاشىم گېلاۋخۇي— يەكەنلىك ماهىر چامباشچى بولۇپ، ئۇ گېلاۋخۇيغا قاتنىشىپ، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىدا داڭ چىقارغان، ئۇنى كىشىلەر هاشىم گېلاۋخۇي دەپ ئاتىغان.

چامباشلىقنى ئۆگەتتى ئۇ،
جان دوست ئاداشىم.

كېلاۋخۇيغا جەم بولدۇق
دارىنغا قارشى،
خىيانەتچى، پارىخور
زالىمغا قارشى.

بەلنى باغلاپ، يەڭ تۇرۇپ
كۆتەردۇق غەۋغا.
مەيلى دىدۇق بىزنى باغلاپ
ئاسسىمۇ دارغا.

ھەر قەيەردە ئوم بولۇپ،
باشلىدۇق جىدەل؛
ئەل ئاغزىدا داڭقىمىز
بولۇپتۇ غەزەل.

قەشقىردىدە ماتىتەي
يارلىق چۈشۈردى:
سېپىت ئوچىمنى تۇتۇڭلار، دەپ
بۇيرۇق چۈشۈردى.
يوقۇتۇلدى زىنداندا
كېلاۋخۇي ھاشىم.
زۇلۇم، كۈلپەت قايىنمىدا
قىلىپتۇر باشىم.

قەشقەردىمدە كۈن ئالماق
تەس بولدى كەتتىم،
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ
ئاقسۇغا يەتتىم.

قەشقەردىمۇ بەك غېرىپ
غۇرۋانە ئاقسۇ؛
خاراپزارلىق ئۇچىغى
ۋەيرانە ئاقسۇ.

راۋابىمنى ھەمرا قىلىپ
يەتتىم كۇچارغا،
ئالتە چىرىك بىر بولۇپ
ئالدى ئارىغا.

ئالتە چىرىك ئارىسىدا
شۇنچە مۇشلاشتىم،
قارا شەھەر دەرۋازىسىنى
پەشۋادا ئاچتىم.

مەنچىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق زۇلمى ۋە ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئەڭ يۇقۇرى چەككە يېتىپ، چىرىك فېودالىق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، خەلق ئام-مىسىنىڭ سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللى زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپا-

دېمىنى ئاپقان. قاراڭلار: "بە دولەت بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ:

-- مېنىڭ دەۋرىمدە مانا، قوينىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلايدىغان بولدى - دەپ ماختىنىپتۇ.

-- راس ئەيتىلا تەخسىر - دەپتۇ سەلەي چاققان، - ھەزرەتلىرىنىڭ زامانىدا تورغاي ئۇۋۇلاشقا پەقەت قوينىڭ دۇمبىسىلا قالدى."

بۇ قىسقا لەتىپىدە ئېغىر جەۋرى - زۇلۇم ۋە قاتمۇ - قات ئالۋاڭ - ياساقلار دەستىدىن ئەمگەكچى خەلق تىرىكتەك جېنىنى سىغدۇرۇشقا جاي تاپالماي قالغان ياقۇپبەگ ھوكۇمرانلىقى دەرھال كوز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مۇندىن تاشقىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى قويۇق مىللى تۇسكە ئىگە بولىشى، مەزمۇندارلىقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈر ۋە راۋانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات غەزىنىسىنى بېيىتتى.

قەشقەر رايوندا مەيدانغا چىققان، ياڭزېڭشىنىڭ قەشقەرگە دوتەي قىلغان زالىم ئەمەلدار ماتىتەي توغرىسىدىكى

---

ئىزاھ:

مەشھۇر قىزىقچى، لەتىپىچى، خەلق سەنئەتچىسى سەلەي چاققان 1816 - يىلى قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلۇپ، 1906 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھازىر جاۋاپلىق، قىزىقچىلىق، سوزمەنلىك خىسلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوڭلىنى ئېچىپ، قايغۇ - خۇشاللىقىغا سىرداش دوستى بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ لەتىپىلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە.

خەلق قوشاقلىرى شۇ دەۋردىكى سىنىپىي زۇلۇمنىڭ نەقەدەر ئېغىر دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. ماتتەي يەرلىك فېئوداللار ۋە روھانىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خەلققە بولغان كۈلپەت-ئازاپنى ئېغىرلاشتۇردى، ئالۋاڭنى ھېساپسىز دەرىجىدە كۆپەيتتى. مەسىلەن، ئۇ، ئۆزىگە ھەشەمەت-لىك ئوردا سالدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئۈستىدىكى ھاشانى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان، جاوم ياساپ خەلققە زورلاپ ساتقان. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىستىبدات ئەمەلدارلىرىغا بولغان كۈچلۈك نەپرىتى قوزغالغان. ماتتەينىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىت تالىشىش ئويۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ تارىخىي رىاللىق خەلق قوشاقلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

ماتتەي ئاتمىش ياشتا،
كۆۋرۈك سالدى توققۇز تاشتا.
ماتتەينىڭ ئالۋېڭى،
بالا بولدى بۇ باشقا.

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز.
قارا لاينى موم قىلىپ،
كەمبەغەلگە ساتقان تاز.

سوخو يولى قۇمۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.
ئون تورت يىل شە سوراپ،
ماتىتەيدەك بولغان يوق.

ماتىتەي تولۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاشقان.
ئوزىنى يوغان چاغلاپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

1911 - يىلى قومۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلغان دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، بۇ قوزغىلاڭچىلار كوتۈرۈلۈپ چىققاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق ئەسكەر ئەۋەتتى. لېكىن تاغ ئېغىزىدا پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان تومۈرخەلپە قوشۇنلىرى چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ۋە نۇرغۇن قورال - ياراق، ئات - ئۇلاقلارنى غەنىمەت ئېلىپ، ئۆزلىرىنى قوراللاندۇردى. خەلق بۇ ۋەقە ھەققىدە مۇنداق قوشاق قوشقان:

ئۈچ كۆرە بۇغدايغا ئۈن تارتتۇق،
بىر چۈشلۈككە ئاش بولدى.
تومۈر خەلپە دېگەن باتۇر،
ئون ئىككى تاققا باش بولدى.

تاغچى پالىگانلار ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
يەن دارىيىنى ھۆۋلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

يەن دارىيىلار ئاتىدۇ،
تۈرك تېغىنىڭ بېشىغا.
تاغچى پالىگانلار ئاتىدۇ،
چىرىكلەرنىڭ بېشىغا.

بىراق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىغى تومۇر خەلپە 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ياڭزېڭشىڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كوتەرگەن دېھقانلارمۇ پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ. توۋەندىكى قوشاقلار ئەنە شۇ رىئال ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسىدۇر.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تومۇرنى ئېلىپ چىقسا
ھەركۈنىدە سوراق بار.

كوشۇتىنىڭ داۋانىدا
ئات كوسىدا چوغۇلا ؛
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەردى
مەمەت قۇلدەك دوغۇلا.

بۇ مەزگىللەردە تېخى يېڭى سىنىپىي كۈچلەر بولمىغانلىقى، ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان ئىشچىلار پارتىيىلەر مەيدانغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىنىڭ كوتۈرۈلۈشلىرى، دېخانلار ئۇرۇشلىرى، پرولېتارىيات ۋەكومۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ئېرىشەلمەي، ھامان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى. لېكىن خەلقنىڭ ئېلىپ بارغان سىنىپىي كۈرەشلىرى، قوزغىلاڭلىرى ۋە ئۇرۇشلىرى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، جەمىيەتنىڭ قىياپىتىدە ۋە ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئۆزگۈرۈشلەر ۋە يۈكسۈلۈشلەرنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەشلەر، گەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، خەلق ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئىنقىلاپنىلا ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شۇنى كورسىتىشكە بولىدۇكى: ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى 1910- يىلى 3- ئايدا كۈرە شەھىرىنىڭ شىمالىي كوچىسىدا خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت 4 مىللەت تىلىدا چىقىدىغان «ئىلى بەيخۇا گېزىتى»نى نەشر قىلدى. بۇ گېزىت تۇڭمېڭخۇيىنىڭ تەشۋىقات قورالى بولۇپ، شىنجاڭدا پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى بۇرژۇئا گېزىتىدۇر. بونىڭدا ئىنقىلاۋىي ئىدىيەلەرنى تەرغىپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قوزغىلىڭىنى

قوزغىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي تونۇشىنى ئوس-
تۈردى. ئىنقىلاپ ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاپ ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە، سولۇن، ئويرات قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاپقا بولغان ھەمداشلىقى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. 1910 - يىلى يەنە قەشقەر يېڭىسارلىق نۇرھاجى نامىدا «مەتبەئى نۇر» دېگەن تاش مەتبە قۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان كىتاپلار نەشر قىلىندى؛ جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1911 - يىل) دىن تارتىپ ئىلىدا «يېڭى گېزىت» نەشر قىلىنىپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھەرخىل فاكجىن، سىياسەت ۋە ئۇقتۇرۇشلىرى ھەر كۈنلۈكى ئاممىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ تەرەققىياتى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ شۇ جەمئىيەتنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائى ھاياتنىڭ تۈپ ئېگىزىنى ئىنقىلاۋىي رىيالىزىملىق ۋە تەنقىدىي رىيالىزىملىق ئۇسۇل بىلەن بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە كەڭرى ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات يەنە كۈچلۈك ئاممىۋىي ئاساسقا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالىغانلىقى بىلەن ئالدىنقى باسقۇچلاردىكى ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىدىن پەرقلەندى. ئۇ ئاممىنىڭ ئىچىدە كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئاممىنى تەربىيەلەيدىغان كۈچلۈك قورالغا ئايلاندى. بۇ مەزگىللەردە ئەدەبىياتنىڭ تېخى ئاممىۋىلاشمىغان دەۋرى

بولغاچقا، ئەدەبىيات بىلەن ئاممىنى بىر ھالق، بىر سەددە-
چىن سېپىلى ئايرىپ تۇراتتى. ئەمما خەلق تىلى بىلەن
يېزىلىپ، كومپازىتسىيىلىك تۈزۈلمىسى ناھايىتەن ئىخ-
چام بولغان بۇ داستانلار ۋە خەلق قوشاقلىرىدا بولسا، ئې-
زىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭ-زارى، دات-پەريادى،
باتۇرانە كۆرەشلىرى، قەھرىمانلىقلىرى ۋە كەلگۈسىگە
بولغان ئارزۇ-ئارمانلىرى، دەۋر روھى بىلەن زىچ بىرلەش-
تۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەدەبىيات خەلق ئاممى-
سىنىڭ ئەدەبىياتىغا ئايلىنالىغان، خەلق ئاممىسى ئۇلۇق شائىر
ۋە يازغۇچىدۇر. خۇددى ئۇلۇق پرولېتار ئەدەبىيات يازغۇچىسى
ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: "خەلق-ھەممە ماددى بايلىق-
نى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس، ئۇ، روھى بايلىقلارنىڭمۇ بىر-
دىن-بىر ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى، دەۋر جەھەتتى-
مۇ گۈزەللىك ھەم ئىجادى، دانالىقى جەھەتتىدىنمۇ جىمىكى
تىراگېدىيىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىمى جاھان
مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى ياراتقان شائىردۇر."① شۇنداق قى-
لىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى بۇرژۇئا-
دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، يېڭى دېموكرا-
تىك خاراكتېر ئالغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى-
نىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم ئاساسى بولۇپ قالدى.

---

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، شەرق ھە-
قىقەتى نەشرىياتى، تاشكەنت 1957-يىل نەشرى، 75-بەت.

ئىككىنچى لېكسىيە

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى مەيدانىغا كەلگەن تارىخىي شارائىت

1917 - يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، دۇنيادا تۇنجى قېتىم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى ئىشچى - دېھقانلار ھاكىمىيىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا قۇرۇلدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلابى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگونى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، ئۇنىڭ شاتلىق نۇرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولىنى يورۇتتى.

ئوكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىلدە شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان 1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالغان ئىمپېراتور يۈەنشىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ گەرچە شىنجاڭنى ئۆز ئالىقىنىدا تۇتۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن چېگرا رايونلارنى باشقۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ چېگرا رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، دەھشەتلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزىشىگە ئوبدان پۇرسەت بولدى. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىڭ شىنجاڭ-

نىڭ ئارمىيە، ھوكۇمەت، مالىيەدىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇقىنى
قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، فېودال مىللىتارىستلىق ھوكۇمـ
رانلىقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ خەلقى مىللىتاـ
رىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ئېغىر ئازاپ-
ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. ياڭزېڭشىنىڭ خەلقنىڭ ئويغىنىپ ئىسـ
يان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
جاھالەتتە قالدۇرۇپ نادانلاشتۇرۇش، ھەربىلەرنى بولسا
چىرىكلەشتۈرۈش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ، "ئوقۇمىغان ئادەمـ
نى ئاسان باشقۇرغىلى بولىدۇ" دەپ ھىساپلاپ، شىنجاڭ خەلقىـ
نى "كوندۇرمەن ئۇلارنى يۇۋاش، مۆمىن بولۇشقا" دىگەن
نىيەتكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بىپاـ
يان زىمىندا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، قولىدىن
كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، سىياـ
سى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەت، مائارىپ، ھەربى ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى راۋاجلاندۇرماي، بەلكى شىددەت بىلەن ئارقىغا
چېكىندۈرۈۋەتتى. پۈتۈن ھوكۇمەت ئورۇنلىرىدا ئۆزىگە ئىشەنچـ
لىك بولغان يۇرتلۇقلىرى، تۇققانلىرىنى قويدى. ھەر قايسى
ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ئامباللىقىغىمۇ ئۆز يېقىنلىرىنى ئېۋەتـ
تى. بۇ ئامباللار بىر ياقتىن ياڭزېڭشىنىڭ كەينىنى چاپسا،
يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنى زار قاقشىتىپ، باج-خىـ
راجەت يىغىپ، ئۆز كومۇچىگە چوغ تارتىپ، ئۆزىنى قامدىدى
ۋە بېيىتتى. شۇڭا، بۇ دەۋردە پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، قاقـ
تى-سوقتى قىلىش، قۇۋلۇق-شۇملۇق ئىشلىرى يامراپ كەتتى.

ياڭزېڭشىڭ دەۋرىدە قاتناش - نەقلىيات، سودا - سانا-
ئەت، تېببى ئىشلار تەرەققىياتىدىن گەپ ئېچىش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. بۇ دەۋردىكى ماتارىپ ئەھۋالى بولسا، تېخى-
مۇ قالاق ئىدى. چۈنكى ياڭزېڭشىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش
سىياسىتىنى قوللانغاچقا، كىشىلەرنىڭ بىلىملىك بولىشىنى خالى-
مايتتى. رۇسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىدە ئىق-
تىدارلىق ئادەم تېپىلمىغاچقا، ئامالسىز بىر سىياسى - قانۇن
مەكتىۋى تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ پۈتۈن ئۆلكە بويىچە
بىردىن - بىر ئالى بىلىم يۇرتى ھېساپلىناتتى.

ئۇ چاغدىكى دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن جە-
نۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە قۇرۇلغان مەكتەپ-
لەرگە ئوقۇغۇچى تاپقىلىمۇ بولمايتتى. باللارنى ئائىلە باش-
لىقلىرى يەنىي مەكتەپلەرگە ئېۋەتمەيتتى. شۇنداق كۈلكىلىك
ئىشلار يۈز بېرەتتىكى: ياڭزېڭشىڭ ھوكۇمىتى ھەر قايسى يېزى-
لارغا ئوقۇغۇچى چىقىرىپ بېرىشكە ئالۋاڭ سالاتتى. بايلار
ئۆز باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشىنىڭ ئورنىغا كەمبەغەللەرنىڭ
باللىرىنى ياكى ئىگە چاقىسىز يېتىم باللارنى ياللاپ ئېلىپ، ئۆز
بالىسى ئورنىغا تۇتۇپ بېرەتتى. بۇ نېمىدىگەن ئاخماقلىق - ھە؟!

سانائەت تەرەققى تاپمىغاچقا ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ ئاز
بولۇپ، تېخى بىر سىياسى كۈچ سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەن
ئىدى. يېزىلاردا ئاھالىنىڭ 8 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان
پومىششىك، باي دىخانلار تېرىلغۇ يەرنىڭ 80 - 90 پىر-
سەنتىدىن ئارتۇغىنى ئىگەللەپ ياتاتتى. دىخانلار گەرچە يىل

بويى تىنىمسىز ئەمگەك قىلسىمۇ، ئۇچىسى ئىسسىقداك كىيىم، قۇرسىقى تويغىدەك تاماققا ئېرىشەلمەي، ئىشلەپچىقىرىش ئاك-تىپلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىدى. پومېششىك، بايلار يېزى-لاردا ھەر خىل ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلارنى خالىغانچە ئۇرۇش، تىللاش ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشكەن ئىدى، ۋاھالەنكى دېھقانلاردا ھېچقانداق سىياسى ھوقۇق يوق ئىدى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. چارۋا ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، ھەممىنى چارۋىدارلار ئىگەللەپ ئالغان ئىدى. شۇڭا، چارۋىچىلار ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ، مال بېقىش ئۈچۈن يىلبويى تاغلار ئېشىپ، دەريا كېچىپ سۇ بىلەن ئوتلاق قوغلىشىپ كوچۈپ يۈرەتتى. ئور-نىمۇ زادى ئىسسىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چارۋا كېسەللىكلىرى پات - پات تارقىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. چارۋىچىلىقمۇ يېزا ئىگىلىكىگە ئوخشاش كۈندىن - كۈنگە ۋەيران بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

گۈزەل شىنجاڭ گەرچە ياڭ زېڭشىنىڭ مىللىتارىست ھۆكۈ-مىتىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا قامال قىلىنىپ تۇرغان بول-سىمۇ، لېكىن جاھالەت ۋە نادامەتتىن سوقۇلغان بۇ يېگانە سېپىل دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك سەداسىنى—دۇنيا ئىنقىلابچىلىرى جۈملىدىن جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە ئىنقىلابچىلىرى ياڭراتقان ئىنتېرناتسىونالنىڭ ھەيۋەتلىك سادا.

سىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت ئىنقىلابچىلار ۋەتەنپەرۋەرلەر - خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەر-
زەنتلىرىنىڭ ئازاتلىق - ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۈچلۈك ئار-
زۇسىنى ۋە كەسكىن ئەمەلىي كۈرەشلىرىنى باستۇرۇپ قالالمى-
دى. ئەشۇ جاھالەتكە تولغان قاراڭغۇ جەمىيەتتىمۇ باتۇر
پىرومېتېلار① كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنقىلاب مەشئى-
لىنى بۇ جاھىل قورغاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئوكتەبىر
ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىشى بىلەنلا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جاي-
لىرىدا غەلىبىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى ۋە
بۇ ئالەمشۇمۇل غەلىبىگە تەنتەنە قىلىندى. 1918 - يىلى
ئاپرېلدا ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولۇپ، مىڭدىن
ئوشۇق كىشى نامايىش ئوتكۈزۈپ، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ
غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. 4 سائەت ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئام-
مۇي نامايىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر
قالدۇردى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئىلغار ئىدىيە-
لىك كۈچلەرمۇ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، مەرىپەت ئۈگە-
نىش، ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى
ئويغۇتۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئەھۋالدىن ئالاق-
زادە بولۇپ كەتكەن ياڭزېڭشىنىڭ ھوكۇمىتى شىنجاڭنى تېخىمۇ
قاتتىق كونترول قىلىشقا كىرىشتى. ئويغۇنىۋاتقان خەلقنى
ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ تە-

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قاراڭغۇ جاھالەت ئىچىدە قال-
غان خەلققە ئوت ئوغۇرلاپ ئەكېلىپ بەرگەن ئەپسانىۋى قەھرىمان.

سىرىغە ئۇچراتماسلىق، بۇ "ھور باغ"قا ئۇنىڭ تەسىرىنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق شۇملۇقلارنى قىلىپ، جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇردى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى، «4 - ماي» ھەركىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىگە ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشىغا نىسبەتەن "قەتئىي چەكلەش"، "جايوگۈەننى ئىشتۇۋېلىپ ئۆزىنى قوغداش" تەدبىرىنى قوللاندى. ئۇ جايۇگۈەننى ئىشتۇۋېلىپ شىنجاڭنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى "ھور باغ"قا ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ، "تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىدىغانلارنى مەيلى جۇڭگولۇق ياكى رۇسىيىلىك بولسۇن، بىردەك جازالاش كېرەك" دەپ ئېلان چىقاردى. ئۇ، ماركسىزم لېنىنىزم "كىشىنى ئاسان ئېزىقتۇرىدۇ، ئۇنى رۇسىيە ۋە جۇڭگو كىراۋدانلىرى ئىچىدە قاتتىق چەكلەش كېرەك"- دىدى. قاتتىق چەكلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىت - ژورناللارغا مۇشتىرى بولۇشنى توختىتىۋەتتى. ھەمدە ياڭزېڭشىن ئۆزى ماقالە يېزىپ "گېزىت - ژورناللارنىڭ تارقىلىشى كىشىنى ئاسان يولدىن ئازدۇرىدۇ، پوچتىدا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدە يوچۇق بولماسلىقى كېرەك"، دەپ تەكىتلىدى.

ياڭزېڭشىننىڭ مانا مۇشۇنداق مۇستەبىتلىك سىياسىتىنىڭ كاساپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن تەنتەنىلىك ئىنقىلاۋى دولقۇن

بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت ھەركىتى ۋە ئەدەبىيات ئىنقىـ لاۋىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقى، ئۇشۇ مەز- گىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات تارىخىمۇ تولدۇرغۇسىز ۋە ئېچىنىشلىق چوڭ زىيان سالدى. بۇ يەردە ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى، «4- ماي» ھەركىتىنىڭ نەتىجىسىدە، راسا داغدۇغىلىق ۋە ھەيۋەتلىك ئىنقىلاۋى دولقۇنلار كۆتۈرۈلمىدى، سان - ساناقسىز مەردانە ياشلار ئالەمنى زىل- زىلىگە سېلىپ، تەرەپ - تەرەپتە ئىسيان كۆتۈرۈپ، چوقان سېلىپ، ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە قارشى، جاھالەتلىك تۈزۈمگە قارشى ناما- يىش قىلىپ، مەدەنى - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەش- ۋىقات ساھەلىرى بويىچە چوڭ داغدۇغا قوزغىيالمىدى. بولۇپمۇ، ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەرغىباتىنىڭ قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ قاتتىق چەكلەنگەنلىكى، شۇنىڭ- دەك ئەمدىلا مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك ئەدەبى- ياتنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئۇلغايتىدىغان ۋە ئۇنى ئالغا - غەلىبىدىن - غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان بىرەرمۇ ئوپۇزلۇق نەشر- ئەپكارنىڭ بولمىغانلىقى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ باشلىنىشىنى ئىنتايىن دۇشكۇل بىر مۇھىت ئى- چىدە قالدۇردى. ئۇنى ئېغىر سىناققا دۇچ كەلتۈردى. شىن- جاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ياڭ زېڭشىنىڭ

گەرچە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاش-
لىغان، مۇناسىۋەت قىلىشنى قەتئى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئىچكىرىدە كۆتۈرۈلگەن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى، «4- ماي»
يېڭى دېموكراتىك ھەركىتى، شىنجاڭدا يېڭى ئىدىيە، يېڭى
مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئەدەبىياتنىڭ بىخ يېرىپ چىقىشىغا يەنىلا
ئوزتەسىرىنى كورسەتمەي قالمىدى. بىر تۈركۈم ئازسانلىق مىللەت
زىيالىلىرى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئىچكىرى بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە
ئىچكى ئولكىلەرگە بېرىپ بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى.
«4- ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى ئەۋج ئالغان دەۋردە چىققان
ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر خىل گېزىت-ژورنال-
لار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بۇ "چەكلەنگەن رايون" شىنجاڭغا
ئېلىپ كىردى. شۇنىڭدەك خەۋپ-خەتەرلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ
پىداكارلىق روھ بىلەن تەشۋىق قىلدى، تەسىر دائىرىسىنى
كېڭەيتتى. ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرىنىڭ قەلبىگە بۇ ئوتنى
تۇتاشتۇردى. ياش ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ
زاماننداشلىرى، ئۇنىڭ ئۆيىدە «4 - ماي» دەۋرىدە چىققان
كىتاپ- ژورناللارنىڭ بارلىغىنى، ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ بۇ
خىل كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىنى ياشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى
ھىكايە قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئە-
دەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى لۇشۇننىڭ «ئا Q نىڭ رەسمى تەرجىمە-
ھالى» دىگەن مەشھور پوۋىستىنىمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە
قىلىشقا كىرىشكەنلىكى مەلۇم.

«4 - ماي» ھەركىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە جۇڭگو

كوممۇنىستلىرىنىڭ قىيىن مۇھىتلار ئىچىدىمۇ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە قاتتىق قامالنى بۆسۈپ چىقتى، قاتمۇ-قات خەۋپ-خەتەرلەرنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئەشۇنداق بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە كىشىنىگەن تۇلپاردەك، جاھالەت ئۈستىدىن، سوغۇق مۇھىت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، خەلقىنىڭ ئىجاتلىقتا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، رۇسىيە-جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىز شەرتنامىلار بىكار قىلىنىپ، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى، سودا ئالاقىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا-سانائەتنى گۈللەندۈرۈپ، بازارلىرىنى ئاۋات قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز-ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. 20-يىللاردىن بۇرۇنلا رۇس يازغۇچىلىرىدىن پۇشكىن، تولستوي، پرولېتارىيات يازغۇچىلىرىدىن ماكسىم گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىدى. 20-يىللاردا سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، تاجىك يازغۇچىسى سەدرىدىن ئەينىنىڭ «قۇللار» رومانى، تاتار شائىرى

هادى تاختاشنىڭ ۋە ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلار توپلاملىرى، خۇرشىد رەشىدىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق پيېسىسى، پېترەتنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى تارقىلىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۆيۈنۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىۋ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىكى كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى بولدى.

ئۇنىڭدىن سىرت دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى ئەللەردە دېموكراتىك مەدەنىيەت ھەركىتى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيىنىڭ دېموكراتىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى جەھەتلەردىكە سىڭىپ كىرىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. سودا - سانائەت جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ سىڭىپ كىرىشى كۈچەيتتى. بۇ دۆلەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بانكا، سودا سارىيى ۋە ھەر خىل دىن تارقىتىش ئورۇنلىرىنى قۇردى. شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ سانائەت ماللىرىنى ساتىدىغان بازىرىغا، خام ئەشيا يىغىۋالىدىغان بازىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇشتى. ياڭ زېڭشىڭ گەرچە شىنجاڭنىڭ مىللى سانائىتىنى خاراپ قىلسىمۇ، مەدەنىيەت جەھەت-

تىن تاجاۋۇز قىلىپ كىشىلەرنىڭ روھىنى زەھەرلىمەي، ئۆزىگە ئەپ تېگىشىدىغان مۇنداق مەنپەئەتلىك تىجارەتكە يول قويۇپ، باي بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سودا مۇناسىۋىتىدە قەدىمى يېپەك يولىنىڭ داۋاملىق ئېچىلىشى، ئەرەب ئەللىرىدە بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلىرىنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا شەرق، مىسىر، تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپەيدى.

تۈركىيىدە 1896 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتىزىم) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا كۈچلۈك تەسىرىنى كۆرسەتتى. جەدىت سۆزى - يېڭىلىق، يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، جەدىتىزىمنىڭ ئاساسى روھى، ئىلىم - پەن بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. خۇددى جۇڭگودا گۇڭ زىجېن، لىن زېشۈي قاتارلىق پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەرىپەتچىلىرى ئىسلاھات جۇدۇنلىرىنى چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان قەتئىي قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەندەك؛ كاڭ يۇۋېي كۆڭزى نامىدىن تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جىڭتۇڭ (فېودال پاتىرىئارخاللىق) مەدەنىيەتكە مەلۇم دەرىجىدە زەربە بەرگەندەك؛ خۇشى قاتارلىق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى چەت-

ئەلگە تەخلىت قىلىشنى قوۋۋەتلەپ، غەرپلەشىشنى تەرغىپ قىلغاندەك؛ جەدىتىزىم ئىسلاھاتچىلىقنى ئارقىلىق بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. جەدىتىزىم گەرچە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ پىكىر ئېقىمى بولسىمۇ، لېكىن فېئودال جاھالەتكە، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتىزىم كەڭ تەرغىپ قىلىنىپ «ئەل ئەسرىل جەدىت» قاتارلىق مەخسۇس جەدىتىزىمنى تەرغىپ قىلىدىغان ژورناللار نەشر قىلىنغان ئىدى.

شىنجاڭدا بولسا، بىر تۈركۈم زىيالىلار جەدىتىزىمنى ياڭزېڭشىنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال روھانىيلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ھەم يېڭىلىققا كۈچۈشنىڭ قورالى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن مەدرىسىلەردە دەرس مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى. ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ كەڭ تارقىلىشى، فېئودال مىلىتارىست ياڭزېڭشىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇ، يەنە ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان گېزىت - ژورناللارنى پېچەتلىدى، مەتبۇئاتلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ياڭزېڭشىنىڭ تەدبىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئائىت كىتاپلارنى بېسىپ، يېڭى «روھى ئەپيۇن» بىلەن خەلقنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇندى. قېلىچتىن قان تامچىپ تۇرغان يىللاردا ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى، شائىرلار،

يازغۇچىلار، ئەلنەغمىچىلەر، خەلق قوشاقچىلىرى قوزغۇلۇپ، فېودال مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئوتەشكە باشلىدى. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللاباش-چىلىغىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار قەھرىمانلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرغا چىقىپ، مىللىغان كىشىنى ئويغۇتتۇرۇپ، ئۇي-غۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ، يېڭى مەدەنىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە تارقىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان شۇۋىتلارنىڭ گېزىت - ژورنالىرىنى كويدۇرۇپ تاشلاپ، جاهانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق هەركەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مانا بۇ جاهانگىرلىككە قارشى ئەڭ دەسلەپكى دېموكراتىك خاراكتېر ئالغان هەركەتتۇر. شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتتا ياڭزېڭشىڭ ۋەكىللىكىدىكى فېودال هو-كۈمرانلاردىن دىنى مۇتەئەسسىپلەرنى پاش قىلىپ، ئەدەبىيا-تىمىزنىڭ دېموكراتىك خەلقچىلىق ئىدىيەسىنى يېڭى يۇنۇ-لۇشكە قاراپ راۋاجلاندۇردى. ئەدەبىيات يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسى خاھىشىنى نامايان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىناقلىق، بىرلىك، مىللى بارا-ۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئىلىم مەرىپەتنى تەرغىپ قىلىپ، خۇ-راپاتلىق، نادانلىق ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈك زالىملىق، تەڭ-سىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى كەسكىن هالدا كۈرەش قىلىدىغان، ئالغا بېسىشنى، ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققى قىلىشنى،

تەرەققى تاپقان ئەللەر خەلقلىرىدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك ئىدىيە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل ئىلغار ئىنقىلاۋى ئىدىيە ھەر قاي-سى جايلاردىكى شائىر يازغۇچىلارنىڭ ئىجات قىلغان ئەسەر-لىرىدە ئورتاق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئورتاق ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇ خىل، دېموكراتىك ئىدىيە بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، شىنجاڭدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ كەڭ تارقىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تارىخي تەرەققىياتنىڭ ئو-مۇمى يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدە-بىياتىنىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ، كۈرەش ئىچىدە ھەر خىل كاشىلا، توسقۇنلۇقلارنى، خەۋپ - خەتەرلىك ئۆتكەللەرنى بۇسۇپ ئىلگىرىلىدى ۋە ئالغا باستى.

ئەدەبىيات — ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىپچىكلەشكەن ئىنكاسى ۋە نۇرلۇق جاھاننامىسى. ئۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋردىكى سىياسى، ئىجتىمائى ۋەقەلىرىنى شۇ دەۋر-دىكى سىنىپى كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ھەمدە ئىلىم-پەن تەجرىبىلىرى ۋە تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەتقىق قىلىنىغان ھەر قانداق مىللەت ئەدەبىيات تارىخىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى: ھەر قاي-سى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيا-

تىدىكى تارىخىي ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈز-
لۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، بېيىپ كەلگەن. يەنى ئۇ، ئۇزۇن
تارىخىي دەۋرلەر مابەينىدە خەلقنىڭ بىر پۈتۈن مەنىۋى
مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز كىلا-
سسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر
نەتىجىسىدۇر. ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەت ئۆزى-
نىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن،
ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر
ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان، يارىدىمى تېگىدىغان
تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ ئاساستا ئۆز مەزمۇنىنى ۋە
شەكلىنى بېيىتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىياتلىرى-
مىزمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ
ئىلغارلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ «4 - ماي» ھەر-
كىتى مەزگىلىدە روسىيە ئىلغار دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋە
سوۋېت ئەدەبىياتىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشنى يېڭى مەدەنىيەت
ھەركىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ قويغان
ئىدى. ئۇلار ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى مىللەتنى ئازات قىلى-
شنىڭ يېڭى ئۈمىدى دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇنى تەرەپ-
تەرەپلەپ ئۈگەندى، تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنى تونۇشتۇردى.
جۈملىدىن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىلغار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ
رۇس ئەدەبىياتى، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن

تونۇشۇش، ئۇنى ئۆگىنىش، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىنىڭ يېڭى مېۋىسى. ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ھەم چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن تەركىۋىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا راۋاجلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ قەدىمگە ماسلىشىپ، دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ رېئال تېمىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەۋر روھىنى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت كەسكىن تەلەپلىرىنى كۈچلۈك تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. لېنىن: "پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقانداق نامەلۇم جايلاردىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا، ئۆزلىرىنى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىنلا ئويلاپ چىقىرىلغان نەرسىمۇ ئەمەس. شۇنداق دەپ ھېساپلاش پۈتۈنلەي خاتا. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتى، فېئودالىزم جەمئىيىتى ۋە تۈرلەر جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا يارىتىپ چىققان پۈتۈن بىلىم زاپاسلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك" ①

① لېنىن: «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى»

دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. "فېئودالىزم جەمىيىتى ۋە تۈرلەر جەمىيىتى"نىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى ئاستىدا يارالغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمۇ راۋاجلىنىپ، ئالدىنقى دەۋردىكى ئەجداتلار ئورۇنلىيالمىغان ۋە ئورۇنلىيالىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، يېڭى زامان ئەدەبىياتى بولۇپ قالدى. تەرەققىپەرۋەر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن، بۇ نامايەندىلەر خەلقىمىزنىڭ شۇ دەۋردە ئېلىپ بارغان سىياسىي كۆرەشلىرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماي، بەلكى ئىدىيە، مەزمۇن ۋە ئەدەبىيات شەكلى، تېماتىكىسىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ روشەنلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بېيىتتى.

يۇقۇردا «4 - ماي» ھەركىتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەزىيەت تارىخى شارائىت ۋە بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمى قىياپىتى، ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە مانا شۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە، بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن، جامائەت ئىچىدە تەسىرى كەڭرەك بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

### ئۈچىنچى لېكسىيە

# تەجەللى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرى ئەسەرلىرى بىلەن ئەسىرىمىز-نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كەڭ ھاياتىنىڭ ھەرخىل تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن تەجەللى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى نامايەندىلەرنىڭ بىرىدۇر.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەلگەندە، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىر مۇنچىلىغان مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يېڭى ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن باغلاندى. ئەنە شۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرغان، ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەدىپلەرنىڭ بىرسى ھۈسەيىنخان تەجەللىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى ۋاقىت جەھەتتىن ھەم دەۋر جەھەتتىن كونا زامان كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بىلەن يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى بىر كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغانلىقى بى-

لەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

تەجەللى، شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى قۇببىدىن شاھ ئوغلى ھۇسەيىن ئىدى. ئىرىك شائىر تەجەللى 1850 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن. ئۇ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دەسلەپ ئائىلىسىدە دادىسىدىن تەلىم ئالغان. مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تەجەللىنىڭ ئىجتىھادى، ئىرىشچانلىقىغا قايىل بولغان ھۇسەيىن ئوغلىنى داۋاملىق ئوقۇتۇش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇ نىيەتتە تەجەللىنى ھىن- دىستانغا ئېلىپ بېرىپ، مەشھۇر دېھلى مەدرىسىدە ھىندىچە ئوقۇتقان. تەجەللى بۇ جايدا بىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھىندى تىلىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەپ، پارس تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىپ، ئوقۇشنى ياخشى نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن. ئۇ، يەنە تىببىي ۋە خىمىيە پەنلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دېھلى، كابۇل قاتارلىق شەھەرلەردە خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىشلىگەن. شۇ مەزگىللەردىلا ئىجتىمائىي ھا- ياتنى ئۆتكۈر كۆز بىلەن ھەر تەرەپتىن كۆزىتىپ، بەختىيار، باياشات ياشاۋاتقانلارنى، خارۇ - زارلىقتا نادامەت چېكىۋاتقانلارنى كوردى. توقلۇقتىن شوخلۇق بىلەن قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگەنلەرنىڭ، ئاچلىق ئازاۋىدىن زار - زار يىغلىغان- لارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى.

يازغۇچى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مول مەدە- نىيەت ۋە تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشى، ئۆتكۈر كۆزىتىش ۋە ھوكۈم

قىلىش ئىقتىدارى ھەمدە كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىشى كېرەك. شۇنداقلا ئوبرازشەكلى ئارقىلىق ئوزىنىڭ تۇرمۇشتا بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەش، يەنى "ھەقىقەتنى ئوبرازلاشتۇرۇش" قابىلىيىتىگە ئىگە بولىشى كېرەك. مانا بۇ خىل تەربىيە ئەدىبىنىڭ بىر قەدەر يۇقۇرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

ماكسىم گوركى ئەينى ۋاقىتتا، ئوزلىرىنى تەربىيەلىگەن ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان يازغۇچىلار "ھەممىنى ئۆگىنىشى كېرەك".① "ئەگەر ھەممىنى بىلىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىمكان قەدەر كوپرەك بىلىش كېرەك"② دىگەن ئىدى. ئۇ، قانداق قىلىپ يېزىشنى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىغىنى ھەققىدە سورالغان سوئالغا قىسقىچە قىلىپ: "كوپرەك كىتاپ ئوقۇش كېرەك. سىلەردىن كىمكى شۇ يولنى، يەنى يازغۇچىلىق يولىنى تاللىغان ئىكەن، ئۇ، ھەممىدىن ئاۋال

---

① ماركسىم گوركى: «ياش يازغۇچىلار بىلەن سوھبەت» «ئەدەبىيات توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى، 341 - بەت.

② «پۈتۈن سوۋېت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتى ئىشچىلار تەھرىر ھەيئىتى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر توغرىسىدا زەربىدار يازغۇچىلار بىلەن سوھبەت» «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 293 - بەت.

ئەدەبىياتىنى، ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە تىپلارنى يارىتىش نارىخىنى تەتقىق قىلىش كېرەك"① دېگەن ئىدى. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى يازغۇچى ئۈچۈن ئادەتتىكى تۇرمۇش بىلىملىرى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ مول مەدەنىيەت، تارىخ بىلىملىرىگە ۋە قەدىمقى زامان، هازىرقى زامان تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولىشى كېرەك. ئۆز مەملىكىتى ئەدەبىياتىنى ۋە چەتئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىشى كېرەك. تەجەللى بۇ ئۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ، ئەتراپلىق كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ جەمىيەتنىڭ تەڭسىزلىكى، ئادالەتسىزلىكىنى هېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، هەسسىيات جەهەتتىن پەقىرلەر، غېرىپ-غۇرۋالار، مىڭلىغان مىليونلىغان ئەركىنلىك، ئازادلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى. ئىجتىمائى تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيانكارلار ياڭراتقان غەزەپ - نەپرەت سادالىرىغا هەمدەم بولدى. بۇنداق دۇنيا قاراش - تەجەللىنىڭ رېئالىست شائىر بولۇپ يېتىلىشىدە هەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك شائىر يەنە دۇنيا كىلاسسىكلىرىنى تەتقىق قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئۆگەندى، شەرق ئەدەبىياتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ چوڭقۇر تونۇشتى. باي مىراسلىرىمىزنى، خەلق فولكلورىنى ئىجتىهات بىلەن ئۆگەندى. كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ يۇرتى قاغىلىقتا تىۋىپلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ مىللى تىبابەتچىلىكىمىزگە قوشقان تۆهپىسىمۇ زور بولدى.

① «كالتە پەملىك ۋە يىراقنى كورەلىك توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 81-بەت.

شائىر تەجەللى ئەدەبىياتقا كىچىكىدىنلا ھەۋەس باغلىغان
ئىدى. شۇ ھەۋەس بىلەن ھىندىستاندا ھەر خىل مىللەت تىللىرىنى
ئۆگىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ خىلمۇ - خىل تارماقلىرى ئۈستىدە
ئىزدەندى. ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئەشۇ تىللار بىلەن نۇر-
غۇنلىغان قەسىدە ۋە لىرىك شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ تۆت
خىل تىل بىلەن يازغان شېئىرلار توپلىمى «بەرق تەجەللى
ۋە سەبەق تەجەللى» 1899 - يىلى قەشقەردە تاش مەتبەئەدە
بېسىلدى. بۇ دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئۇيغۇرچە، تۈركچە
ئەرەبچە، پارسچە تىللاردا يېزىلغان بولۇپ، مەرسىيە، تارىخىي
ۋەقەلەر، تەجەللىنىڭ ئۆز دوستلىرىغا يازغان خەتلىرى قاتارلىقلار-
دىن ئىبارەت. دىۋان ئەينى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ھەر قاي-
سى جايلىرىدىكى مەدرىسلەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك تىل -
ئەدەبىيات دەرسى قىلىپ ئوقۇلغان؛ ئۇنىڭ يەنە «دىۋانچە
تەجەللى» ناملىق مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى بولغارىيە نەشرى-
ياتىدا ئۇيغۇرچە بېسىلغان؛ يەنە بەزى شېئىرلىرى بولسا
تاشكەنتتە، «باياز» لاردا بېسىلغان. ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇر-
غۇپ تۇرغان بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچكەن تەجەللى شېئىرلىرى،
خەلق ئەدەبىياتىغا ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، ئەل ئىچىگە كەڭ
تارىلىپ، تا ھازىرغىچە قەدىرلەنمەكتە. تالانتلىق شائىر تەجەل-
لى 1930 - يىلى ئۆز يۇرتى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان ۋە
ئۆزى ياشىغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى كانىكى يېزىسىغا
دەپنە قىلىنغان.

تەجەللىنىڭ غەزەللىرى چوڭقۇر پىكىر ۋە بەكمۇ چىراي-

لىق بەدىئىي ئىپادىگە ئىگە بولۇپ، ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئەرەپ، پارس، ھىندى تىللىرىدا يازغان ئەسەرلىرىمۇ شۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا خاس بولغان ئاجايىپ گۈزەل ئۈلگىلەرنى ياراتقان. شائىر بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدە نامراتلارغا، ئېزىلىۋاتقان، خار - زارلىقتا قالغانلارغا چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلدى؛ ئالىجاناپ ئىنسانى پەزىلەتلەرنى، ساداقەت، سەمىمىيەتنى، چىن مۇھەببەتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيىلىدى؛ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، زالىملىقنى ساتىرا قامچىسى بىلەن رەھىمسىز تۈردە قامچىلاپ نەپرەت بىلدۈردى؛ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە بەختىيارلىقنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا، مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ئەركىنلىك، ئازاتلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ قەھرىمانلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنى مەزمۇن ۋە تېما جەھەتتىن بېيىتتى، يۈكسەلدۈردى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى ھاياتىدا يۈز بەرگەن بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر، مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەركەتلىرى ۋە دېموكراتىك ئىسلاھاتلارغا بولغان تەلەپلەر، ئەدەبىياتتىمۇ يېڭىچە ئۆزگىرىش ياساش ئېھتىياجىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق ئېھتىياج ۋە تەلەپ نەتىجىسىدە ئەدەبىياتىمىزدىكى رېئاللىزملىق تېندېنسىيىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى

بىۋاستە مۇناسىۋەت ئىچىدە قويۇقلاشتى. بۇلار ئەدەبىياتىمىز
تەرەققىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر يېڭى يۈزلىنىش ئىدى.
بۇنداق يېڭى يۈزلىنىش ئەدەبىياتىمىزنى بىر يېڭى باسقۇچقا
يەنى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باسقۇچىغا كۆتەر-
دى. ئەمما دېموكراتىك مەزمۇن ئالغان ئەدەبىياتنى
يارىتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇ، ئەشۇ ئادالەتسىزلىك تو-
زۇم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە قاتتىق قارشى-
لىق، توسالغۇ ۋە كاشىلىلارغا دۇچ كېلەتتى. شۇ تۈپەيلىدىن مۇ-
تەئەسسىپ روھانىلار ۋە ھەسەتخور جاھىل ئۇنسۇرلار، تەجەللى ھا-
يات چېغىدىلا ئۇنى كۆرەلمەي، سۇيىقەست قىلىپ، كۈتۈپخا-
نىسىگە ئوت قويۇپ بېرىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىدى. خەلق ئىچى-
دە تەجەللىنىڭ كۆپ ئەسەر يازغانلىقى ۋە ئەسەرلىرى
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغانلىقى ھەققىدە
ئەپسانىلىش ۋە ئېيتىشلار ئاڭلىنىپ كەلمەكتە.

تەجەللىنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن، دوس-
تى نەزەر بەككە بېغىشلانغان قەسىدىسىدە، ئۆزىنىڭ شۇ دەۋر-
گە بولغان قاتتىق نارازىلىقى، ئازاپ - ئوقۇبەتلىك كۈنلىرى
بايان قىلىنغان، كەلگۈسىدىكى ھۆرلۈك، سائادەتلىك كۈنلەرگە
بېقارارلىق بىلەن تەلپۈنىشى، گۈزەل ئىقبالغا بولغان ئىشەن-
چى ۋە جىددى تەشنالىقى قارا رەڭنىڭ ھەر خىل تەرەپ-
لىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قەسىدىدە يالغۇز شائىرنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىلا
ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ قالماي، بەلكى بۇنى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ

جەمىيەتتە خارلىق، ئازاپ - ئوقۇبەت تارتىۋاتقان خەلقىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمانى، شۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇنى شائىر ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدا كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئالەمى - پارلاق كەلگۈسىنى گۈزەل يارنىڭ مۇبارەك ساھىپ جامالىغا سىمۋول قىلغان، نۇرغا سېلىشتۇرما قىلغان، رىال ئىجتىمائى جەمىيەتنى بولسا "قارا" ياكى "قاراڭغۇ"غا ئوخشاتقان. شائىر ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىرادىسى، قەيسەرلىكى ۋە مەردانىلىقىنى ھەر خىل ئوخشۇتۇشلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردىكى "مەن" ئەلۋەتتە بىر پۈتۈن جەمىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكنى گۇمران قىلىپ، ئادالەتلىك تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. مانا مۇشۇ جەرياندا شائىر تەپەككۇر دېڭىزىدىن جەۋھەر قېزىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى، گۈزەل تىللار غەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. قەسىدىنىڭ دەسلەۋىدىلا تاڭ ئېتىپ كۈن چىققانلىقىنى كۈچلۈك ھېسسىيات، ئوبرازلىق تەپەككۇردىن چىرايلىق مىسرالارنى ياساپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەسلىسى:

1. بولدى چۈن زەررىدىن ھەۋاسۇبھە ئاقىلىقىن نۇرى بار،
قىلدى، ئالەم ئەرسەسىدىن قاراتۈن فەۋجى فىرار،

يەشمىسى:

(سۈبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى،
ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى - قاچتى.)

ئەسلىسى:

2. كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلەسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار - تار.

يەشمىسى:

(قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى
قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال - تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.)

ئەسلىسى:

3. چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ -
يۇپ يۈزىدىن قارەسىن كوز گۇدەك ئەتتى ئابدار.

يەشمىسى:

( قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى
(قاراڭغۇنى) يۇيۇپ، سۈپ - سۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى.)

ئاندىن شائىر شەپەرەڭنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، شەپەرەڭنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى يورۇقتىن قورقۇش، كۈندۈزدىن كورە قاراڭغۇ كېچىدە ئەتراپنى ۋە نەرسىلەرنى ئېنىق كورۇش، ۋاھالەنكى شائىر، شەپەرەڭلەرگە قاراڭغۇ كې- چىدىمۇ يورۇق كورۈنىدىغان ئالەم، مېنىڭ كوزۈمگە قاراڭغۇ كو-

رىدۇ، دەپ ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، زورلۇق - زومبۇ-
لۇق، زۇلۇم قاپلاپ كېتىپ، خەلقنىڭ نادامەت-
تە، نادانلىقتا قالغانلىقىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر
بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ ۋىسال بالاسىغا دۇچار بولغانلىقىد-
دىن كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە رىيالىست شائىرنىڭ ئوپتىمىس-
تىك كۆز قارىشى رىيال ئىجتىمائىيلىقتىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ
كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ھەق - ناھەق، زۇلمەت ۋە يورۇقلۇق
ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى يارقىن ئىدى. شۇڭلاشقا شائىر زا-
مانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك دېموكراتلىرىغا ۋاكالىتەن كەل-
گۈسىدىكى گۈزەل كۈنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، بۇ جەمئىيەت
ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۆرۈنۈشى ھېچقانداق ئە-
جەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

تەجەللى غەزەللىرىنىڭ بىرىنچىسىدە ① شائىر ئۆزى-
نى ۋىسال ئىشقىدا تەشنا بولۇپ يۈرگەن مەيخورغا، رەقىپ-
لىرىنى بولسا تەقۋادار شەيخقە، ئادالەتلىك ئۈچۈن كۈرەش-
كۈچىنى ئولتۇرەكچى بولغان قىلىچىنى بولسا يېڭى چىققان
ئايغا ئوخشۇتۇپ، رەقىبىنىڭ قۇربان بولىشىنى بايرام ھېس
قىلىپ تەبرىكلەيدۇ. شائىر كىشىلەرگە تەقۋادارلاردىن

---

① بۇ يەردە، يولداش ئابدىرىشىت ئىسلام تەرىپى-
دىن نەشرىگە تەييارلانغان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980
يىلى نەشر قىلغان، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇ-
نىلەر» دېگەن كىتابقا ئېلىنغان تەجەللى غەزەللىرى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

بولماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1. تىغى ھىلالە ئوخشار ئى دىل ساڭا مۇبارەك،
ئەيدى شاھادەتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.
(سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قىلىچ يېڭى چىققان ئايغا
ئوخشايدۇ، ئەي دىل ساڭا اۇبارەك بولسۇن،
شەھىد(قۇربان)بولۇش بايرىمىڭنى تەڭرى مۇبارەك قىلسۇن.)

2. سەن شەيخ زۇھد شىۋە، مەن رىندە ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.
(ئەي شەيخ سەن تەقۋادارلىقنى ئادەت قىلدىڭ، مەن
ئىشقنىڭ مەيخورلىقىنى كەسىپ قىلدىم،
كەۋسەسا ڭا بولسۇن، قىزىل شاراپ ماڭا قۇتاتسۇن.)

3. مەيخانە ئەھلى بولكىم، مۇتلەق سائادەت ئاندا،
كىم زۇھد مۇھتەسىلىدۇر يا شۇم يا مۇبارەك.
(مەيخانە ئەھلى بولغىنكى، مۇتلەق بەخت مەيخانىدا، تەق-
ۋادارلىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇققا ئېلىپ بارامدۇ ياكى ياخشى-
لىققا ئېلىپ بارامدۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس.)

شائىر ئازادلىق، ھۆرلۈك ۋە باراۋەرلىك ھاياتىنىڭ سېغىنغانلىغا، تىلىگەنگە، تەشنا بولغانلىغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەت چېكىش، كۆرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىغىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭلاشقا، مۇنداق مۇشكۇل كۆرەشكە ئاتلانغانلارغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلغان، ئۇلارنى غەيرەتلەندۈرگەن ۋە بۇ قۇتلۇق سە-

پەرنى تەبرىكلەپ مۇنداق يازغان:

7. سەن شوخ مەست قاتىل، مەن ئاشىقى رىزاجۇي،
سەندىن جاپا مۇناسىپ، مەندىن ۋاپا مۇبارەك.

(سەن شوخ مەس قاتىلسەن، مەن مەرھەمەت ئىزلىگۈچى ئاشىق.
سېنىڭ جەۋرى - جاپا قىلىشىڭ مۇناسىپ، مېنىڭ ساڭا ۋا-پادارلىق قىلىشىم مۇبارەك ئىش.)

8. ئۈششا قە زۇلفۇ چەشمىڭ بولسا بالاۋە فىتنە،
بول فىتنە ھەم ھۇمايۇن ھەم ئول بالا مۇبارەك.

(ئاشىقلارغا چېچىڭ بىلەن كوزۇڭ بالا - ئاپەت ۋە پىتنە بولسا،
مۇنداق پىتنە بىر بەخت ۋە ئۇ بالا - ئاپەت مۇبارەكتۇر.)

13. ساچىڭغا خوش ئاسىلمىش كوڭلۈم بالانى ئىستەپ،
دامانىدا سەخنىڭ دەستى گەدا مۇبارەك.

(كوڭلۈم بالايى - ئاپەتنى ئىزلەپ سېنىڭ چېچىڭغا ئېسىلدى.
سېخىنىڭ پېشىگە ئېسىلغان گادايىنىڭ قولى مۇبارەك بولسۇن.)

14. يۈز قويدى خانەقاھدىن مەيخانە تەجەللى،
جامى شاراپ بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

(تەجەللى خانىقادىن مەيخانىغا يۈزلەندى، شاراپ قەدەھ-نى قولغا ئېلىش بىلەن رىيادىن قۇتۇلغانلىقى مۇبارەك بولسۇن.)

تەجەللى غەزەللىرىنىڭ ئىككىنچىسىدە ئالدىنقى بولەكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ ۋە ئىل-

ئىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شائىر كەلگۈسى ھاياتىنىڭ سەۋولى قىلىپ ئالغان يارىغا شۇنچە تەشنا بولىدىكى، ئەگەر ئۇ، باغ ئىچىدە يۈرسە بۇ باغ ئۇنىڭغا زۇلۇم تېغى بولىدۇ، ئەگەر تاغدا بىللە يۈرسە بۇ تاغ ئۇنىڭغا "جەننەتنىڭ بېغى" بولىدۇ؛ ئىشىق دۇنياسىدا يۈرگەندە ئورلەگەن قوياشنى كۆڭلىدىكى "ھەسرەت دېغى" دەپ بىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىشقى يار ھوسنىدە بىر چىراق ياقىدۇ. جانىنىڭ رىشتىسى شۇ چىراق بولسا، ئىككى كوزى شۇ چىراقنىڭ پىلىكى بولىدۇ، شائىرنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەر ئۇنىڭسىز يېشىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭسىز ئېچىلمايدۇ.

تەجەللى غەزەللىرىنىڭ ئۈچىنچىسىدە شائىر باشقىلارغا ئۆگۈت - نەسىھەت قىلىدۇ، ئوزى بېسىپ ئوتكەن يوللاردىن ئالغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "كىمىكى تاش يۈرەك، گۈل بەدەن يارنى ئىزلىسە، شىرىنىنى خىسراۋ بىلەن تاغ كەسكۈچى پەرھات ئىزلىگەندەك". "باغرىنى تاشقا ئۇرۇپ ماڭا ئوخشاش قان يۇتىدۇ" دەيدۇ. شائىر ئوزىنىڭ نەشۇ ئەجرى ۋە تارتقان جەۋرى - جاپالىرىنى مىننەت قىلمايدۇ، بەلكى "مىننەتنىڭ كوزىگە سانچىلىدىغان تىكەن ئىزلەيدۇ."

تەجەللى ئوز غەزەللىرىدە خەلقىنىڭ ھورلۇككە بولغان تەشنالىقى ۋە كۈچلۈك ئارزۇسىنى جىددى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشتا، يۈكسەك تەپەككۇر كۈچىگە ۋە گۈزەل تىل ۋاستىسىغا تايانغان. ئۇ، تۇرمۇشتا ئوزىگە تەسىر قىلغان ھەر خىل شەيئىلەرنى گۈزەل تىل ۋاستىسى بىلەن ئىخچاملاپ، كۈچلۈك تەسىرلەندۇرۇش

كۆچىگە ئىگە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ غەزەل-لىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىلىكى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە چوڭقۇر ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. شائىر نەنە شۇنداق يۈكسەك تىل ئىشلىتىش ماھارىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ئەسە-رىدە كونكرېت، تەسىرلىك، ئوبرازلىق تىللارنى قوللىنىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، كىشىنى ئۆزى ئىجات قىلغان مۇھىت — كەلگۈسىنىڭ پارلاق مەنزىرىسىگە ۋە گۈزەل قوينىغا باشلاپ كىرەلىدى.

شائىر يەنە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلىگەندە هامان ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە قاتتىق دىققەت قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىبىيات ئوبزور-چىسى يۈەنمېي مۇنداق دىگەن ئىدى: "مەن ھەمىشە، بار-لىق نەزمىلەرنىڭ مىسرالىرى، قەغەز يۈزىدە جانسىز تۇرماس-تىن، بەلكى بۇ مىسرالار قەغەز يۈزىدە جانلىق تۇرۇشى لازىم، دەيمەن. ھايات ئادەم ئۆرە تۇرالايدۇ، ئۆلگەن ئادەم ئۆرە تۇرالمايدۇ، يېزىقچىلىقمۇ شۇنداق بولىدۇ." ① يېزىقچى-لىقتا "مىسرالار قەغەز يۈزىدە جانلىق تۇرۇش"نى ئىشقا ئاشۇ-رۇش ئۈچۈن جانلىق، ئوبرازلىق سۆز - ئىبارىلەرنى قېزىپ تېپىپ قوللىنىش لازىم. تەجەللىنىڭ قەسىدىسىدىكى «سۆبھى

---

①«دىسۈيۈەن» شېئىرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» (ئىك-كىنچى كىتاپ) خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1960 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 683 - بەت.

ئاق نۇردىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گورۇھى قاچتى" دېگەن مىسرالىرىدىكى "ئالتۇن بايراق"، "قارا گورۇھ"، "قارا ئەتلەستىن يۆركەنجى كېيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى، قوياش تىرنىقى بىلەن تال - تال قىلىپ يىرتىۋەتتى" دېگەن مىسرالىرىدىكى "قارا تون"، "نۇر تىرناق" قاتارلىق سۆزلەر "قەغەز يۈزىدە جانلىق تۇرۇش"تەك بەدىئىي يۈكسەكلىككە يەتكەن، ئەدەبىياتتا بەزى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەر خىيالى تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە قىلىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ياردىمى بىلەن توقۇپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئىشلار ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىشلار بولىدۇ. ئەمما بۇنداق ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر ئادەمگە چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي غايىنى ئىپادىلەپ، ئادەمگە ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئېتىدۇ. بۇلارمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. تەجەللىي غەزەللىرى ئەنە شۇ خىل ئەسەرلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەييەن كىشىلىك ھايات تەجرىبىلىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرى ھەر خىل تەرەپلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇپ يەكۈنلەنگەن، ھەممە مەلۇم تۇرمۇش ھەقىقىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ يۈكسەكلىكىگە يەتكەن.

تونچى ئىككىنچى 

# شائىر ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى

ساۋراخۇن بىننى ئابدۇلقادىر يېڭىسارى (ناقىس) 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوتكەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن بىرى. ئۇ، قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مەدرىس كولبېشى مەھەللىسىدە بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلقادىر ئىلغار پىكىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتنى ياقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغۇچىلاردىن ئىدى.

ساۋراخۇن بالىلىق دەۋرلىرىدە چوڭ مەدرىستە ئوقىغان. 18 ياشلارغا كەلگەندە قەشقەر شەھرىگە بېرىپ، ئاپپاق غوجا مازىرىدا ئىستىقامەت قىلغۇچى نامەنگەنلىك موللىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ، تالىپ مەزگىللىرىدىن تارتىپلا شېئىريەتكە ھەۋەس باغلىغان ۋە ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئەمما ئۇ، بىر شائىر ئۈچۈن مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە كەڭ تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشنىڭ كۆپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە تېگىشلىك بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولۇش، يەنى ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى، ھەر خىل بەدىئىي

ئاق ئۆردىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم
سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇروھى قاچتى" دېگەن مىس-
رالىرىدىكى "ئالتۇن بايراق"، "قارا گۇرۇھ"، "قارا ئەت-
لەستىن پۈركەنچى كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تونىنى، قوياش
تىرنىقى بىلەن تال - تال قىلىپ يىرتىۋەتتى" دېگەن مىسرا-
لىرىدىكى "قارا تون"، "نۇر تىرناق" قاتارلىق سۆزلەر "قەغەز
يۈزىدە جانلىق تۇرۇش"تەك بەدىي يۈكسەكلىككە يەتكەن، ئەدەبى-
ياتتا بەزى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەر خىيالى
تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە قىلىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار
ياردىمى بىلەن توقۇپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئىشلار
ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىشلار بولىدۇ.
ئەمما بۇنداق ئادەم ۋە ۋەقەلىكلەر ئادەمگە چىنلىق تۇيغۇسى
بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە مۇ-
ۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي غايىنى ئىپادىلەپ، ئادەمگە ئىلھام
ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئېتىدۇ، بۇلارمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇش-
نىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. تەجەللى
غەزەللىرى ئەنە شۇ خىل ئەسەرلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەي-
يەن كىشىلىك ھايات تەجرىبىلىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرى ھەر
خىل تەرەپلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇپ يەكۈنلەنگەن، ھەمدە مەلۇم
تۇرمۇش ھەقىقىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بەدىي چىنلىق-
نىڭ يۈكسەكلىكىگە يەتكەن.

تۆتىنچى لېكسىيە

# شائىر ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ساۋۇراخۇن بىننى ئابدۇلقادىر يېڭىسارى (ناقىس) 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۆت-كەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر دانىش-مەنلىرىدىن بىرى. ئۇ، قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسى-نىڭ مەدرىس كولبېشى مەھەللىسىدە بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلقادىر ئىلغار پىكىر-لىك، ئىلىم - مەرىپەتنى ياقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغۇچىلاردىن ئىدى.

ساۋۇراخۇن باللىق دەۋرلىرىدە چوڭ مەدرىستە ئوقى-غان. 18 ياشلارغا كەلگەندە قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، ئاپ-پاق غوجا مازىرىدا ئىستىقامەت قىلغۇچى نامەنگەنلىك مول-لىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ، تالىپ مەزگىللىرىدىن تارتىپلا شېئىرى-يەتكە ھەۋەس باغلىغان ۋە ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئەمما ئۇ، بىر شائىر ئۈچۈن مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە كەڭ تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە تېگىشلىك بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولۇش، يەنى ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى، ھەر خىل بەدىئىي

ئىپادىلەش ماھارىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئىگەللەپ، ئۇنى
ماھىرلىق بىلەن قوللىنالايدىغان بولۇشىنىڭ زۆرۈر-
لىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىلىم ئېلىش دائىرى-
سىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن
تاشقىرى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن
تونۇشتى، بۇ ساھەدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ساۋراخۇن قەشقەردە 8 - 10 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن،
يېڭىسار ناھىيىسىدىكى مەدرىسكە مۇدەررىس بولۇپ، تالىپ
تەربىيىلەش، ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى.
ئۇ، بۇ مەزگىللەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ مول بىلىم
زاپىسىغا ئىگە بولالىغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل مەسىلىلەرگە
نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولدى؛
ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىلىمى، يۈكسەك ئىقتىدارى
ئەينى دەۋردىكى يېڭىسار ئەھلىنى قايىل قىلالىغانلىقتىن
ياخشى سۈپەتلىرى تېزلا ئەتراپقا تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن
يەكەن، ئاقسۇ، يېڭىشەر، ھەتتا قەشقەردىنمۇ تالىپلار كېلىپ،
ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشقا باشلىدى.

ساۋراخۇن ئۆمۈر بويى قازى ياكى ئەمەلدار بولۇش-
نى خالىماي، بايلىقنى دوست تۇتماي، مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن
تۇرمۇشىنى بىر قەدەر تەڭقىسلىقتا ئۆتكۈزۈپ، ئىلىم - مەرىپەت،
ئەدەبىي - ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇيغۇر كىلاسسىك
ئەدەبىياتى ۋە دۇنياۋى تېمىلار ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنى
ۋە ئۇسلۇبىنى بېيىتتى. ئۇ، تېماتىك مەزمۇنغا باي، خىل-

ۋۇ ـ خىل قىزىقىشلىق يېڭى پىكىرلىرى، زور ئىجتىمائى ئەھ‍ـ مىيەتكە ئىگە بولغان مول ئىجادى ئەسەرلىرى، ئىجتىمائى، تارىخ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بەدىي تەسۋىرلىرى ئارقىلىق تەرەققىپەرۋەر، رىئالىست ئەدىب بولۇپ قالدى. ناقىس ئۆز ھاياتىدا «بەيىس ھېكىم بەگ»، «قۇتلۇقنامە»، «ناقىس» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجات قىلدى. ئۇنىڭ يەنە «مۇجەددۆل قۇلۇپ»، «نۇللى دەمەن»، «نەسھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، چەتئەل ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىران يازغۇچىسى شەيخ ـ ئىنايىتۇللانىڭ (1677 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «باھار دانىش» ناملىق زور ھەجىمدىكى نەسرى ئەسىرىنى ئىجادى ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرى رومانغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا «گۈلزار بىنىش» (تىكەنسىز گۈل) دەپ نام قويدى. ناقىس ئۆز پىكىرىنى بېيىت شەكلى‍ـ دە تېز ئىپتىلايدىغان، چاخچاقچى ۋە قىزىقچى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ، كۆپلىگەن شېئىر، نەزمىلەرنى ئاغزاكى ئېيتىپ خەلق ئارىسىغا تارقاتتى. بەزىلىرىنى ياغاچ، تام، ئىشىك، قاپاقلارغىمۇ يېزىپ قالدۇردى. بۇنىڭدىن شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدىكى، ناقىس ئۇستا نەققاش ۋە ھۆسنىخەتچى بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ دەۋر، يىللارنىڭ توساق‍ـ لىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئەسەر‍ـ لىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

شائىر ناقىسنىڭ ياشىغان دەۋرى مەملىكىتىمىزنىڭ

ھەر قايسى جايلىرىدىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزىمغا قارشى قاينام - تاشقىنلىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، سۇن جۇڭشەن باشچىلىغىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، خانلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق ئىستىبدات تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى جاكالىغان دەۋر ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن خېلى بۇرۇنلا، شىنجاڭدا ئىنقىلاۋى پارتىيە كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى قاناتيايغان ئىدى. ئەمما ئۇلار يەنىلا نىسبەتەن ئاجىز ئورۇندا ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە ساداسى ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ھەرىكەت تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋى پارتىيە كىشىلىرى، شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبەسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەرنى پائال قاناتيايدۇردى. ئىنقىلاۋى تەشۋىقات يۈرگۈزدى. ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلارنى تەرەققى قىلدۇردى. نەتىجىدە ئىجتىمائى زىددىيەتلەر تولىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. تېگىپ كەتسىلا پارتىلاپ كېتىدىغان، "بىر كىشى مۇش كۆتەرسىلا ھەممە قوشۇلىدىغان"

① ۋەزىيەت شەكىللەندى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىدىكى يەرلىك بەگلەرنىڭ زۇلمى، ئېكس-
پىلاتاتسىيىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. "پىتنە - پاساتلار يامراپ
كەتتى"، ② ھۆكۈمەت تەشۋىش، ئالاقزادىلىك، جان قاي-
غۇسىدا قالغان شۇ پەيتتە، جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ
بېشى تېخىمۇ يوغىناپ، خەلقنى بوزەك قىلىشتا ئەدەپ كەت-
كىلى تۇردى، ئۇلار توپىلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلاپ باج-
سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق، غەللە - پاراقنى كۆپەيتىۋەتتى؛ پار-
خورلۇق، ۋەھشىلىك، ئىنساپسىزلىق يامراپ كەتتى. بايلار،
شاڭيۇلار، بەگلەر ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازى بىلەن خەلق-
نى بۇلاڭ - تالاڭ، يېزىلارنى تالان - تاراج قىلىشقا كىرى-
شىپ كەتتى، خەلق ئاممىسى بولسا زۇلۇمغا، ناھەقچىلىققا،
ئادالەتسىزلىككە چىدالماي، تۇشمۇ - تۇشتىن نارازىلىق ۋە
قارشىلىق سادالىرىنى ياڭراتتى. ئەنە شۇ بۇرۇقتۇملۇق ۋە-
زىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ناقىس جاھالەتلىك قاراڭغۇ جەم-
يەتتىكى تېكىنخورلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى چوڭ-
قۇر ۋە ئەتراپلىق كۆزەتتى، ئاندىن ھەجۋى تىل بىلەن
سۈرەتتىنى سىزىپ، ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى، چاۋ-

---

① جۇڭ گۇاڭشىنىڭ «شىنخەي، شىنجاڭدىكى ۋەقەنى
تېپىلاندۇرۇش خاتىرىسى»، «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتې-
رىياللار توپلىمى» «شىنخەي ئىنقىلابى» 7 - قىسىم، 441 - بەت.

② يۇقۇرقىغا ئوخشاش.

نىڭ چېتىقا يايدى. ساختىپەز، پارىخور ئەمەلدارلارنى، ئەدەپ ئەخلاقنى ئاغزىدىن چۈشەرمەي تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىيىتىدە ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىدىغان موللىلارنى ھەجۋى تىل ئارقىلىق رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلىدى. خەلقنى بۇ خىل تەييار تاپلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندىدى.

شائىر ناقىس زۇلمەتلىك جەمئىيەت ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ئامباللارنى سوككەن مۇخەممەسنى مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلايدۇ:

بۇرادەرلەر ھەزەر ئەيلەڭ بۇ كۈندە ـ بەگۇ ئامباندىن①،
سوئال ئەتمەك ئۇلارگە دىن ئىلەھەم نۇرى ئىماندىن،
ئۇلارنىڭ كوڭلىدە قورقۇنچى يوق ھەم قەھرى رەھماندىن،
ھالال بىلگاي كىشىنىڭ مالىنى ئويدەكى ناندىن،
تامام تاراج قىلمىشلار بولەكنى تەن ئىلە جاندىن.
ئوزى يولبارس سۈفەت شەھەر ئىچرە فوقرانى تامام سويدى،

ئاتا تويماي داغى ② سەھرادىكى غۇربا ③ غەيۇز قويدى.
بۇلاپ كەلمەك ئۇچۇن يۇز باشى ئون باشلار قويدى،
خەنىمۇ،④ شاڭيۇ⑤ ، باجۇداغى بەردگەمەركى⑥ ئات قويدى،
دىبان ⑦ يارلىغ بىر چىن شەھەردىن خان بىلەن خاقاندىن.

بىرى باجگىر بولۇپ تا بەلارى سەكسەنچە بار ئەرمىش،

خالايىقلار ئۆيىنى ئاختارىپ بارىن ئالار ئەرمىش،
سېتىمت ئالغان بىلەھەم ئالمىغانغا تەڭ سالار ئەرمىش،
كىشى بىر مال سېتىپ ئالسا سەھەندىن كۆپ ئالار ئەرمىش،
ئۇلارغا يىغلىسا پۇقرا، سېتىپ ئالدۇق دېمىش خاندىن،

داغى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق بىلان ھەم شالغا باج قويدى،
قەدىمقى رەسمدە ئالغىل دىسە ئاتنى كاج قويدى،
پۇلۇم يوق توختىغىل بىردەم دىسە ئاغزىغا گاج قويدى
رەئىيەت ⑧ مالىدىن تاراج ⑨ ئەيلەپ نەچچە ئەل تويدى،
پاناھ بەرگىل خۇداۋەندە مۇنىڭدەك ئەجدىھا خاندىن.

پۇچۇق تەلپەك، ياماق، يېڭى يوق ئەسكى تونلەرگە،
ئۆيىدە نەچچە يىل ئەر ئالمىغان قوخلۇق ⑩ خاتۇنلەرگە،
قۇمۇش، يانتاق ئىلە زاغراق، داغى يىلتىز ئوتۇنلەرگە،
بۇلاردىن باج ئېلىپ يۈرگان تامام باغرى پۈتۈنلەرگە،
بالا نازىل بولۇپ كەتگاي سەقەرگە ⑪ ئۇشبۇ دەۋراندىن.

سوئال ئەتساڭ موزاي بىرلە ئۇششاق جانلىق كىچىك تايدىن،
تۆۋافىغە باج بېرىڭ دەپ ئۇستۇرۇپ بەك، ئالمىغان بايدىن،

ئۇلاردىن ئالدىلەر يەر ساتتۇرۇپ ھەم باغ ئىلە سايدىن،
بۇ كۈنلەردە دېھقانلەرگە ئارام بىرلە ئامان قايدىن،
ئۇلاردىن ئالمىغان باج قالمىدى ئەنۋائى ⑫ ھايۋاندىن،
مۇبادا سەل كېلىپ ئۆستەڭلارى دەرياغا يار كەتسە،
غەنىلار ⑬ ئۇيدە قالىپ فىقىرنى ⑭ ھەيدەتىپ كەتسە،
مىراپ، داققالچى، يۈز باشلار ھاشالارنى ئەلىپ كەتسە،

ئۇلار تاقەت قىلالماي تەڭرىگە چۇن ⑮ يىغلاشىپ كەتسە،
خاراپ بولماي ئىچۈك قالغاي مۇنەققەش كاتتا ئايۋاندىن.

ئۇلار نەتسۇن بۇ ئۇمرىدەكى ئالىمدىن ئەمەل كەتتى،
ئوقۇپ موللا بولۇپ ئىلمىن ساتىپ كەم، بى ئەمەل كەتتى،
داغى سوفى ئىلە قارى خېلىفەدىن كامال كەتتى،
بۇ بائىسدىن ⑯ جاھالەتلىك كىشىكىم بىشەجەل كەتتى،
قاچىپ قۇتۇلغالى بولماس تىلەمچى يالغان ئىشاندىن.

تەفىلمايدۇ بۇ كۈنلەردە كىشىدىن قەرز خالىس ھەم،
ئىچونكىم ئەغنىيالار ⑰ ئەھلىنىڭ كوڭلىدە شەپقەت كەم،
ھايان بەرسە تاپىلغاي داغى تىلدىن خەت ئېلىپ مەھكەم،
ۋە كەرنە بەرمىگاي گەر بولسا قانداش بىرلە ئۇل-
پەت ھەم،
ساخاۋەت كەتتى ناقىس ھەم بىر ئېرىق ⑱ كەتتى ئىنساندىن.

لۇغەت :

① ئامبان - ئامبال ② داغى - تېغى ③ غۇربا - كەمبەغەل، غېرىپ ④ جېنى - ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ ئاتىلىشى ⑤ شاڭ - دېھقانلار تۆلەيدىغان ئاشلىق، غەللە - پاراق، باج ئىسمى ⑥مەركى - مەركا دىبان - دەپ ⑧ رەئىيەت - پۇقرا، ئاۋام، خەلق ⑨ تاراج - زورلۇق بىلەن كىشىنىڭ نەرسىسىنى تارتىپ ئالماق ⑩ قوخلۇق خاتۇن - كۆرۈمسىز، سەت خوتۇن ⑪ سەقەر - دوزاق، دوزاقلارنىڭ بىرى ⑫ ئەنۋانى هايۋان - خىلمۇ - خىل هايۋانلار هەممە هايۋانلار ⑬ غەنى - باي ⑭ فېقىر - يوقسۇل، ئاجىز ⑮ چۇن - ۋاختىكى، چۇنكى ⑯بائىس - سەۋەپ ⑰ ئەغنىيا - بايلار ⑱ ئىرق - نەسىل، زاتى.

بۇ مۇخەممەسنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىپ ئالالايمىزكى : ئەينى جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن ئىجتىمائى ۋەقەلەر شائىر ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. روشەنكى شائىر شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ هالدا، بۇ ئىجتىمائى رىئاللىقنى ئۆز ئەسىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭدا جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق خىزمەت ئىستىلى، ناھەق تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈلگەن ۋە مەسخىرە قىلىنغان.

شائىر ناقىس ئۆز ئىجادىيىتىنى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن زىچ باغلاپ دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەش تېمىلىرىغىچە كېڭەيتىلگەن. شائىر ناقىسنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرىنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىدىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى يېڭىلاش تەلەۋىنى قويغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.

ھەر قانداق بىر يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن چاغدا، ھېچقاچان مەخسەتسىز، "نوقۇل ئوبېكتىپ" ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ئۇ، تېما تاللىغان، ئوبراز ياراتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان باھاسى، ھەققەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى، مۇھەببىتى ۋە نەپرىتىنى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭغا سىڭدۈرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى ئارقىلىق كىتابخانلارغا ھەققىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا مۇشۇ مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىسى ئىچىدە نېمىنىڭ راستلىقىنى، نېمىنىڭ ياخشىلىقىنى، نېمىنىڭ گۈزەللىكىنى؛ نېمىنىڭ يالغان - ساختىلىقىنى، يامانلىقىنى ۋە نېمىنىڭ سەتلىكىنى؛ نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، نېمىنى مەدھىيىلەش لازىملىقىنى، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى تەنقىت قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى تېخىمۇ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ناقىس ياشىغان دەۋردە بىخۇتلۇق،

بېخەملىك ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان زىيىنىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئاكتىۋال تېما ئىدى، چۈنكى شۇ دەۋردە شىنجاڭدا مۇستەقىل پادىشا بولۇۋېلىپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان "ياقۇپبېگنىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن يەر تېرىشنى، ئاز - تولا ھۈنەر بىلىشنىلا تەلەپ قىلاتتى. بىلىملىك ۋە سىياسى ئىدىيىۋىلىك بولۇشنى خالىمايتتى" ①. "ياقۇپبېگنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە مىلىتارىست-لار ھاكىمىيەت تالىشىپ سوقۇشۇۋاتقان شارائىتتا شىنجاڭ خەل-قىدىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان مۇمىن خەلق بولۇشنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇمۇرۋايەت غەپلەتكە چۆكۈپ نادان ئۆتۈشنى تەلەپ قىلاتتى."② شائىر ناقىس، مانا مۇشۇ خىل يامان غەرەزنى سەزگۈرلىك بىلەن بايقاپ، خەلقنى ھۇشيار، سەگەك بولۇشقا، ئەقىللىق ۋە زىرەك بولۇشقا ئۈندىدى:

بولماغىل بى ئەقىل نادانغا گىرىپتار ئى كۆڭۈل،
قالمىغاي نادان بىلە مەھزۇر ① ئەسرار② ئى كۆڭۈل.
ھور پەرى تەلئەتنى ③ مەھبۇپ ئەيلىما ئاقىل ئىسەڭ
بولمىغاي سۈرەت كۆڭۈل بەرمەكتىن ھۇشيار ئى كۆڭۈل.
بولسا نادان بىر مالامەتتىن ئۆزىن رەسۋا قىلۇر،
بولما ھەرگىز تېپىلغۇ ④ نادانغە دىلدار ئى كۆڭۈل،
يارلىغ قىلماقغە تەمكىنلىك مۇسەققا ⑤ دىل بولۇر،

---

① ② «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 2 - قىسىم، 51 - 52 - بەتلەر.

بولماغىل ھەرتىرە تەلئەتكە ⑥ خېرىدار نى كوڭۈل.
ھەر قەدى رەئناغا شەيدالىك ئىرۇر بى ئەقىللىق،
بولماغۇنچە خۇلقىدىن زاتىدا ئەشئار نى ⑦ كوڭۈل.
ئىشىق رەمزىدۇركى ⑧ نادانغا ئەنىڭ يوق نىسبىتى،
باردۇر ئۇششاق⑨ ئارا يۈزمىشۋە ئەتۋار ⑩ نى كوڭۈل.
قىل نەسىھەت ناقىسى بىھۇشىغا بۇ بابىدىن،
بولماغىل بۇندىن كېيىن نادان بىلەيار نى كوڭۈل،

① مەھزۇر - ئۇززە ② ئەسرار - سىرداش ③ پەرى - تەلئەت - پەرى يۈز، پەرى چىراي ④ تېپىلغۇ - گودەكمىجەز بالا مىجەز ⑤ مۇستەغنا - پاكىز، ساپ ⑥ تىرە تەلئەت - تۇتۇق چىراي ⑦ ئەشئار - ئالامەت، بەلگۈ ⑧ رەمزى - ئىشارەت ⑨ ئۇششاق - ئاشىق ⑩ شىۋەئەتۋار - خۇلۇق، ئادەت، قىلىق.

زور ئىجتىمائى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىق، چىرىكلىك ۋە پەسكەشلىكلەرنى پاش قىلىش- ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان رېئالىزم ۋە تەنقىدى رېئالىزمنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا رېئالىست شائىر ناقىسنىڭ غەزەللىرىدىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغانلىقتىن، ئەمگەكچى خەلق ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت ۋە

ئىخلاس بىلەن ئالقىشلىدى.

ساۋراخۇننىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر قايسى بەھىرلىرىدە غەزەل، مۇخەممەس، روبائى، مەسنەۋى قاتارلىق شەكىللەردە يېزىلغان. بولۇپمۇ غەزەللىرى چوڭقۇر مەنتىقە، كۈچلۈك تەپەككۇر بىلەن ھەر خىل ئوخشىتىشلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ يېزىلغان. ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلەر ئىجادى ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، پىكىرلەر يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىپ راۋاجلانغان. ساۋراخۇننىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ۋەزىن جەھەتتە يەڭگىل، تىلى راۋان، جانلىق، ئىخچام، ئوبرازلىق ھەم يۇمۇرلىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇنىڭدەك ئۇ، يەنە كىشىلەرنى ئۆزىگە تېزدىن جەلپ قىلالايدىغان كۈچلۈك ھەجۋىلىككە ئىگە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئاۋازىنى يەنى ئادالەتپەرۋەرلىك، ھۆررىيەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق، ۋاپادارلىق، كويۇمچانلىقنى، سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئەقىل - ئىدراكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى سۆيۈشتەك ئالىجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتنى؛ كەمتەرلىكنى، ساخاۋەتنى قىزغىن كۈيلەپ، ئوتكۇر پەم - پاراستى ۋە ئەركىن پىكىرلىرى ئارقىلىق فېئودال قاراكۈچلەرنى، ئادالەتسىزلىكنى، ۋە زالىملىقنى پاش قىلىپ؛ تەكەببۇرلۇق، پارىخورلۇق، تاماخورلۇق، ئاچكۆزلىك، ھەسەتخورلۇق، ۋاپاسىزلىق، يالغانچى-

لىق، كورەڭلىك، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى ئۆتكۈر ھەجۋى ئاستىغا ئېلىپ، مەسخىرە قىلغانلىقى، ئەيىپلىگەنلىكى «دىۋان ناقىس» تىكى تۆرلىك تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان يالغۇزلۇق شېئىرى مىسرالاردىن بۇ جەڭگىۋار مىسرالارغا سىڭدۈرۈلگەن ئۆتكۈر پىكىرلەردىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېيىتلىرى، غەزەللىرى، ساتىرىك شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان:

بەگلەر ئىچرە بېگىم ئالماس،
سورۇنلاردىن ھەرگىز قالماس.
چىق پۇل ئېلىپ ئادەت قىلغان،
ئاز پۇل كەلسە زادى ئالماس.

قاراڭلار، مانا بۇ بىر كۆپلەت شېئىردا ئالماس ئىسىملىك بەگنىڭ پارىخورلۇق ۋە ئاچكۆزلۈك خاراكتېرى تولۇق سۈرەتلىنىپ، دەجۈي تىل بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ قامچىلانغان: شائىر يەنە دىھقانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئاخماقلىقىنى پاش قىلىپ ۋە نەپرەت ياغدۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

بەك بولدى دىمەك زىراەتنى ئەمرانىم،
كۆز ياشى بىلەن سۇغۇرارمىش يۇقرارىم،
بەك كەيدىم دىمەك رەڭلىك تون ئەمرانىم،
تونىنى قان بىلەن بويارمىش يۇقرارىم.

خەلقپەرۋەر شائىر ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاھا-

لەتىلمەك جەمىيەتكە بولغان نەپرى - غەزىپىنى ئىزھار قىلىپ، زۇلۇمنى پاش قىلىپ، خەلقنى بۇ زۇلۇم تىغىدىن ئاغدۇرۇشقا قوزغىدى. ھەتتا ئۇ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، ھايات بىلەن ۋىدالىشىپ تۇرۇپ، دەۋرگە بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئاغزاكى ھالدا مۇنداق كۈچلۈك ئىككى مىسرا نەزم بىلەن ئىپادىلىدى:

مېنىڭدەك ھېچ كىشى زارۇ - پەرىشان بولمىسۇن يارەپ،
كۆكۈرگەندە قۇرۇپ يەر ئىلە يەكسان بولمىسۇن يارەپ.

شائىر ساۋىراخۇن تىرىشچان، شۇنىڭدەك خەلققە كۆيۈمچان، ھاياتتا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىدى. كۈندۈزى مەدرىستىكى مەشغۇلاتىدىن يېنىپ ھەمسۆھبەتلىرى، ئىخلاسمەن تالىپلىرى بىلەن ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇتالىئە قىلاتتى، كېچىلىرى بولسا ئۆيىدە تېكىر بېشىدىن چىراق، قەغەز، قەلەم ئاجرىتالماي ئۆگىنەتتى، تەنقىت ۋە مۇلاھىزە قىلاتتى، يۈرەك قېنىنى سەرپ ئېتىپ ئىجات قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قاغىلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئىلىم سىناش مۇسابىقىسىدە، بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، تون - سەرپايى ۋە ئات - كالا بىلەن تارتۇقلانغان؛ ناقىس بىلەن دەۋرداش بولغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى تەجەللى يېكەنسارغا كەلگەندە ئەدىپ ناقىس بىلەن كۆرۈشۈپ، قىزغىن سۆھبەت ئۆتكۈز-

گەن. تەجەللى بىر نەزىم تەلەپ قىلغاندا، ناقىس تەجەللىگە ئاتاپ بىر نەزمە ئوقۇپ، تەجەللىنىڭ قايىل قىلغان.

مەشھۇر ئەدىب ناقىسنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچىگىلا كەڭ تارىلىپ قالماي، بەلكى ۋەتەن چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەن. ئەمما ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قول يازما سۈپىتىدە يېزىلغان نۇسخىلار بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ھازىر شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە «گۈلزار بىنىش» نىڭ تولۇق بولمىغان ئەسلى ئارگىنالى بىلەن بىرنەچچە شېئىرى ساقلانماقتا. يېقىندا «دىۋان ناقىس» نىڭ تېپىلغانلىقى — ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ غەزنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك بايلىقتۇر. دىۋاندا 67 پارچە شېئىر بار. بۇنىڭ ئىچىدە 49 پارچە غەزەل، 15 پارچە مۇخەممەس، بىر رۇبائىي، ئىككى مەسنىۋى (جۈملىدىن بىر پارچە شېئىرى چوچەك) بولۇپ، جەمى بىرمىڭ بەش يۈز مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 48 بەتتىن ئىبارەت. گەرچە بۇ «دىۋان ناقىس» نىڭ تولۇقلانغان قىسمى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، ناقىس ھەققىدىكى تەتقىقاتتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەدىب ناقىس ساۋىراخۇن خەلپىتىمنىڭ مۇبارەك نامى شەرىفلىرى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىلمى ئىقتىدارى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئاجايىپ نادىر ئەسەرلىرى، كۆپلىگەن قىزىقارلىق لەتىپە ۋە ساتىرىلىرى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە مەشھۇردۇر.

بەشىنچى لېكسىيە

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى

كوزگە كورۈنگەن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ۋارىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ شارائىتىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشى ئېغىر توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەنلىكى، شىنجاڭدىكى زىيالىلارنىڭ ياڭزېڭشىنىڭ ھوكۇمىتىنىڭ تېررورلۇق سىياسىتى تۈپەيلىدىن پىكىر ئېقىمىدا بىرلىككە كېلەلمەي، بىر قۇدرەتلىك قوشۇن شەكىللەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ۋە بۇ يەردە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتىمىز ئوخشىمىغان خاھىشقا ئىگە بولدى. قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئەمەلىي يېتەكچىلىكى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتچىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسى

خاھىشىنى نامايان قىلدى. يەنى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئىسلاھاتچىلىق- مەرىپەتپەرۋەرلىكنى كەڭ- كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ كۈرەشتە ئابدۇقادىر دامولام بايراقدار سۈپىتىدە كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئابدۇقادىر دامولام قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەت دې- گەن يېزىسىدىن بولۇپ، 1862 - يىلى ئابدۇل ۋارىس ئى- سىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكەن. بىلىم ئېلىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش دەۋرلىرى بولسا قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەن- ت، ئوپا قاتارلىق جايلاردا ئۆتكەن. كېيىنرەك ئۇ، مەدرىس- لەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ، مەدىنى ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇقادىر دامولام ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دېموكرات بولۇپ، يېڭى ئىلىم- پەن بىلەن ۋەتىنى، خەلق- نى قۇتقۇزۇش يولىدا ئومۇربويى كۈرەش قىلغان. شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدىكى مەكتەپلەر قالاق ھالەتتە بولۇپ، ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم- تەربىيە پۈتۈنلەي دوگما، ئەمەلى- يەتتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، رىئال كۈرەشنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. مەكتەپلەردىكى دەرسلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش- كە ۋە ئۇنۇم ھاسىل قىلىشىغا ماسلىشالمايلا قالماستىن، بەلكى تەلىم- تەربىيە ئۇسۇلىمۇ پۈتۈنلەي فېئودالىزمنىڭ ئەسىر-

ئەردىن بويان تەكرارلىنىپ، ياشلارنى بىزار قىلغان قېلىپ-
بازلىق شەكلى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىدۇ شۇ قې-
لىپتا تەربىيىلەنگەچكە، ئۇلاردا نە يېڭى دەرسلىك تۈزۈش
ئىقتىدارى، نە مەزمۇنلارنى رېئال ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ
بېيىتىش ئىقتىدارى يوق ئىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ تۈپكى
سەۋەبى: ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال مىلىتارىست ياڭزېڭشىنىڭ
ھۆكۈمىتى ئىستىبداتلىق ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن "ئوقۇمىغان
ئادەمنى ئاسان باشقۇرغىلى بولىدۇ" دەپ ھېساپلاپ، ئىلغار
دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تارقىلىشىنى توسقان ئىدى،
ئەمەلدە دۇنياغا كېلىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللارنى پېچەتلەپ،
تارقىلىشقا يول قويمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مىللەتلەرنى
بىر - بىرىگە ئۇچلەشتۈرۈش، مىللى كەمسىتىش، خۇراپاتلىق
بىلەن خەلقنى غەپلەتتە تۇتۇش، مەرىپەتنى بوغۇش، مەتبەئەچى-
لىكنى ئەتكەس قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان ئىدى. شىڭ-
لاشقا ھۆكۈمەت ھەرقايسى جايلاردا خانىقا ئېچىپ سوپى-
ئىشانلىقنى يولغا قويۇپ، يەرلىك ئىشانلار بىلەن بىرلىشى-
ۋېلىپ، خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇشقا ئورۇندى. خۇددى يولداش
ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: "ئۇلار پۈتۈنلەي چىرىك سۇلالىسى
ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىيا-
سەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئې-
زىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى."①

مانا مۇشۇنداق تارىخي شارائىتتا ئابدۇقادىر داموللا-

① ماۋزېدۇڭ: «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا»

لام ئوقۇتۇشىنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇل ۋە دەرسلىك ماتېرىيال قاتارلىق تەرەپلەردە، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق - بىرلىك، ئىلىم - مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ، «سەرپ»، «نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئىلمى تەجۋىت» (قىرائەت)، «ئىلمى ھېساپ»، «ئاقائىت زورۇرىيە»، «ئاقائىت جەۋھەرىيە» (زورۇر ئېقىدىلەر)، «تەلىمى سەبىيات» (باللار تەربىيىسى)، «فاسايىھول ئەتپال» (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «مىيتاھۇل دەپ» (ئەدىبىيات ئاچقۇچى)، «نەسىھەتى ئامىمە» (خەلق ئاممىسىغا نەسىھەت) قاتارلىق كىتاپلارنى يېزىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىشلىرىنى ئاددىي، ئاسان، ئۇز مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرغان، شۇنىڭدەك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ «مۇتالىئە ھىدايەت» دىگەن ئەسىرىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ، ئاڭ - پىكرىنى ئېچىش، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ئاقائىت زورۇرىيە» ناملىق سوئال - جاۋاپ شەكلىدە يېزىلغان ئەسىرى ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

"ئىنسانىنىڭ خار ۋەزەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدۇر؟
— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.
— ئىززەت، ئابروي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟
— ئىلىم - مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ."

بۇ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ئىدى.

ئابدۇقادىر ۋارىسى ئاتاغلىق ئىجتىمائى پائالىيەتچى، مەرىپەتپەرۋەر جەڭچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تالانتلىق شائىر ۋە تەزكىرىچى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئۈستۈن بولۇپ، مەيلى قەشقەر، مەيلى چەتئەللەردە بولسۇن ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىغان ۋە شۆھرەت قازانغان. ئۇ، يازغان «جاۋاھىرول ھىقان» (ئېيتقات جەۋھەرلىرى) ناملىق شېئىرى ئەسىرى ھازىر شىنجاڭ داشۆي كۇتۇپخانىسىدا ۋە مىسىردىكى جامى «ئەزھەر» ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە پارلاق نۇر چاچقان. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلقىمىزنى قول قىلىش، ئىقتىسادى، مەدەنى بايلىقلىرىمىزنى بۇلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل ياۋۇزلۇقلىرىنى ساياھەت-

چېلەر، ھەربىلەر، سودىگەرلەر، دىن تارقاتقۇچى راھىپلار مىسسىيونېرلار ۋە دوختۇرلار قاتارلىق نىقاپلانغانلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن ئىشقا ئاشۇردى.

شىنجاڭ رايونىدا بولسا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ياڭزېڭشىنىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، خەلقنىڭ نادانلىقى ۋە مەھكۇملىقىدىن پايدىلىنىپ "داۋالاش"، "يېتىملەرنى يىغىپ تەربىيىلەش" ۋەدىسى مۇرىتلارنى توپلاپ خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم بايلارنى، زومىگەرلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. جاھانگىرلار "جۇڭگو خەلقىنى روھى جەھەتتىن زەھەرلەشنى بوشاشتۇرمىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار قەشقەر شەھىرىدە "فۇيىڭتاڭ" شۆبىت مەتبەئەسى ئارقىلىق «ئىنجىل»نى ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئائىت تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بېسىپ تارقىتىپ، ئۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. بۇ خىل ھەركەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىسسىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەدەبىيات فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى دېموكراتىك كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز زامانىسىدىن ئېيتقاندا ئەلغار پىكىرلىك، ئىقتىدارلىق ئالىم ئىدى. قەشقەر، دېھلى، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوپا قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان. مىسىر ئىستانبول، قازان، تاشكەنتلەردە زىيارەتتە ھەم ساياھەتتە

بولۇپ، بىلىم ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى، ئۆز خەلقىنىڭ نادانلىق ۋە جاھالەتتە ياتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى شۇ زاماندىكى جاھانگىرلار، مىسسىونېر (دىن تارقاتقۇچىلار)، مۇتەئەسسىپ بايلار، خۇراپىي - ئىشان تۆرىلەر، موللىلارنىڭ ياۋۇز نىيەتلىرىدىن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇلۇغ كۆرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى؛ ئۇ، باشقا جايلاردىن مەتبەئە ئالدۇرۇپ، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ پۇلسىز تارقاتتى. خەلقنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئازادلىق - ئەركىنلىككە ئېلىپ بارىدىغان مەرىپەت يولىغا باشلىدى. ئۇ، يازغان «نەسىھەتى ئاممە» ئەنە شۇ مەزگىلدىكى تەشۋىقاتتا مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆزى بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تەشكىللەپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا، خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان مۇتەئەسسىپ روھانىلار، ئەكسىيەتچىل ئىشان - سوپىلار، ۋاڭ - غوجىلار، تەسلىمچى جان باقارلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا قارشى باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش ئېلىپ باردى. ئۇ، «نەسىھەتى ئاممە» دىگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "شانلىق يۇرۇشلىرىمىزگە خۇراپاتلىقلار ئارىلاشتى. ئىززەت - ئابرويىمىز قولدىن كەتتى. مۇخالىپلار (ئەجنەبىلەر) ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى."

ئۇ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىپ، خەلقنىڭ
نامراتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندى ۋە
ئىچ ئاغرىتتى. باللارنىڭ ھاممام ئاستىدا كۈلدە ياتقان-
لىقىنى، تىلەمچى - سائىللارنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلارغا خەيرى - خالىق
قىلىپ، مەكتەپلەر ئېچىپ، ئۆز بالىسىدەك غەمخورلۇق قىل-
دى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىدى. خەلقنىڭ ئىلىم - مەرىپەت-
كە بولغان تەشنالىقى، تەرەققىياتقا تەقەززالىقىنى چوڭقۇر
چۈشىنىپ، ئۆز بۇرچىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى ۋە
خەلقنى تەرەققىياتقا باشلىدى؛ ئىناپ ھەۋزىنى قۇرۇپ،
ئەما پاتقاقلىرىغا چۆكىۋالغان، ۋەتەن - خەلقنىڭ ھالۇ - ئەھ-
ۋالىغا كۆزىنى يۇمۇپ، دادۇ - پەريادىغا قۇلىقىنى ئېتىپ،
گاس - ئەما بولۇۋالغان ۋە گانارىدىكى گۆشكە ئولاشقان
چىۋىندەك مەدرىسلەردىكى "ئەۋقاپچا" (ۋەخپە مولۇكلەر) گە
قازىخانىدىكى "مۇھرى ھەققى" گە ئېشقىلىپ قەيەردە شەخسى
مەنپەئەت بولسا شۇ يەرگە يۈگرەيدىغان قازى - قۇززات،
مۇپتى ئەلەم، ئۆلىما - فۇزۇلالارغا نەپرەت ئوقىدى. ئۇلار
بىلەن يۈز تاران بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ، پۈتكۈل ۋۇجۇ-
دى غەزەپكە تولغان ھالدا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن مۇنداق
دىدى: "ھەر قايسىلىرى يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بې-
شى، ھالبۇكى خەلقىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا
باشلىماستىن، پۈتۈن ئىجتىھات، پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن موھ-
رى ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى

ئەۋرەزگە كومۇپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى
قانداق بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي تاش-
لىۋەتتۇق، ئەمما ياۋروپادىن كەلگەن ئەغيارىلار ئۇلارنى
ئۆز قوينىغا ئالماقتا. ئىنگلىزلار، شىۋىتلار شىپاخانىلار قۇ-
رۇپ، ھەقسىز داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزىگە
تارتماقتا. ئۇلار خەلققە بىر مىسقال تەسىر كورسىتىش ئۈچۈن
يۈزسەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق خەلقنى ئۆز-
ىمىزدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ خەلقتىن
كوپلەپ پۇل ئالماقتىمىز. ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللى-
نىپ، خەلقنىڭ بېشىغا دەررە سېلىپ جاراھەتلەندۇرمەكتىمىز.
ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلات-
لىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايەت ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت-
نەپرەتكە كومۇلىشىمىز مۇقەررەر گەپ!"

«4-ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىدىن «30-
ماي» ئىشچىلار چوڭ نامايىشىغا قەدەر بولغان جۇڭگو جەم-
ىيىتىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان رىياللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش،
فېودال، يومشىنىك، كاپىتالىست، سودىگەرلەرنىڭ ئەمگەكچى
خەلققە قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىنى، شۇنداقلا،
فېودال مىللىتارىستلارنىڭ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۇ-
رۇۋېلىپ خەلقنى بوزەك قىلغان، ئاممىۋى ھەركەتلەرنى باس-
تۇرغان جىنايەتلىرىنى خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاش،
پاش قىلىش، ئۇلارغا كەسكىن قارشى تۇرۇش — مۇشۇ مەزگىل-
دىكى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ مەزمۇنى ئىدى، «4-ماي»دىن

كېيىن ئىنقىلاۋىي ياشلار ماڭغان كۈرەش يولى ئىدى. شۇ
مەزگىلدىكى ئامباللار، يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر، قازى - قۇز-
زاتلار بولسا، چەتئەل جاھانگىرلىرىغا خوشامەت قىلىپ، ئۇ-
لارنى ئۆز يۇرتىغا كەلگەن "مېھمان" دەپ بىلىشەتتى. ئاب-
دىقادىر داموللام ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار بىزگە زادىلا مېھ-
مان بولالمايدۇ، مېھمان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار
تاجاۋۇزچى، ئۇلار جاھانگىر، ھازىر قويرۇق شىپاڭشىتىپ كەل-
گەن بىلەن ئاستا - ئاستا، گىماھەلىرىمىزنى ئېلىپ، بىزگە
بوردىياقالدۇرغۇچى بۇلاڭچى. بىر قانچە خۇراپاتلىققا چوكەك
ئۇلار شۇنچە خوش بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزگە خۇراپاتلىق
ۋاباسىنى سەپكۈچىدۇر، بىر قانچىكى غەپلەتكە چوكەك ئۇ-
لار شۇنچە خوشال بولىدۇ، چۈنكى غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ
مەس قىلغۇچى دورىلىرىدىندۇر ئۇلار بىزگە ئىچكۈزگەندۇر، ئۇ-
لار بىزگە مېھمان ئەمەس، يىلتىزىمىزنى قىرقىيدىغان زۇ-
لۇك، سۈيىقەستچى، كاللاكېسەر، قاتىل، قان شورىغۇچى يال-
ماۋۇز، دەپ تونۇيدىغانلاردىن ئىدى.

ئابدىقادىر داموللامنىڭ تەشۋىقاتى، قوزغىتىشى ۋە
تىشلىكىمىشەلى بىلەن نەچچە مىڭلىغان ئاما غەزەپكە كېلىپ،
شۇتىلەرنىڭ گېزىت - ژورناللىرى ۋە دوختۇرلۇق ئەسۋاپ-
جازىلىرىنى چېقىپ، كويدۇرۇپ، شۇتىلەرنى قەشقەردىن قوغ-
لاپ چىقىرىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىد-
گە قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. ئابدىقادىر داموللام باشچىلى-
غىدىكى ئىلغار زىيالىلار ئىلىم - مەرىپەتنى، يېڭى مەدىنىيەت-

نى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى مائارىپنى تىكلەش يولىدا جاھان-
گىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي
ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، جاھانگىرلارنىڭ
يۈرىكىگە خەنجەر، كۆزىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ جان باقىدىغان
ئەكسىيەتچىلەر يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۆز خوجايىن-
لىرى — جاھانگىرلار، يەرلىك فېودال ھۆكۈمرانلار، مۇتەئەس-
سىپ كۈچلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، 1924-يىلى 8-ئايدا
ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر ئابدۇقادىر
داموللامنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەكسىيەتچىلەر، ھەسەت-
خورلار، مۇتەئەسسىپ ئىشانلار - بارلىق ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت
تەرەققىياتىنىڭ دۈشمەنلىرى. شۇڭلاشقا لۇشۈن كاپىتالىستلا-
غا كۈچۈكلىنىپ غالچىلىق قىلغان لياڭ شىچيۇغا ئوخشاش-
لارنى: "باقىدىغان ئادىمى بولماي، ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ
كەتكەن، ياۋا ئىتقا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا
بايلارنى كۆرگەندە كۈچۈكلىنىپ، گادايلارنى كۆرگەندە قا-
ۋايدۇ" ① ئۇلار "كاپىتالىستلارنىڭ" "سالپايغان" "لالا-
ما ئىتى" دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇ مەشھۇر ئالىم ۋە تالانتلىق
شائىرنى خەلقتىن ئايرىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ
خەلق ئاممىسى ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-

① «لۇشۈن ژاۋۇنلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1975-يىل نەشرى، 331-بەت.

لىك ئۇستازى، جەڭگىۋار جەڭچىسى ھېساپلاپ، ئۇنى خاتىر-
لەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئابروي - ئىناۋى-
تىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زاتتىن تەلىم ئال-
غان مىڭلىغان تالىپلار قوللىرىغا ھاسا تۇتۇپ، تۇماقلىرىنى
تەتۈر كىيىپ، "ئاھ ئىسىت،" "ۋادەرىخە" دەپ يىغلاپ مەر-
سىيە، قوشاقلار ئوقۇپ بۇ ئۇستازنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئېچىندى،
ئەپسۇسلاندى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتكە بولغان كۈچلۈك نارا-
زىلىقى ۋە نەپرىتىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار مۇنداق قوشاق-
لارنى قوشتى ۋە تەزىيە شېئىرلىرىنى ئوقۇشتى:

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز،
داموللىغا دەيۈزلەر —
قەست قىلمايدۇ دەپتىمىز؛

ئېتىنىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدىقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئومرۇڭ ئوتكەن ئەمەسمۇ؟

ئاق قوچقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگىسىنى تاپالماي.
تالىپ باللار يىغلايدۇ،
داموللامنى تاپالماي؛

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا،
شەيتانۇ - رەجىم قالدى؛

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە،
ئۇنتۇمايمىز بىز سىنى،
ۋەدىمىز شۇ ئەلۋەتتە.

مانا بۇ مەرسىيەلەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئېسىل ئىنقىلاۋىي پەزىلىتى، جەڭگىۋارلىق خىسلىتى، خەلقپەرۋەرلىكى ئېنىق نامايەن قىلىنغان ۋە تەشۋىق قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ خىل ھېسسىيات كىشىنى تەسىرلەندۈرەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ بۇ خىسلەتكە ۋارىسلىق قىلىش قەتئىي ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

### ئالتىنچى لېكسىيە

# شائىر قۇتلۇق شەۋقى

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆزىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى، مەدەنىيەت ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە خېلى زور تەسىر قوزغىغان مەدەنىيەت جەڭچىسىدۇر.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن.

قۇتلۇق شەۋقىنىڭ دادىسى ئابدىرېھىم بەگ ھاجى ئۆز زامانىسىدا قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەتكە خۇشتار كىشى ئىدى. ئۇ، 1908 - يىللىرى ئوغلى قۇتلۇقنى ھەج سەپىرىگە بىللە ئېلىپ كەتتى. ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇتلۇقنى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەردارىلمۇئەللىم» غا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۈركىيىگە كېلىدۇ، قۇتلۇق ئىستامبول

شەھىرىدىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتىدا ئوقۇيدۇ.

بۇ مەزگىللەردە ئەرەپ ئەللىرىدە جۈملىدىن تۈركىيە- دە دېموكراتىك ئىسلاھات ھەركەتلىرى، فېئوداللىق جاھا- لەتكە، خۇراپاتلىققا، قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى ھەركەتلەر قانات يېيىۋاتاتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسى- ياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن جەدىتىزىم (ئىسلاھاتچى- لىق) تىن ئىبارەت مىللىي بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمى ياش شا- ئىرغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۆز خەلقىنىڭ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئەركىنلىككە، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىشى، چەتئەللەردىكى بىر مەزگىللىك سەپەرى جەريانىدا كۆرگەن ھەر خىل ئەھۋاللار، ھەر خىل تۇرمۇش سەرگۈ- زەشتىلىرى، ياش قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىدىيىسىدە تەرەق- قىيپەرۋەرلىك ئويغۇنىشى شەكىللەندۈردى، غەپلەت ئاستىدا ياتقان خەلقىنى ئويغۇتۇش ۋە ئاقارتىش خىيالى بۇ قورق- ماس، جۈرئەتلىك ياشنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بەنت قىلىۋال- دى. ئۇ، ئۆز خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى، ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى ئويلىغىنىدا، ھەج سەپىرى جەر- يانىدا بىر قانچە مەشھۇر مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىرىنىڭ يې- تەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز بىلى- مىنى تولۇقلاش ئۈچۈن زامانىسىدىكى داڭلىق ئىلىم - مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخارا شەھىرىگە بېرىپ ئوقىدى.

قۇتلۇق ھاجى ياشىغان دەۋر — چىڭ سۇلالىسىنىڭ زا-

ۋاللىقتا يۈزلەنگەن مەزگىللىرى بولۇپ، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم ھەددى-ھېسابسىز ئېغىرلاشقان، خەلق قاتمۇ-قات ئازاپ-ئوقۇبەت تاغلىرى ئاستىدا يەنچىلىۋاتقان دات-پەريات سادالىرى زېمىننى قاپلىغان مەزگىل ئىدى. ياڭ زېڭشىنىڭ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقى ئەل-يۇرتنى خاراپ قىلغان ئىدى. نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئەسىرى بولغان خەلقنىڭ دات-پەريادى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىچىنىش، ھەمداشلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا، كېچە-كۈندۈز خەلقنى خارلاۋاتقان بۇ زۇلۇم زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش، ئاسارەتلىك تۈزۈمنى كومپەيكوم قىلىشنى، ئۆز خەلقىنى مۇشۇ خىل نادامەتلىك، قۇللۇق تۇرمۇشى ئىچىدە كۆرمەسلىكنى، ئەركىن، باياشات باراۋەرلىك ئالىمىدە كۆرۈشنى ئويلايتتى. ئۇ، ئەنە شۇنداق خەلقىنىڭ، ئېلىنىڭ باراۋەرلىكى، بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا كۆيۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمەلدارلار، بايلار، ئۆلىمالار ۋە شائىرلار قاتناشقان بىر مەركىدە شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە شېئىر ئوقۇش بولىدۇ، ھەممە "بولسۇن"، "كەلسۇن" دېگەن سۆزلەر قاپىيە كەلتۈرۈلۈپ مۇشائىرە باشلىنىدۇ. بۇ سورۇنغا قوتلۇق شەۋقىمۇ قاتنىشىدۇ. نەپسانىيەتچى ۋە خوشامەتچىلەردىن بىر قانچىسى قۇندۇز ياقىلىق تەتىللا تون كەلسۇن، ياخشى يەمەك ئىچمەك، نازى-نېمەت كەلسۇن، گۈزەل قىز-چوكانلار بىلەن ئەيش-ئىشرەت بولسۇن ...، دەپ رەزىل

روھى دۇنياسىنى ئاشكارىلايدۇ. شائىر قۇتلۇق شەۋقىمۇ غەزەپكە كېلىپ، شۇقاپىيە ئىزىدىن مەردانىلىق بىلەن: ماڭا بىر قىلىچ كەلسۇن، ئۇ مېنىڭ بۇيرۇغۇمغا بويسۇنسۇن. مەن ئۇنىڭغا خەلقىمنىڭ بويىنىدىكى خارلىق زەنجىرىنى ئۈز دەپ بۇيرۇق بېرەي، ئەگەر ئۈزۈلمىسە، قايتىپ كېلىپ مېنىڭ بويىنۇمنى ئۈزسۇن، شۇنىڭ بىلەن خەلقىم ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە خارلىق كوزۇمگە كورۇنمىسۇن دەپ نەزىرە ئوقۇيدۇ ۋە بۇ مەزمۇننى كېيىن مۇنداق شېئىرى مىسرالارغا مەركەزلەشتۈرىدۇ:

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۈزسە خەلقىمنىڭ بويىندىن خارلىق كىشەن - زەنجىرىنى.
گەر خاراپكەن ئەل - ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كورمىسۇن شەۋقى كوزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

مانا بۇ شېئىردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ زورلۇق - زوراۋانلىققا بولغان قارشىلىقى ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى نامايەن قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئەينى جەمىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان كونا تۈزۈمگە، ئەل ئۈستىگە ياققان بالايى - ئاپەتكە، خار-زارلىققا، ئاسارەتكە قارشى قەھرى - غەزىپىنى، خەلقنى تەڭلىك-باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىككە دەۋەت قىلىدىغان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسىنى كورىۋالغىلى بولىدۇ. ھەمدە قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، دېموكراتىك مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى بىلەن فېودال ئوردا ئەدىپلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، دۇنيانىڭ سىياسىي قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. «4-ماي» ھەركىتىنىڭ قوزغالغانلىقى ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، داغدۇغىلىق ئەمگەكچىلەر ھەركىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ھەركەت جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى، جۈملىدىن جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە كۈچلۈك ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى: "جۇڭگونىڭ ھاياتى كۈچكە ئىگە سىياسىي قوشۇنى يەنى جۇڭگو پىرولېتارىياتى بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭگونىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققانلىقتىن، بۇ ھاياتى كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت قوشۇنى جەڭگىۋار ۋە يېڭى قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، بىرلىشىشكە مۇمكىن بولغان بارلىق ئىتتىپاقچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز سېپىنى تۈزۈپ، جاھانگىرلىك مەدەنىيىتى ۋە فېئوداللىق مەدەنىيەتكە قارشى قەھرىمانانە ھۇجۇم باشلىۋەتتى" ① قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھېلىقى مۇشائىرە يىغىنىدا بۇ بۇرژۇئا ئەدىبلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئوقىغان شېئىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرىدىن، ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە كۆيۈنىدىغان، خەلقنى ھۆرلۈك، بەخت-سائادەتلىك ۋە باراۋەرلىككە يەتكۈزۈشنى ئويلىغان تەرەققىيپەرۋەر مەدەنىيەت جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

بۇ دەۋردە يەنە دۇنيادىكى بەزى مەملىكەتلەردە سانائەت،

---

① ماۋزېدوڭ: «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، 668-669-بەتلەر.

پەن - مەدەنىيەت يۈكسەلمىۋاتقان، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەت-
تە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىنقىلاۋىي كۆرەشلەر ئۇلغىيىۋات-
قان ئىدى. مەملىكەتلەردە بولسا دېموكراتىيە، ئازادلىق
ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن بولغان كۆرەش بورىنى ھەممە يەرنى
قاپلىغان ئىدى. ئېزىلگەن، مايۇسلانغان خەلق ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى ھەل قىلىش ئۈچۈن قولغا قورال ئېلىپ، ئورنىدىن
دەس تۇرغان ۋە پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان
ئىدى. ئەينى شارائىتتىكى بۇ رىئاللىق شائىرنىڭ تەرەققىيپەر-
ۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە ۋە مەۋ-
قەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شائىر قۇتلۇق ھاجى «شەۋقى»
تەخەللۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆپلىگەن شېئىر ۋە ما-
قالىلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى زۇلۇمغا، جاھالەتكە قارشى
تۇرۇشقا قوزغاپ، فېئودال مۇستەبىتچىلىككە قارشى دادىل
كۆرەش قىلدى. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنى فېئوداللىقنىڭ
ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرەشكە ئۈندەپ ۋە چاقى-
رىپ مۇنداق يازدى:

قېرىنداشلار تۇر ئەمدى پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،
جەمىيەتتە ياشىغان ئەھلى - ئىمان ئويغاندى.
بىزلەر ئۆتتۇق خارلىقتا، ھەسرەت بىرلە زارلىقتا،
قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇللۇقتىن مەردۇ - مەردان ئويغاندى.
زۇلۇم ئىچىدە ياشىدۇق، ئەركىن بولماي قاخشىدۇق،
كۆزۈڭ ئاچقىل ئەي خەلقىم! ئەھلى ۋىجدان
ئويغاندى.

قاچانغىچە ياتىمىز ! بىزمۇ ئىنسان ئەمدۇققۇ؟!
ئويغان ئەمدى كوز ئېچىپ، جانۇ - جاھان ئويغاندى.
كۆرەش قىلماق ئەرك ئۈچۈن، ئەركىنلىكتە ياشايمىز،
ئەزىز خەلقىم كوزۈڭ ئاچ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.
ئويغانغانلار ياشنىدى، ئۇخلىغانلار قاخشىدى،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا، شۇم زىمىستان ئويغاندى.
ئويغىنايلى ئۇيقىدىن، ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات!
ئىلمۇ - ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاھان ئويغاندى.

شائىر بۇ شېئىرىدا خەلقنى ئەركىنلىك، ھورلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن "ئەزىز خەلقىم كوزۈڭ ئاچ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى" دەپ كۆرەشكە چاقىرىپلا قالماي، يەنە ئەگەر ئوزەڭنىڭ ھالىغا ئوزەڭ ئېچىنمىساڭ، ئوزەڭ قايغۇرۇپ ھەركەتكە كەلمىسەڭ - ئەركىنلىك ھەرگىز ئوزلىگىدىن كەلمەيدۇ، دۇنيانىڭ كۆرەش تەجرىبىسى شۇكى "ئويغانغانلار ياشنايدۇ، ئوخلىغانلار قاخشايدۇ" دەپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىنتايىن مۇھىم بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەمدە ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەشكىلا رىغبەتلەندۈرۈپ قالماي، بەلكى يەنە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىشنىڭ تولىمۇ زورۇرلىگىنى، شۇڭا "ئىلمۇ - ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاھان ئويغاندى" دېگەن پىكىرلىرى ئارقىلىق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. روشەنكى، شائىر يېڭى بىر دۇنيانىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى يەنى يېڭى بىر تارىخنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ، سىگنال چېلىش بىلەن خەلق-

نى بۇ تاغنى قارشى ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇزغاتتى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىنتايىن زور بولغان قۇد-
رەتلىك مەنىۋى كۈچتۇر. ۋەتىنىمىز ئەدەبىيات تارىخىغا
نەزەر تاشلايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئەدىب-
لەرنىڭ ئاجايىپ ئىش ئىزلىرى بىلەن بىللە يۈكسەك ۋە-
تەنپەرۋەرلىك روھ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەسەرلىرىنى كۆرىمىز.
ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئۆز يۇرتىنى، يارىنى سېغىنىش ۋە
ئۇنى قوغداش، قەدىرلەش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش قاتارلىق مەزمۇن-
لار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. شائىر قۇتلۇق شەۋقىي بۇمەللى
ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا كۆپ-
لىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ۋەتىنىگە بولغان مۇھەب-
بىتى، سېغىنىشى، سۆيگۈ ھىممىتىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ سەرگۈزەش-
تىسى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىسى ۋە گۈزەل
كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشىنى تارىخىي پاكىتلار ۋە رىئال
ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.
ئۇ، قەشقەر ھەققىدىكى غەزىلىدە، سۆزىنى تارىختىن باشلاپ
مۇنداق يازىدۇ:

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق - بۇغرايى قائانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئۇل شەھىدۇ، قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» خەلقنى قىلغان بەختىيار،

خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت»،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ-شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن «شەۋقى»نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار
چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆز شېئىرىدا يۈكسەك پەخىرلىنىش ئىپتىخارى بىلەن قارا خانىلار دەۋرىنى، قارا خانىلار دەۋرىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئالىپ ئارسلانخانلارنى تىلغا ئالىدۇ. قارا خانىلار دەۋرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر تارىخىدا پەخىر ۋە غۇرۇر بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر پارلاق سەھىپە. قاراخانىلار دەۋرى 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13- ئەسىرگە قەدەر 4 ئەسىر داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ دەۋردە مەدەنىيىتىمىز ئىنتايىن روناق تاپقان ۋە گۈللەنگەن ئىدى. پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، شەھەرلەردىكى يەرلىك سانائەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ گۈللىنىشى، شەھەرلەر ئارا بولغان ئىقتىسادى - سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرگە ماس ھالدا قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت ئوخشاش چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان شەھەر مەدەنىيىتى يۈكسۈلۈشكە باشلىدى.

بۇنداق بىر ئىجتىمائىي يۈكسىلىش ئەينى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرىشىگە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن بولغان مەھمۇت بىن ھۈسەيىن بىن مۇھەممەت قەشقەرى 11- ئەسىردە، ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇلۇغ ئالىم، بۈيۈك تىلشۇناس، تارىخچى، ئېتنوگرافىيە مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە مەشھۇر بولۇپ قالماي، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ يۈكسەك سەۋىيىلىك، پىشقان بىر ئەدىبى سۈپىتىدە تارىختىن ئورۇن تۇتقان. ئۇ يازغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىر قەدەر تولۇق ۋە ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان بىردىن - بىر ئانتالوگىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، تەخمىنەن 1019 - ياكى 1020 - يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغان، مۇتەپەككۇر شائىر، بۈيۈك ئالىم ۋە پەيلاسوپ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا «قۇتاتقۇبىلىگ» دىن ئىبارەت يىرىك داستاننى ئېلىپ كىرىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا يۈكسەك بىر مۇنار تىكلىدى. شائىر داستاننى دەسلەپ قېتىم 1070- يىللىرى قەشقەر خانى ئابۇئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن خاندىن "خاس ھاجىپ" لىق ئۇنۋانىنى ئالغان. مەيلى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى (13

مىڭ مىرادىنى ئارتۇق) جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەز-مۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ سالمىقى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بەدىئىي كامالىتى، تىلىنىڭ گۈزەل ۋە ئوبرازلىقلىقى جەھەتتىن بول-سۇن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈكسەك پەل-لىسىنى نامايەن قىلدى.

شائىر قۇتلۇق شەۋقى قەشقەرنى تىلغا ئالغاندا بۇ دىيارنىڭ تارىخىي جەھەتتىنكى ئەنە شۇنداق شان-شەرەپ-لىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ، ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەجدادلارنىڭ قەتئىي ئىرادىسى، ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇلارنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسى، تىرىشچانلىقى ۋە يۈكسەك روھىدىن ئۆگىنىپ، ئەۋلادلىرىمىزنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار تۆھپە يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

قۇتلۇق شەۋقى ئۆز ھاياتىدا تارىخىي بىلىملەرنى ئەت-راپلىق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى-نىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بىزگە مە-لۇم، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئىزچىل-لىق بولىدۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىيات-ئۆتكەنكى ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. دەرۋەقە، ھەر دەۋرنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيە سىستېمىسى ۋە دۇنيا قارىشى بولغاچقا، ھەر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. مىللى مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش، مىللى ئەدەبىياتىمىزمۇ بىرلا دەۋر-

دە بىرلا رايوندا بىر قانچە ئەدىب يارىتقان چەكلىك ئەسەرلەر بىلەنلا شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە دەۋرلەر مابەينىدە، كۆپلىگەن رايونلاردا، نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەرنىڭ ھەر خىل ژانىردا يارىتقان سانسىزلىغان ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان. قۇتلۇق شەۋقى ئەدىبىي ئىجادىيىتىدە ئۆز مىللىتىنىڭ شەرەپلىك تارىخىدىكى مەدەنى مىراسلىرى ۋە تارىختىكى مەشھۇر تۆھپىكارلار بىلەن مەغرۇرلىنىش، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەنلا قالماي، ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە خەلقىنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا قوشقان تۆھپىسىگىمۇ كەڭ كۆڭۈللۈك، مەردانىلىق بىلەن توغرا باھا بەرگەن. مەسىلەن، ۋەتەنپەرۋەر ھەم تەرەققىپەرۋەر ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇقادىر داموللام ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە چىرىك فېئودال كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستى بىلەن 1924-يىلى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇ چاغدا قۇتلۇق شەۋقى خەۋپ-خەتەرگە قارىماي، كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەرسىيە يېزىپ، خەلقىنىڭ مۇدھىش زىيانكەشلىككە بولغان قايغۇسى ۋە غەزىۋىنى ئىپادىلىدى، ياۋۇز، رەھىمسىز كۈچلەرنى، ئادالەتسىز زامانىنى، قارانىيەت قاتىللارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق يازدى:

ئەسلى:

ۋا ھەسرەتا! بۇ رەھىمسىزنىڭ كارى ئىرور مىكرۇ-زەرەر،

ئادەتلىرى غەدرو ـ سىتەم، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن نەسەر،
يەشمىسى :
ئاھۇ ـ ھەسرەتكى بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ھىلە ـ مى-
كىر ۋە زىيانكەشلىك، ئادەتلىرى خىيانەت، زۇلۇم بولۇپ،
ئۇنىڭدا ياخشىلىقتىن قىلچە نەسەر يوق.
ئەسلى :
دۇنيايى پانى بىۋاپا، گۇمراھتا يوق سىدقو ـ ساپا،
پىكرى ـ خىيالىدۇر جاپا، مەردانىلەرگە يوق سەمەر.
يەشمىسى :
دۇنيادا مەڭگۈ ۋاپا يوق، ئازغۇنلەردە پاكلىق، راست-
چىللىق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ پىكرى جاپا قىلماق بولۇپ،
مەرت كىشىلەر ئۇلاردىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ.
ئەسلى :
كوپ ئىلمۇ ـ ئىرپانلىق زەبۇن، قالمىش يۈرەكتە داغ ـ خۇن،
شاد ـ خىرامان نەچچە دۇن پەرۋاز ئېتەر، بى بالۇ ـ پەر.
يەشمىسى :
ئىلىملىك، ئاڭلىق كوپلىگەن كىشىلەر ھەمىشە خارلىق-
تا ئوتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى قان بىلەن يا-
رىغا تولغان، لېكىن، يولىدىن ئازغان قانچە نادانلار قانات ـ
قۇيرۇقسىز خوشال ئۇچۇپ يۈرىدۇ.
ئەسلى :
ئول مۇرشىدى ئالى ھىمەم، كانى ھىدا بەھرى كەرەم،
خەلقىنىڭ غېمىدە دەمبەدەم ھەسرەتلىنىپ شامۇ ـ سەھەر.

يەشمىسى :

ئۇ ئالىي ھىممەتلىك بىر ئۇستاز بولۇپ، ھىدايەت-
ىنىڭ كانى، كەرەم - ئوچۇق قوللۇقلىقىنىڭ دەرياسى ئىدى.
شۇڭلاشقا ھەمىشە - كېچىلەپ - كۈندۈزلەپ خەلقىنىڭ غېمىدە
ھەسرەت چېكەتتى.

ئەسلى :

قەستى ئۇنىڭ ئىسلاھ ئىدى، يۇرتى ئۈچۈن ھەق
سۆزلىدى،

جاھىل ھەرىپلەر تويمىدى، تارتىپ ئاڭا تىغۇ - تەبەر.

يەشمىسى :

ئۇنىڭ مەقسىدى ئەل - يۇرتىنى تۈزەش، ئىسلاھ قى-
لىش بولۇپ، يۇرت ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن ئىدى، لېكىن
جاھىل دۈشمەنلەر يامانلىق قىلىشتىن قايتمىدى، بەلكى
تىغ ئۇرۇپ ئۇنى يوقىتىۋەتمىگىچە قانائەتلەنمىدى.

ئەسلى :

چۈن ھاجى قۇتلۇق ماتەمى، ئايرىلدى ئالىي ھەمدەمى

كەتتى كوزۇمدىن ئالىمى، پىنھان بولۇپ مىسلى قەمەر.

يەشمىسى :

قۇتلۇق ھاجى ئۆزىنىڭ ئالىي مەسلىھەتدىشىدىن ئاي-
رىلىپ ماتەم ئىچىدە قالدى، خۇددى ئاي بولۇت ئىچىگە
يوشۇرۇنۇپ ئالغاندەك ئالىم - داموللا ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى.

شائىرنىڭ بۇ مەرسىيەسى پۈتۈن يۇرت ئىچىدە زور
تەسىر قوزغىدى. مۇستەبىتلەر، زوراۋانلار، سۇيىقەستچىلەرگە

ئەجەللىك بازغان بولۇپ ئۆرۈلدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر كەۋدىلىك قىسمى — ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىق، گېزىتچىلىك تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ، تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت چىقارغان ئاتاغلىق نەشرىياتچى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇ، 1933 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى نەشر قىلدى. گەرچە بۇ گېزىت ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ توسقۇنلىقى بىلەن ۋاقىتلىق توختىغان بولسىمۇ، لېكىن 1934 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە «يېڭى ھايات» گېزىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەخسۇس باسما ماشىنا ۋە باسما خادىملىرىغا ئىگە بولۇپ، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك قورالغا ئايلىنىش بىلەن، تىراژى شۇ دەۋردىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. بۇ گېزىتتە ھەرخىل ماقالىلار، يەرلىك خەۋەرلەر، خەلقارا خەۋەرلەر بېسىلغان بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن ئىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئاتاغلىق تارىخشۇناس بولۇپ، مەكتەپلەردە تارىخ دەرسى ئۆتكەندىن تاشقىرى، «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئۆزى يازغان تارىخىي ئەسەرلىرى ئىچىدە «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئىي كاشغەر» ناملىق كىتاۋى، مۇھىم تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا

ساقلانماقتا. ئۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلىدا نە-
رەپچە - پارچە لۇغەتلەرنىمۇ ئىشلىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە چىققان گې-
زىتلەردە نەشىر قىلىنغان ئەركىن پىكىرلەر، دېموكراتىيە
ۋە ئەركىنلىك سادالىرى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يېغىرىنى ئې-
چىشەتتى، بۇ زۇلمەتلىك تۈزۈمنى قوللايدىغان ھۆكۈمران-
لارغا ئېغىر زەربە بولدى. شۇڭلاشقا زوراۋانلار گۇرۇھى
ئۇنى يوقۇتۇش كويىغا چۈشتى، 1938 - يىلى ئوكتەبىر
ئايلىرىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقى شىڭشىسەي تۈرمىسىگە تاش-
لىنىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ يۈرەك قېنىنى
سەرپ قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى، شۇ چاغدىكى ئاقتۇرۇش،
مۇسادىرە قىلىشتا بۇلاپ كېتىلدى ۋە تارتىپ ئېلىندى،
ئەمما ئۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات غەزىنىمىزگە قوش-
قان شانلىق قىممەتلىك بايلىقلا مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ئۇنىڭ
مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تارىخىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى
خەلق قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مىراس-
نىڭ ھەقىقى شاھىدى ۋە ئىگىسى بولغان خەلقىمىز ھاياتلا
بولىدىكەن ئۇنىڭ شانلىق ئەدەبىي مىراسلىرىمۇ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ ۋە داۋاملىق ئۆز رولىنى جارى قىلىۋېرىدۇ.

## يەتتىنچى لېكسىيە

# يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى

### 1 . يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخى، ئىجتىمائى ئارقا كورۈنۈش

1927 - يىلى 12 - ئاپرېلدا جياڭ جيېشى ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، شاڭخەيدە ئىنقىلاپقا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاسىيلىق قىلدى؛ شۇ يىل 15 - ئىيولدا ۋاڭ جىڭۋېي گۇروھىنىڭ ۋۇخەن ھوكۇمىتىمۇ كومپارتىيىگە قارشى چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يېزىلاردىكى يەرلىك ھوكۇمرانلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، جاھانگىرلارغا بۇرۇنقى ئەكسىيەتچى شىمالىي مىلىتارىستلاردىنمۇ بەكرەك يولۇنۇۋېلىپ، جۇڭگو خەلقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە، كەڭ - كولەملىك قانلىق قىرغىنچىلىق باشلاندى. "تونۇگۇنكى ئىتتىپاقچىلار - جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى دۈشمەن دەپ قارالدى، تونۇگۈن-

كى دۈشمەنلەر — جاھانگىرلار ۋە فېئوداللار ئىتتىپاقچى دەپ قارالدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ۋە جۇڭگو خەلقىگە قارىيۈزلۈك بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىندى؛ جۇڭگونىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئۇلۇغ ئىنقىلاۋى دەپنە قىلىندى. شۇندىن كېيىن ئىتتىپاقلىقنىڭ ئورنىنى ھاكىممۇتلەقلىق ئالدى، نۇرلۇق جۇڭگونىڭ ئورنىنى زۇلمەتلىك جۇڭگو ئالدى. ئەمما، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى قورقۇپ كەتكىنى يوق، بويسۇنغىنى يوق، قىرىلىپ تۈگىگىنى يوق، ئۇلار يەردىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ، بەدەنلىرىدىكى قانلارنى تازىلىۋېتىپ، ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ كەڭ رايونلىرىدا خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىل قىلىندى، يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى، خەلق ئارمىيىسىنى — جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇردى.“①

1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنچاڭ شەھىرىدە جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدا مەشھۇر بولغان «1 - ئاۋغۇست» قوزغىلىڭى پارتلىدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ يېڭى قۇرۇلغان ئىشچى - دېھقان ئىنقىلاۋىي

---

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە، 3 - توم، «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» 347 — 348 - بەتلەر.

ئارمىيىسىنى باشلاپ جىڭگاڭشەن تاغلىق رايونىغا بېرىپ، خۇنەن، خۇبېي چېگرا رايونلۇق ئىشچى - دېھقانلار ھۆكۈمى- تىنى قۇردى. جىڭگاڭشەن ئىنقىلابىي بازىسىنى مەركەز قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىرلىشىپ، تەدرىجىي كېڭەيدى ۋە ئۇلغىيىشقا باشلىدى. جىڭگاڭشەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بوشۇكىگە ئايلىنىپ، ئۇ يەردىن ئىشچى - دېھقان قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنلىرى چاقنىدى. جاھانگىر- لارغا قارشى، مىللىتارىستلارغا قارشى، فېئودال پومېششىكلارغا قارشى ئىنقىلاپ دولقۇنى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. "ئۇچ - قۇندىن يانغىن چىقىدۇ، دېگەن سوز - دەل ۋەزىيەت تەرەق- قىياتىنىڭ باپ تەسۋىرى"① بولۇپ قالدى.

جۇڭگو ئىنقىلابى شۇندىن ئېتىبارەن يېزىلار ئارقى- لىق شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، ھاكىمىيەتنى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق تارتىۋېلىش يولىغا قاراپ ماڭدى. ئىنقىلابىي بازىلار داۋاملىق ھالدا قۇرۇلدى ۋە تېخىمۇ كېڭەيدى. پار- تىيىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە قاراپ قانات يايدى. 1929 - يىلى يولداش ماۋزېدوڭ بىلەن يولداش جۇدې رەھبەرلىك قىلغان قىزىل ئارمىيە جەنۇبىي جياڭشى بىلەن فۇجيەننىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلدى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ رۈيجىن شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، مەركىزىي ئىنقىلابىي بازا قۇرۇلدى. يولداش ماۋ-

①«ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە، 2 - توم، 204 - بەت.

زېدوڭ 1927 - يىلى قىشتىن تارتىپ قۇرۇشقا باشلىغان ئىنقىلاۋىي بازىلار ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن باشقا پىشقەدەم يولداشلار ھەر قايسى جايلاردا قۇرغان ئىنقىلاۋىي بازا ۋە ئۇلار رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار، يېڭى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقى-لاۋىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. بۇ جياڭجېشى ئەك-سىلئىنقىلاۋى ھۆكۈمرانلىقىغا ئەڭ زور تەھدىت، پۈتۈن ئەم-لىكەتتىكى ئەمگەكچى خەلققە ئەڭ زور مەدەت بولدى.

1930 - يىلدىن باشلاپ يولداش ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى جياڭجېشىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن 5 قېتىم يۈرگۈزگەن "قورشاپ يوقۇتۇش" نى ئۈزلۈكسىز ھالدا تار - مار قىلىپ، غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. 10 يىللىق ئىچكى ئىنقىلاپ جەريانى — جياڭجېشى ئەكسىلئىنقى-لاۋى گۇرۇھىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى "قورشاپ يوقۇتۇش" ى بىلەن يولداش ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ "قورشاپ يوقۇتۇش" قا قارشى ئۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش جەريانى بولدى.

جىڭگاڭشەندە لاۋۇلداپ يانغان ئىنقىلاپ يالقۇنلىرى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ بۇرجەك — شىنجاڭنىمۇ يورۇتۇشقا باشلىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ باش-لىنىشى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىي تارىخىدا زور بۇرۇلۇش مەي-دانغا كەلدى. جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي تارىخىدىمۇ جىددى ئۆزگۈرۈشلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە

باشلىدى.

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ رايونىغا 17 يىل ھوكۈمرانلىق قىلغان مۇستەبىت ياڭ زېڭشىنىڭ قول ئاستىدىكى يېڭىلاش ئىدىيىسىدە بولغان ھەربىي ئەمەلدار پەن ياۋنەن تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېن تەختكە چىقتى. ئەنە شۇ «7 - ئىيۇل ۋەقەسى» دىن كېيىن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ياڭ زېڭشىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مۇستەبىت جىن شۇرېنغا يولۇقتى. گەرچە ئۇنىڭ ئىقتىدارى ياڭ زېڭشىڭغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ياۋۇزلۇق، ۋەھشىلىك بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشتى.

ياڭ، جىن زالىملىرى كەڭ ئىمتىياز بەرگەن ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇن، لامالار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، ئۇلار راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ خەلقنى زار قاقشاتتى. زۇلۇمغا، ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىدا دەرت ئۈستىگە دەرت، خەۋپ ئۈستىگە خەۋپ كوپەيدى. تۇرمۇش يامانلاشقانسېرى قالايمىقانچىلىق، جېدەل - ماجىرا ۋە ئۇرۇش كوپەيگىلى تۇردى. ئەكسىيەتچى ھوكۈمەت زۇلۇمنى قانچىلىك ئېغىرلاشتۇرسا، خەلقنىڭ غەزىۋى شۇنچىلىك ئۇرلىدى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئىلگىرىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنى قانچىلىك قاتتىق باستۇرغان بولسا، ئىككىنچى بىر ئىنقىلاپنىڭ تۆرەلمىسى پەيدا بولۇپ يېتىلەتتى، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت دېموكراتىيىنى

قانچىلىك دەھشەتلىك بولغىسا، ئەمگەكچى خەلق دېموكراتىيىگە، ئازاتلىققا، ھۆرلىككە شۇنچە تەلپۈنەتتى، ھەمدە ئەشۇ پارلاق يولغا باشلاپ ماڭغۇچى نىجاتچىغا شۇنچە كۈچلۈك تەقەززا بولاتتى.

شىنجاڭ خەلقى ئەنە شۇنداق جاھالەت ئىلكىدە تۇرغان پەيتتە، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. سانى ئانچە كۆپ بولمىغان بۇ دەسلەپكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كەلگەن ئىدى. 1922 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا قاتنىشىش قارار قىلىنغان ئىدى، شۇندىن ئېتىۋارەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ بىر ياچېيكىسىغا ئايلانغان ئىدى؛ 1919 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا موسكۋادا شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەك داشۆيىسى قۇرۇلدى، (قىسقارتىلغان نامى «شەرق داشۆيىسى») بۇ داشۆي مەخسۇس شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەر كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىگە ئىنقىلاۋىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىدىغان سىياسى داشۆي ئىدى. 1921 - يىلى «شەرق داشۆيىسى»دە جۇڭگو سىنىپى ئېچىلدى. بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى تاللاپ ئەۋەتكەن، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار

ئىتتىپاقى ئەزالىرى ئىدى؛ 1925 - يىلى ئۇلۇغ دېموكرا-
تىزمچى سۇن جوڭشەن ئەپەندىنى خاتىرلەش ئۈچۈن موسكۋا-
دا «جوڭشەن داشۆبى» قۇرۇلدى. بۇ داشۆبگە جوڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كادىرلار-
نى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. (ئوقۇغۇچىلار سانى بىرەرمىڭ ئەت-
راپىدا ئىدى)؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە موسكۋا توپچى
ئەسكەرلەر مەكتىۋى، قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر مەكتىۋى ۋە قۇرۇ-
لۇش ئەسكەرلىرى مەكتىۋى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا جوڭگو
سىنىپى ئېچىلغان ئىدى.

1928 - يىلدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋات-
قان جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، دۆلە-
تىمىزدە ئىشلەش ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەلدى.
بۇ چاغدا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن جىڭشۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ
سودا ئالاقىسى ئورنىتىلغان ئىدى. 1930 - يىلى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان — سىبىرىيە تۆمۈر يولى قۇرۇلدى.
بۇ يولنىڭ 3 چوڭ پويىز ئىستانسىسى شىنجاڭنىڭ 3 چوڭ
شەھىرىگە قارىمۇ - قارشى تۇراتتى. تۈركىستان — سىبىرىيە
تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ
ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە
سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.
شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دىخۇا (ئۈرۈمچى)، غۇلجا،
چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق ئورۇنلاردا 5 كونسۇلخانا
قۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر تۈركۈم پارتىيە

ئەزالىرى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن كەلدى.

جىنگشورېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، سىياسىي ۋە-زىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي قوشۇننى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى. جىنگشورېننىڭ قوشۇنلىرى بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ، قەدەمدە يەتكەنلا يەردە ئەسكىلىك قىلىش، ئوت قويۇش، بۇلاش - تالاش، ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. 1931 - يىلى 2 - ئايدا قۇمۇلنىڭ شەرقىدە تۇرۇشلۇق چېگرا جازا ئەمەلدارى جاڭ پەمىللىك ئوفىتسېرنىڭ بىر ئۇيغۇر قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئەسلى قۇمۇل خەلقىنىڭ قەل-بىدە تۆمۈر خەلپىنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىكى ئاچچىق ساۋىقى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇرغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارىتا خەلقنىڭ قەھرى - غەزىۋى كۈچلۈك ئىدى بۇ ۋەقە، قاتتىق نارازىلىقتا يەڭگىنى شىمايلاپ يۈرگەن قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ غەزەپ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئالدى بىلەن شۇ يەر-دىكى چېگرا قىسىملىرىنى يوقاتتى. ئاندىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى شىددەت بىلەن كېڭەيدى...

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جىنگشورېنغا كۈچلۈك دەككە ۋە چوڭ تەھدىت بولدى. چۈنكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايلاردا ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا - ئارقى-

دىن كوتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى.

هوكۇمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن، جىڭشۇرېن ئامالسىز هالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇز هوكۇمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىشقا مادارى يەتمەي قالدۇ. دەل شۇنداق ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، 1933 - يىلى 2 - ئايدا هوكۇمەتكە قارشى ئەسكەرلەر ئۇرۇمچىنى قورشاپ ئالدۇ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۇرۇمچىنىڭ غەربىدىن هۇجۇم قىلىپ، هوكۇمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىدۇ. 4 - ئاينىڭ 12 - كۇنى كېچىدە جىڭشۇرېن ئالدىراپ - تېنەپ پۇللىرىنى ئېلىپ، تامدىن يامىشىپ قېچىپ چىقىپ، سانجى، چوچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوتۇپ، ئۇ يەردىن ئىچكىرىگە قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن جىنشۇرېننىڭ شىنى - جاڭدىكى ئەكسىيەتچى هوكۇمرانلىغى ئاياقلىشىدۇ. مانا بۇ - شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى "ئاپرېل ئىنقىلاۋى" دۇر.

بۇ چاغدا شىڭشىسەي جىڭشۇرېننىڭ چېگرا مۇداپىيە دۇبەنى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ هەربى هوقوقى شۇنىڭ قولىدا ئىدى. "12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى" جىڭشۇرېننى قوغلىۋەتكەن بىلەن سىياسى ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار ئۇز - لىرىگە ئارقا تىرەك قىلغىدەك ئارمىيىگە ئىگە بولمىغاچقا، سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ مېۋىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چوقۇم شىڭشىسەينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا 14 - ئاپرېل كۇنى ۋاقىتلىق تەرتىپ ساقلاش كومىتېتى شىڭشىسەينى چېگرا مۇداپىيە دۇبەنلىكىگە تەيىنلىدى.

شۇندىن ئېتىبارەن شىڭشىسەي شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمە-
رانى بولىۋالدى.

شىڭشىسەي ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزگە ۋەھشى-
لەرچە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئازاپ دېڭىزى
ئىچىدە قالغان كۈلپەتلىك كۈنلەردە تەختكە چىقتى. شىڭ-
شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا قانداق پوزىتسىيىدە
بولۇشى، ئۇز ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇس-
تەھكەملىيەلمەسلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ بۇنى
كۆپلىگەن تارىخىي ساۋاقلاردىن ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى.
ئۇ، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشقاندىلا ئاندىن جاھان-
گىر كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىنى توسقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە
شىنجاڭنىڭ تېچلىقى بىلەن ئورۇلۇشىغا پايدىلىق بولىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېگەن: "شەرقىي شىمالدىكى
4 ئۆلكىنىڭ قولدىن كېتىشىدىكى سەۋەب ياپون جاھانگىرلى-
گىدىن ئىبارەت ئاشۇنداق يامان خوشنىغا يولۇقۇپ قالغان-
لىقىمىزدىن بولغان، غەربىي شىمالدىكى شىنجاڭ جاھانگىرلار-
نىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا مۇنقەرز بولمايلا قالماي، بەلكى
گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتتىن ئۈمىت بار. چۈنكى ئۇ، سوت-
سىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ياخشى خوشنىغا ئىگە."①
ئەنە شۇ تۈپەيلىدىن شىڭشىسەي تەختكە چىقىشى بىلەنلا،
ئەڭ ئاۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كون-

---

① «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىل 3 - سان، 16 - بەت.

-ۇلخانىسىغا بېرىپ، تامغا ئېسىپ قويۇلغان. پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىننىڭ سۈرىتىگە قاراپ "ئېھتىرام بىلدۈر-دى". "كونسۇلخانىدىكى خادىملار بىلەن سۆزلەشكەندە: مەن كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىمەن، شىنجاڭ دۇنيا ئىنقىلا-ۋىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك."① دېدى. شۇ سەۋەپ-تىن پارتىيىمىز ئوبيېكتىپ جەھەتتە شېڭ شىسەي بىلەن تېزلا بىرلىكسەپ تۈزۈپ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى بېتىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلاشتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى: سىرتقى جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئىچكى جەھەتتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمىلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئىدى. شېڭ شىسەي، تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋەزى-يەتنى تۇراقلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈ-رۈش، ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىت-تىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تېچ بولۇش، قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت 6 چوڭ سىيا-

① «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 3 - سان، 15 - بەت.

ـەتتىنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ساختا ئىلغارلىق قىياپىتىگە كىرىۋالدى . شىڭشىسەي ، بۇ 6 چوڭ سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىت دەل ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتكەن، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەركىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت ئىدى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىڭشىسەينىڭ شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تۇرۇشىغا، بۇ ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى.

## 2 - يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ قانات يېيىشى

جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىپ، شىڭشىسەي بىلەن بىرلىكسەپ ئورناتتى. بۇ، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى.

30 - يىللاردىن باشلاپ، پېشقەدەم كوممۇنىزمچىلاردىن تىڭ دەيىۋەن، چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇڭيۈن، لىنجىلۇ، شىڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كەلدى. بۇ ئىنقىلابچىلار غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان شىنجاڭنى ئويغۇتۇپ، بۇ كەڭ رايونغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. شىنجاڭدىكى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇلارنىڭ تۈرتكىسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەينى زاماندىكى ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئىلغار مەرىپەتچىلەر، يېڭى دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان شائىر - يازغۇچىلار، شۇ زامانلاردا دەۋران سۈرگەن زۇلۇم - زالالەتكە ۋە ئەۋھامى خۇراپاتلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، تۈرلۈك - تۈمەن توسالغۇلارنى بوسۇپ ئۆتۈپ، يېڭىلىققا ۋە ئىلىم - مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. شۇندىن كېيىن شىنجاڭ مەدەنىيىتىدە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ قاناتيايدى. مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تېز سۈرئەت بىلەن قاناتيېيىشى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، يېڭى ۋە مول نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى جاھالەتكە قارشى كۆرەشكە قاتناشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

مەدەنىيەت ھەركىتىدە ئالدى بىلەن مەدەنىي - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئۇلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە «ئۇيغۇر مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «قازاق -

قىرغىز مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «موڭغۇل مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» «شىۋە، سولون، مانجۇ مەدەنىي - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

«ئۇيۇشما» دەپ ئاتالغان بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تەسىرى بار مىللىي زاتلار ۋە دىنىي ئەرباپلار رەئىس قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئۇيۇشتۇرالايتتى. ئۇيۇشمىلار ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن خەلققە، خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىش بىلەنلا ئېلىپ باراتتى. خەلقمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەركىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى. شۇڭا، ھەر قايسى جايلاردا ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئورۇنسىز ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كەلگەن ياكى مەلۇم شەخسنىڭ چۈنتىكىگە كىرىپ كېتىۋاتقان يۇرتنىڭ ئۈشرە - زاكات، تۈرلۈك ۋەخپىلەرگە ئوخشاش دىنىي كىرىملەرنى ھەقلىق يوسۇندا ئۇيۇشمىلار ئىگەللەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىگە ئايلاندۇردى. بۇندىن سىرت، مىراسخورسىز كىشىلەردىن قالغان مال - مۈلۈكلەرمۇ، جامائەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىمۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. يەنە ئۇيۇشمىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كىنو - تىياتىرخانىلار، ھۈنەر - سەنئەت دۇكانلىرى، سودا - سانائەتتىن كىرىدىغان كىرىملەرمۇ بار ئىدى. ھۆكۈمەتمۇ بىر قىسىم خىراجەت ئاجرىتاتتى. ئۇيۇشمىلار مۇنداق زور ئىقتىساتنى مۇنتىزىم بۇغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە، كىرىم -

چىقىمىنى ئېنىق قىلغان ھالدا، تەكشىلىك ئورنىغا، يەنى خەلقنى ئاقارتىش يولىدا مەخسۇس مەدەنى-مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە، ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەرپ قىلدى.

يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى داۋامىدا ئۇزۇن يىللار تاقىلىپ كەتكەن ئىلىم-پەن دەرۋازىسى ئېچىلىپ، مائارىپنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى قولغا كىرگۈزۈلدى — مائارىپنىڭ ئويغۇنۇش، راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. ئۈرۈمچىدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئالى بىلىم يۇرتى — شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، گىمنازىيە مەكتەپلىرى تەسىس قىلىندى ۋە بىر مۇنچە كۇرسلار ئېچىلىپ، كادىر تەربىيەلەش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ مەكتەپ ۋە كۇرسلارغا ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىدىن ۋە ھەر مىللەتتىن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى، ھەمدە تەرجىمان ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، دەرسلەر ھەر مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان تەبىي پەن دەرسلىكلىرى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى. 1935 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن تاللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 نۆۋەت 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇشقا چىقىرىلدى. بۇلار مەمۇرى، دوختۇرلۇق، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھەربى ساھەلەردە تەربىيەلەندى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدە-

نى - مائارىپ ۋە ئالى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى؛ 1936 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر - لەردە مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەت باللىرىغا ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلدى.

مەدەنىي - مائارىپ، تەشۋىقات ساھەسىدىكى تەرەققىيات - نىڭ ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى، قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىرلار كەمچىل بولۇشتەك ئېھتىياجنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ بىر جىددى مەسىلىگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭشىسەي بىر تەرەپتىن ئۆز ئادەملىرى ئىچىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ چىقىپ، بۇ ئىشقا ياردەملەش - تۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كادىرلار ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن 1935 - يىلى 5 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى - نىڭ ئىنتېرناتسىونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، كوممۇنىستىك ئىنتېر - ناتسىونالنىڭ شەرق مىنىستىرلىكى، سوۋېت ھوكۇمىتى ۋاڭشوۋ - چىن (بوشۇسوڭ)، ۋاڭباۋچەن (فروفېسور)، جىڭ يىگوردىن پو)، لۇشەنچىڭ، نەنباۋتىڭ (يوجىبۇ)، ۋۇدىمىن (جاگزىمىن)، ۋەن شىيەنتىڭ (جاڭشەنپەن)، قادىر ھاجى قاتارلىق 25 نەپەر كوممۇنىستنى شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتتى. شىڭشى - سەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا كەلگەن بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزا - لىرىنى ناھايىتى ئەتىۋالاپ، ئۇلارنى مۇھىم تارماقلارنىڭ

رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

1938 - يىلغا كەلگەندە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە «مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتكە شىڭشىيەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭجۇڭشى يولداشلار يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ جەمئىيەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ باردى. ئۈرۈمچىدىن تارتىپ تاكى ھەر قايسى ناھىيە، ھەتتا يېزا - قىشلاقلارغىچە قۇرۇلغان مەدەنىي - مائارىپنىڭ تارماق ئۇيۇشمىلىرى مىللىي، ئاممىۋى، ئىجتىمائى، مەدەنىي تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىي مائارىپ - خىزمىتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. خەلقنى ئاقارتىش، مىللەتنى پەن - مەدەنىيەت بىلەن قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ كوزىنى ئېچىشقا كىرىشتى. نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان ۋە قارا كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر خەلقىدە ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى. قايىنام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەممە يەردە يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك يېڭى مەكتەپ بىنالىرى قەد كوتۈرۈشكە باشلىدى. دىنىي مەكتەپلەرگىمۇ يېڭى ئىلىم - پەندىن بىلىمى بار ئوقۇتقۇچىلار كىرىپ دەرس ئوتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي ۋە دىنىي تەربىيە بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلدى. بەزى چەت جايلاردىكى يېزا قىشلاقلاردىمۇ يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى.

## 3. يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى

ئۇيۇشمىلار ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئۇيۇشمىلار مەكتەپلەردە ئوتتۇرىدىغان دەرسلىكلەر جەدۋىلىگە تىل-ئەدەبىيات ۋە سەنئەت دەرسىنى كىرگۈزۈشتىن سىرت، يەنە مەخسۇس سازەندىلەر تەربىيەلەش كۇرسى ۋە ئۇسسۇل كۇرژۇكلىرىنى ئېچىپ، نۇرغۇن ئىختىسالاشقان كەسپىي كادىرلارنى تەربىيىلىدى. بۈگۈنكى كۈندە "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" يولىدا داۋاملىق تۆھپە يارىتىۋاتقان پېشقەدەملەر ئىچىدىكى خېلى كۆپ مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلار، تىلشۇناسلار، يازغۇچى-شائىرلار، دراماتورگلار، سەنئەتچىلەر، رەسساملار، تەرجىمان-تەھرىرلەر ئەنە شۇ مەزگىلدە يېتىشىپ چىققانلاردۇر. شۇ چاغدا يەنە تەشۋىقات بۆلۈمى، «سانائەنەپىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇقام، مۇزىكا، سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا-ئۇسسۇل قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخى، بەدىئىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش، قايتا ئىشلەپچىقىش ۋە ئىجات قىلىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى. بىر مۇنچىلىغان چوڭ تىپتىكى ئوپېرا، دراما، كومېدىيە ۋە كونسېرتلار سەھنىلەشتۈرۈلدى ۋە قايتا ئىشلەپچىقىلدى.

مەسىلەن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، چۆچەك، خوتەن، قاراشەھەر، يەكەن، كۇچار، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، ئۇيغۇر دراما سەنئىتىنى ئويناش يولغا قويۇلۇپ، چوڭ ئوپېرالاردىن: «غېرىپ — سەنەم»، «تاھىر — زۆھرە»، «پەرھات — شېرىن»، «لەيلى — مەجنۇن»، «رابىيە — سەئىدىن»، «يۈسۈپ — زۇلەيخا»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «ئارشىن مال ئالان»، «بوز يىگىت»، «ئانارگۈل» ۋە شۇنىڭدەك «ئانارخان»، «قانلىق داغ»، شائىخەي كېچىسى»، «ساماق ئاكاك قاينايدۇ»، «ئاجايىپ ئولۇم»، «خىيالى تېۋىپ»، «كۆرەش قىزى»، «ئۈچقۇن»، «ھورلىقا — ھەمراجان»، «سەۋلەت»، «باي ۋە مالاي»، «ئوز موھىت»، «ئوگەي ئانا»، «پېرىدەخۇن» قاتارلىق ئەسەرلەر ئوينىلىپ، ئەدەبىيات — سەنئەت سەھنىسىدە يېڭىچە گۈللىنىش كەيپىياتى شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىمىزدە، ئۆز دراماتورگلىرىمىز يازغان ۋە سەھنىلەشتۈرگەن درامىلار ئوينىلىپلا قالماي، چەتئەل درامىلىرىمۇ ئوينالغان ۋە سەھنىلەشتۈرۈلگەن —— ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى دۇشۇ دەۋردە خېلىلا رونلاق تېپىپ، ھەقىقەتەنمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلدى. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن يازغۇچىلار ۋە دراماتورگلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن، ئاتاغلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە دراماتورگى زۇنۇن قادىر يېزىقچىلىقنى ئەنە شۇ يىللاردا باشلىغان بولۇپ، ئۇ، دەسلەپتىلا قىيىن ژانىر ھېسابلىنىدىغان درامىغا تۇتۇش قىلغان. 1937-

يىلى «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق 3 پەردىلىك درامىسىنى يېزىپ، دەۋرنىڭ مۇھىم تېمىسى بولغان ئىلىم-مەرىپەتنى تەشۋىق قىلغان، بىلىمسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ئىلىم-بىلىم ئېلىش ھەركىتىگە ئىلھام بەرگەن. 1939-يىلى «غۇنچەم» درامىسىنى يېزىپ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ فېئودالىزىمغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان بەدىي تىپىنى يارىتقان ۋە كىشىلەرنى ئادالەتسىز جەمئىيەتنى ئۆرۈتەپ تاشلاشقا چاقىرغان؛ ياش شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرىيەت ساھەسىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالماي، مەشھۇر دراماتورگ ھەم رېژىسسور ئىدى. ئۇ، «ساماساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «كۈرەش قىزى» قاتارلىق درامىلارنى يېزىپلا قالماي، «تاھىر-زۆھرە»، «پەرھات-شېرىن» قاتارلىق ئەنئەنىۋى درامىلارنى سەھنىلەشتۈردى ۋە ئۆزى ئاساسىي رول ئېلىپ چىقتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى، شائىرى ھەم دراماتورگى قاسىمجان قەمبىرى، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ، ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك داستانى «غېرىپ-سەنەم» ئاساسىدا «غېرىپ-سەنەم» درامىسىنى يېزىپ ۋە سەھنىلەشتۈرۈپ، غېرىپ رولىنى ئۆزى ئويناپ چىقتى ۋە ئۇندىن باشقا كۆپلىگەن درامىلاردا رول ئېلىپ، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلان-

دۇرۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىش بىلەن بىللە، مىللى ئەدەبىي سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈندى. مەسىلەن، قەشقەر چالغۇ ئەسۋاپلىرى كارخانىسىدا ئىشلەنگەن ئىسكىرىپكا يالغۇز مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، ھەتتا چەتئەللەردىمۇ خېرىدارلىققا ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

بۇ مەزگىلدە يەنە كىنوچىلىق ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر رونىاق تاپتى. كىنو ئارقىلىق خەلقنى روھى جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، بىرمۇنچە جايلاردا كىنو ئاپپاراتلىرى، سەييارە كىنو قويۇش ئەترەتلىرى، سەييارە تىياتىر ئومەكلىرى بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كىنوخانا سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، جايلاردا نۇرغۇنلىغان كىنوخانىلار، كۇلۇپلار قۇرۇلدى. بەزى جايلاردا يەنە قىرائەتخانا، بىلىيارت، شاخمەت، دامكا ئويناش بولۇملىرى، چايخانا، ساماۋەرخانا، بۇفىت قاتارلىقلارمۇ بارلىققا كەلدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، روھى نوزۇقتىن بەھرىمەن بولىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەر خىل تىپتىكى باغچىلارمۇ قۇرۇلغان. مەسەلەن، ئۈرۈمچىدە «مەدەنىيەت باغچىسى»، قەشقەردە «مىللەتلەر باغچىسى»، خوتەندە «گۈلۋاغ»، غۇلجىدا «ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى» ۋە باشقىلار.

خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نادانلىقتىن مەدەنىيەتكە، كونىلىقتىن يېڭىلىققا ئۈندەش، ئاممىنى چوڭ ۋەزىيەتتىن خەۋەر تاپقۇزۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى بولغان مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتىگەمۇ خېلى ئېتىۋار بېرىلدى. 1935 - يىلى قىشتا ئۈرۈمچى ئىلى، چۆچەك ۋە قەشقەردە ئۇيغۇرچە گېزىت، ئالتايدا قازاقچە گېزىت، ئۈرۈمچىدە يەنە «خانتەڭرى»، «مەدەنىيەت» قاتارلىق ئايلىق ژۇرناللار نەشر قىلىندى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيەلەردىمۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەتبۇئاتلىرى قۇرۇلدى. مەسىلەن، قەشقەردە «يېڭى ھايات»، تارباغاتايدا «بىزنىڭ تاۋۇش»، ئاقسۇدا «ئاقسۇ ئۇچۇرى»، قارا شەھەردە «يۇلتۇز»، كورلىدا «باغراش»، لوپنوردا «تەكلىماكان گېزىتى» ۋەھاكازالار.

جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جانپىدالىق بىلەن خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىمىز زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان شەكىللىنىپ راۋاجلانغان ۋە كېيىنكى جاھالەتلىك كۈنلەردە پۈتۈنلەي يوقۇلۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان قىممەتلىك تارىخىغا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارى-

لىق قىلىپ ھەم ئۇنى قۇتقۇزۇپ، قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى مەدەنىي-مائارىپىنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى روھى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئويغۇتۇپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىق ۋە بەخت-سائادەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى.

### سەككىزىنچى لېكسىيە

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى

بىز 30 - يىللار ئەدەبىياتىدا، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەت- لىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىدە يارىتىلغان شانلىق مەدەنى- يەتنىڭ ھامىسى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارى- خىدىكى يېڭى پىكىر ئېقىمىنىڭ، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيە- تىنىڭ ۋەكىلى بولغان خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ۋە مەرى- پەتپەرۋەر شائىرلىرىمىز بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقمىز.

30 - يىللار ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئە- دەبىيات تارىخىدىكى بىر زور يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ تەتقىق قىلماق، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىلا قىزغىن ئىجادى- يەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار، يازغۇچىلار، دراما- تورگلار ھەم سەنئەتچىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ تالانتلىق كىشىلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەپسۇسكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 40 - يىللاردىن كېيىن يۈرگۈز- گەن ئاق تېررورلىقى ۋە "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" نىڭ،

بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان "تۇرپان بالاسى"
ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىغان ئەسەرلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن، ھەتتا
بەزىلىرىنىڭ نامۇ-نىشانىمۇ قالمىغان. بۇ نېمە دېگەن ئېچى-
نىشلىق ئەھۋال — ھە! بىز تۆۋەندە ئۇزىنىڭ جەڭگىۋار
ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىغا ئاساس سالغان تالانتلىق شائىرىمىز ئابدىخالىق
ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ
ئۆتىمىز:

ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس،
بەلكى سىياسىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئوز دەۋرىنىڭ ئال-
دىنقى قاتارىدا تۇرغان ئابدىخالىق ئابدىراخمان ئۇيغۇر
1896-يىلى تۇرپان ناھىيىسىدىكى چوڭ سودىگەر ئائى-
لىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتپەرۋەر
ئائىلەردىن بولۇپ، ئابدىخالىقنى كىچىكىدىلا دىنىي مەك-
تەپتىن چىقىرىۋېلىپ، خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ.
ئۇنىڭ چوڭ دادىسى بۇ مەزگىللەردە ئىچكى ئۆلكىلەرگىلا
ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە
سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىپ-كېلىپ تۇراتتى. شائىر چوڭ
دادىسىغا ھەمرا بولۇپ چەتئەللەرگە بارىدۇ. ھەر قېتىم
بارغىنىدا ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئۇزۇنراق ۋاقىت
تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شائىرنىڭ بىلىمگە بولغان
تەشنالىقى ۋە چەتئەللەرگە قىلغان سەپەرلىرى يالغۇز ئۇنى
خەنزۇ، رۇس، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگەللەش

پۈرسەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقلەر، مىللەتلەر ۋە تەبەقىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلارنى چۈشىنىش ئىمكانىيىگە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى رۇسىيىگە قىلغان سەپەرلىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە تالىشىپ قىلغان ئادالەتسىز ئۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى؛ رۇسىيە پرولېتارىياتىنىڭ جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى تەييارلاش يولىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؛ ھەمدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا غەلىبە قازانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

لېكىن، بۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى ياڭزېڭشىڭ شىنجاڭنى قامال قىلىۋالغان بولۇپ، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ، ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىۋاتاتتى. گەرچە شىنجاڭدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئۇ تېخى ئەمدىلا پەيدا بولۇش ۋە شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئىدى. ياڭزېڭشىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال-پومېشچىكلار، ئەكسىيەتچى روھانىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن گادايلىق، قاششاقلىقتا كۈن ئۆتكۈ-

زۇشكە، سىياسى جەھەتتە قۇللۇقتا، مەدەنىيەت جەھەتتە نادان-
دانلىقتا، دىنى جەھەتتە خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت زۇلمەت
ئىچىدە تېمىسقىلاپ، بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلىنغان
ئىدى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بىرەر ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشنى
ئەمەس، بەلكى بىرەر ئادەتتىكى ئىسلاھاتنىمۇ، زەررىچە تە-
رەققىپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنىمۇ قاتتىق تەقىپ قىل-
غان ئىدى. ئەگەر بۇ جەھەتتە بىرەر سۆز - ھەرىكەت يۈز
بەرگەنلىكى سېزىلسە، سىياسى ھوكۇمرانلار بىلەن دىنى ھو-
كۇمرانلار تەڭلا، قولىدىكى قورال بىلەن ئاغزىدىكى دىنى
پەتىۋالىرىنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق باستۇراتتى.

ئابدىخالىق ئۇيغۇر ياشىغان مۇھىت — ئۇنى ئاتا-
ئانىسى، پۈتۈن ئائىلىسى ئۇنىڭدىن كۈتكەن ۋە ئارزۇ قىل-
غان سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش يولىدىن باشقا
يولغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى، سىياسى جەھەتتە ئازاتلىققا
ئىرىشىشنى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللى-
نىشنى، خاھىش جەھەتتە ئىلغارلىق، ئالغا بېسىشنى تەشەب-
بۇس قىلغۇچى شائىر ئابدىخالىق ئۆز خەلقىنىڭ ئىنتايىن
ئېچىنىشلىق ئىجتىمائى تۈزۈمدە خورلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىنى
چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ، ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان ئەمەلىي
تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، خەلقىنىڭ قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە
ياشاپ، سىياسى جەھەتتىن يېتەرلىك ئاڭغا ئىگە بولالماي-
ۋاتقانلىقى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەندە ئىنتايىن ئارقىدا
قېلىۋاتقانلىقى، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەتئەللەرنىڭ تەرەقق-

ياتى، ئوز يۇرتىدىن خېلىلا ئىلگىرلەپ كەتكەنلىكى، شائىردا خەلق ئازاتلىغى ۋە دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى پەيدا قىلدى. ئونى ئىنقلاپقا ئىنتىلىش يولىغا باشلاپ ماڭدى. نەتىجىدە شائىرنىڭ دۇنياغا كوز ئاچقاندىن كېيىنكى هاياتى پۈتۈنلەي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۈ- رۈشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئالىجاناپ ئىشقا بېغىشلاندى.

ئابدىخالىق ئۇيغۇر ئوزىنىڭ يۈكسەك غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئەمەلىي ئىنقلاۋىي پائالىيىتىدە ئىككى قولىغا ئىككى قورالنى — قەلەم بىلەن ئەلەمنى — تەڭلا كو- تۇرۇپ چىقتى. ئونىڭ بىر قولىدىكى قەلەمى خەلقنى ئوي- غىتىش، سەپەرۋەر قىلىش ئۇچۇن خىزمەت قىلغان بولسا، ئونىڭ يەنە بىر قولىدىكى ئەلەمى خەلقنى، ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلدۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئو، يال- غۇز ئىلغارلىقنىڭ تەرغىباتچىسىلا ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ئىشتىراكچىسى بولدى.

شىنجاڭدا سىنىپىي زىددىيەت، مىللى زىددىيەت ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈرلۈك زىددىيەتلەر كىرەلىشىپ ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن، بۇ زىددىيەتلەر گويا بىر دۆۋە قۇرۇق ئو- تۇنغا ئوخشاش بىر سۈركۈلۈش بىلەنلا ئوت ئېلىپ، يەر- جاهاننى قاپلىغىدەك ئوت - يالقۇنغا ئايلىنىدىغان ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، ئابدىخالىق ئۇيغۇر ئوز سەپداشلىرى بىلەن بىللە كوكرەك كېرىپ چىقىپ، 1931 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1932 - يىلىنىڭ باشلىرى تۇرپان ئويمانلىغىدا ياڭزېڭشىڭ، جىڭشۇرېن

ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇردى. ئابدىخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى ئۇيۇشتۇرغان قوراللىق قوزغىلىڭى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىلا ئەمەس، بەلكى مەركەز ئۈرۈمچى ھاكىمىيىتىنىمۇ قاتتىق ساراسىمىغا سالدى. ئەمما، قومۇلدا قوزغالغان دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغىلى بارغان گومىنداڭ ھەربى ئەمەلدارى شىڭشىەي دىخانلاردىن پەشۋا يەپ، ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى خوجايىنى جىڭشورېننىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىۋېتىپ تۇرپانغا كەلگەندە، خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئابدىخالىق ئۇيغۇر باشلىق 17 نەپەر ئىنقىلاپچى بىراقلا تۇتقۇن قىلىندى ۋە 1932 - يىلى 3 - ئايدا تۇرپاندا ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەننىڭ ياۋۇزلىقى بۇ ئوت يۈرەك جەڭچىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىنى يېرىم يولدا توختاتتى. لېكىن خەلق ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ تومۇر ئېقىنى ئۇركەش ياساپ دولقۇنلاپ، شىنجاڭ ئازات بولغىچە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قورغانلىرىغا ۋەھىمە يامغۇرى ياغدۇرۇپ تۇردى.

شائىرنىڭ قىسقا ھاياتى — پۈتۈنلەي خەلقنىڭ فېئوداللىق ۋە ئەكسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشكە ئاتالغان مەردانە ھايات. ئۇ، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ دېڭىزىغا قوشۇلغان بىر نۇرلۇق تامچا. ئۇ، يەنە ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى

زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. گويا-قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك شېرىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان شائىر ئابدىخالىق ئۇيغۇر، ئەشۇ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش يىللى-رىنىڭ يۈرىكى ئوت، قەلىمى خەنجەر جەڭچى سىۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ شېرىيەت ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول، دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، جەمئىيەتنىكى كۆپلىگەن ئاكتۇئال، رىال ئەھ-مىيەت ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ئابدىخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەتقىق قىلغان، يازغان ئو-بېكتى - مەۋجۇت ئىجتىمائى رىاللىق. ئۇ، ئىجتىمائى تۈزۈمنى بەزىدە بىۋاستە كۆزەتكەن، بەزىدە تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەقلىت قىلىپ كۆزەتكەن. جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق چىقارغان يەكۈنلىرىنى ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە يېتەكچى قىلغان. مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈم - فېئودالىزم - ئۇنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ، ۋەتەننى فېئوداللىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەلپۈندى. ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولى ھېساپلانغان سۈنجۇڭشەن باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىغا تەلپۈندى، ئۇنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ھەتتا ئۇ، سۈنجۇڭشەن-نىڭ سەنمىنجۇيىسى (ئۈچ مەسلەك) نى مەخسۇس ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. سۈنجۇڭشەنىنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆز سەپداشلىرىغا تونۇشتۇردى. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، خانلىق تۈزۈم

بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سەنمىنجۇيىغا ۋە شىن-خەي ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى تار-تىۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالغانلىقتىن؛ مەملىكىتىمىز شىنخەي ئىنقىلا-ۋىدىن كېيىنمۇ بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن؛ فېئودال مىلىتا-رىستلار جاھانگىرلارنى يۆلەنچۈك قىلىپ، دۆلىتىمىزنى ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىۋاتقانلى-قىدىن، شىنجاڭمۇ ئەنە شۇ بۆلەكلەرنىڭ بىرسى بولۇش سۈ-پىتى بىلەن فېئودال مۇستەبىتلىك، جاھالەت، زۇلمەت ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقىدىن غەزەپكە كېلىپ مۇنداق يازدى:

مانجۇغۇلاپ ھەممە ① خوش،
بولدى ئاياق - پۆتى بوش.
ھاكىم بولۇپ زالىملار،
گويا بولدى مەڭ خوش.

ھەرسىڭدا ② قىلدى دو - دۇ ③،
ئۆز ئالدىغا ئىرادە.
جوڭ شەن ④ نىڭ سۆزلىرىنى،
سانماي بولار قاتارە.

سەنمىنجۇيى يېپىلدى،
قىلماي ئەمەل ۋەكارە.

---

① ھەممە مەملىكەت ② ئۆلكە ③ ئۆلكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى.
④ جوڭ شەن - سۈن جۇڭشەن.

بولدى جۇڭگو ئاخىرى،
يېگىرمە ئىككى پارە. ①

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ئەكسىيەتچى تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي ماھىيىتىنى، يەنى ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان فېئوداللىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى ياڭزېڭشىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئوداللىزمنىڭ مەنىۋى ھىمايىچىلىرى ۋە كوپ- پايچىلىرىنىڭ خەلققە، بولۇپمۇ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ۋەھشىلەرچە زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىدۇ:

ھېچ تۈگىمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئۆتكۈزدۇق يازۇ- قىشنى.
جىياڭجۈن بولۇپ ياڭزېڭشىڭ،
باشلىۋەتتى قىرىشنى،
بار ئىدى قازى- موللا،
ئۈستىدە تونۇ- سەللا.
«ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ»، ②
دەپ چىقاردى پەتىۋا.

بۇنىڭدا مىلىتارىست ياڭزېڭشىڭ ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن قوللاش

① پارە- ئەينى زاماندىكى 22 ئۆلكە.

② ۋاجىپ — دىنىي راۋايەتتە ئىجرا قىلمىسا گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى.

چىرىك سىياسىتىنىڭ يەرلىك دىنىي ئىقاپقا ئورۇنۇۋالغان قازى-موللىلارنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنىڭ بېشىغا سالغان زۇلۇمىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقى پاش قىلىنغان:

ياڭ ① نىڭ خىيالى باشقا،
ئۇستا ئىدى ئالداشقا.
ئۇستا ئىدى ئەل ئارا،
تۈرلۈك ئىزا باشلاشقا.
ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۇرى پاخلان تاپقاندەك،
يۇڭدىمايلا يەپ كەلدى.
يەتتە باشلىق يالماۋۇز،
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.
تىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تەنجىندە جاي سالدى.

شائىر قوشاق شەكلىدە ئاددى قۇرۇلما ئارقىلىق يازغان شېئىرىنىڭ بۇ مىسرالىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆتكۈر تىل ۋاستىسى بىلەن خەلقنى ئۆز مەيلىچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئۆزىنى بولۇشقا سەمرىتكەن ئەشۇ ئەكسىيەتچى قانخور ياڭزېڭشىنى راۋايەتلەردىكى ۋەھشى ھايۋان "يەتتە باشلىق يالماۋۇز"غا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ رەھىمسىز ۋەھشىلىكىنى "بۆرى

① ياڭ - ياڭزېڭشىنى كۆرسىتىدۇ.

پاخلان تاپقاندەك، يۈگۈرمەيلا يەپ كەلدى" دەپ ئوبراز-
لىق ھالدا سىزىپ كۆرسىتىپ بېرىپ، خەلقنىڭ زالىم ياك
زىگىشىگە بولغان نەپرىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىدۇ. بۇ ئوب-
رازلىق ئوخشىتىش چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلىگەن تېپىك يە-
كۈن بولۇپ، بىرلا ياكزىگىشىگىنىڭلا ئەمەس، شۇ دەۋردە
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زورلۇق - زوراۋان-
لىق بىلەن ھوكۈم سۈرۈۋاتقان بارلىق ئەكسىيەتچى ئەمەل-
دارلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئەكسىيەتچى كۈچ-
لەرنى ئەنە شۇنداق شەپقەتسىزلىك بىلەن پاش قىلىش بە-
لەنلا قالماستىن، خەلقنى "پاخلان"غا ئوخشىتىپ، ئۇلارغا ھې-
داشلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جاپالىق، يوقوزلۇق تۇرمۇش
شارائىتىغا ئاز دېگەندەك بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقى، خارلىنى-
ۋاتقانلىقىغا ئېچىنىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ، خەلقنىڭ قايغۇ -
ھەسرەتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ.

زۇلۇم ۋە بېسىم بولىدىكەن، مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى
ئاشكارا بولسۇن مۇقەررەر يوسۇندا قارشىلىق بولىدۇ. زۇ-
لۇمغا ئۇچرىغان خەلق مەيداندا تەۋرەنمەستىن تۇرغان
ربالەت شائىر بۇ شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا:

ئۇيغۇر يازدى قوشاقنى،
ئىچ - قارنىنى بوشاتتى.
كۆرەلمىگەن جىياڭجۇنى،
يالماۋۇزغا ئوخشاتتى.

دەپ، ئۆز پىكرىنى يىغىنچاق يەكۈنلەپ، ۋەتەن خەلق ئال-

دىدا ئۆزىنىڭ جەسۇرانە روھىنى ئىزھار قىلىپ، زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەشتە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىدىن ئى-بارەت ھېچنىمىدىن قورقماس قەھرىمانلىق روھىنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئابدىخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا، ھەقىقەت-پەرۋەر كىشىلەرگە مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۈيۈشۈپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاسارەتلىك زەنجىرنى پاچاقلاپ تاشلاپ يېڭى دۇنيا قۇرۇشقا، يېڭى ھايات يولىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ:

دېدى: "تەقدىر ئىلاھ شۇبەندە قولىدىن ئىش كەلمىگەي ھەرگىز"
دېدىم: "ناھەقنىڭ ئالدىدا ھەققانىيەت قانداقمۇ پۈككەي تىز،
ئۈيۈشۈپ بىرىيەرگە باش قوشماي ئۆتەر كۆڭلەر جاھالەتتە".

شائىر بۇ مىسرالاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەقدىر-چىلىكتىن ئىبارەت ئىدىيالىستىك قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-راپ، قارانغۇ جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرگەن ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۈمىتسىزلەنگەن ۋە تەق-دىرگە تەن بەرگەنلەرنى ئىنقىلاۋىي روھىنى ئويغىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇستىلىق بىلەن بېرىلگەن بۇ شېئىرى دىئا-لوگلاردىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى: ئوپتىمىستىك روھ-قا، ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە شائىر، قەلەم كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىشتا ۋە قوز-

غىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شائىر ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى تۈپ يىلتىزى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا، قىلىچنى قانغا بويىماي بولمايدىغانلىقىنى، پۈتۈن خەلق قوزغۇلۇپ قوراللىق ئىنقىلاپ ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا ئاندىن باراۋەرلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئادەتتىكى خەلقچىللىق ئىدىيىسى، دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىدىيىسى سەۋىيىسىگە كۆتىرىلىپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۈپتىن، ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلگەن. بۇ خىل ئىدىيە ئۇنىڭ «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «زۇلۇمغا قارشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆڭۈل خاھىشى» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەندۇ، مەسىلەن:

قوپ دېدىم، بېشىڭنى كۆتەر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس! قېنىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن يوق ئىلاج.
كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتمە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرسەتنى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق. («ئويغان»)

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجتىمائىي كۈرەشكە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ بىۋاستە قاتناشتى. ئۇ، ئىلاھىيەتكە،

تەقدىرگە ئىشىنىپ ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە
ئىشىنىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چوڭقۇر ۋە توغرا تەھلىل قىلىپ،
جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇيالىدى، جەمئىيەتنى قۇت-
قۇزۇشنىڭ، ئازاپ - ئوقۇبەت دېڭىزىدا ئىڭراۋاتقان خەلق-
نى قۇتقۇزۇشنىڭ توغرا يولى — كۈرەش بىلەن زۇلۇم تاغلى-
رىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ، ئويۇشۇپ ئىنقىلاپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئاڭلىق يۇ-
سۇندا ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتى.

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېخى كىچىك
چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىگە يۇقۇرى تەلەپ قويۇپ، تىرى-
شىپ كۆڭۈل قويۇپ، كەلگۈسى ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول تۇر-
مۇش بىلىملىرىنى، باي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىدى.
بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن ئۆزىنى ئوبدان چېنىقتۇردى.
مەيلى ئۇ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە بول-
سۇن ياكى ئەقىل كىرىپ، دادىسى بىلەن چەتئەلگە چىققان
مەزگىلدە بولسۇن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىنى، زېرىكمەي ئىزدى-
نىش، تىرىشىپ بىلىم ئىگەللەش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي،
20 يېشىدىلا ئەرەبچە، پارسچە، خەنزۇچە، رۇسچە، موڭ-
غۇلچە تىل يېزىقلارنى ئۆگىنىۋالدى، شۇ تىللاردىكى ماتېرى-
ياللاردىن بەمالال پايدىلاندى. بۇ ئارقىلىق يۇقۇرى بىلىم
ئىگەللەشنىڭ، يۈكسەك ماھارەت كۆرسىتىپ مول ئىجادىي
مېۋىلەرنى يارىتىشنىڭ كويىغا كىردى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەڭ ئەمگەكچى خەلق-

نىڭ چىرىك ئىستىبدات ھاكىمىيەت ۋە زالىم ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم - زالالىتى ئاستىدا نالە - پەرياد چېكىپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئېغىر كۈنلەردە قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ھەمدە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مالەتلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. شائىر ئىلىم - پەن ئىشقىدا ئۆزىنىڭ ئۈمىت بىلەن تولغان جەسۇرانە روھىنى 1925 - يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەي پەلەك بۇ دەھشەتكەدىن ئىنتايىن بىزارمەن،
ئىزلىدىم كۆپ، تاپمىدىم بىر دەردىمە ھېچ دارمەن.
ئاتا - بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئولۇپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.
بىر پۇراپ ئولسەم نەئارمان بېغىم باھارى گۈلىنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.
پەنگە مائساق كۆز ئېچىپ كاپىر - جەدىت دەپ
قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
چۆل - جەزىرە، دەشتۇ - سەھرا ئىچىدە قالدىم نەئىلاج،
ئاھ، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.
سوغا تەشنادۇر بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت يېرى،
مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش قاينام بولۇپ يانارىمەن.

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال ياڭاياق دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.
ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت خەۋپ-
خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن؟

بۇ شېئىردا قاراڭغۇ كونا جەمئىيەتتىن بىزار بولۇپ، يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن، ئاغارتىشقا، ئىلىم - پەنگە تەشنا بولغان مەرىپەتپەرۋەر جەدىتچىلەرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن. ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئەشۇ ئادەمخور كونا جەمئىيەتتە پەن، مەدەنىيەت ئىگەللەشكە، ئالغا ئىلگىرىلەشكە قادىر بولالماي، قاتمۇ - قات زۇلۇم ئاستىدا ئازاپ چېكىپ، ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيە دەستىدە كۆچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ئېچىنىش، جاھالەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قاتتىق نارازىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە خۇراپاتلىققا رەھىمسىز تۈردە زەربە بېرىپ، ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. دىنىي فېئوداللىق تۈزۈمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە ماسلىشىپ خەلقنى ئېزىدىغان، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان قورال بولغانلىقى، تۇرمۇشتىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئاڭغىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جە-

ھەتتىن خەلقنىڭ بوينىغا سېلىنغان تاقاق، پۇتىغا سېلىنغان
كىشەن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى
ئاغدۇرۇشتا دىنىي ئەكسىيەتچىلىككە كەسكىن قارشى تۇرۇش،
دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ ئورنىغا ئىلىم - پەننى تەشەببۇس قى-
لىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ماتېرىيالىست ۋەرىيالىست
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ
بۇ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.
گەرچە ئۇ، شېئىرلىرىدا، شۇ چاغلاردا ئادەتتە ئايلىنىپ قالغان
"خۇدا" دېگەن ئىبارىلەرنى قوللانسىمۇ ياكى ئەرەپ، پا-
رس تىللىرىنى قوللىنىپ، خۇدادىن مەدەت تىلەش مەنى-
سىنى بېرىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئۇ، ئە-
مەلىيەتتە دىنىي خۇراپاتلىققا كەسكىن ۋە قەتئىي قارشى چىق-
قان، ئىلىم - پەنگە، ئىلىم - پەننىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە تو-
لۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغان ئىدى. ئۇ، دەۋرنىڭ تەلىۋى،
جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋى ئې-
ڭىنى ئويغىتىش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن
دىنىي تۈزۈم، دىنىي قائىدە - يوسۇن، دىنىي ئادەت، دىنىي
ئەقىدىلەرگە خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل يوللار
بىلەن ئىنتايىن قاتتىق چەكلىنىۋاتقان شارائىتتا، كۆكرەك
كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، روھانىيلارنىڭ ئۆ-
ڭكۈدىن پايدىلىنىپ، نادان خەلقنى ئالداۋاتقانلىقىدىن ئې-
بارەت رېئال ئەھۋالنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى.

ئۇ مەزگىللەردە ھاكىمىيەت بېشىدا ماددىي ۋە مەنى-

ۋى ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بىر ئوچۇم دى-
نى مۇتەئەسسىپلەر ئولتۇرغانلىقتىن ئۆز تىلىمىز، ئۆز يېزىغى-
مىزنى قوللىنىش بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىپ،
ئەرەپ، پارس تىلىنىڭ بىر پۈتۈن مۇخلىسلىرى، تەرغىبات-
چىلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ خىل خاھىش گوياكى
ئەنئەنىگە ئوخشاش تاكى ئابدىخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دە-
ۋرلەردىمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇشنى
"جەددىت" لىق، خۇداسىزلىق دەپ تەقىپ قىلىۋاتقان نازۇك
پەيتتە، ئابدىخالىق ئۇيغۇر خەنزۇ مەكتىۋىگە بېرىپ شۆبىتاڭ-
دا ئوقىدى. شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە نادانلىق،
خۇراپاتلىق، تەقۋادارلىق ئەۋج ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئىلىم-
پەن تەرەققىياتىنىڭ زور توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا ئىچ-
نىش ۋە رەنجىش ھېسسىياتىدا تۇرۇپ، ئۆز نارازىلىقىنى مۇن-
داق بايان قىلىدۇ:

دەۋرى جەۋرىدىن ئىست! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جانىنى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسە باشقا چارىسەن!

ئومۇمى ھالىمىزغا قايغۇرۇش بىزلەردە ھاماقەتلىك،
ئالالىساق ئىككى، ئۈچ خوتۇن دىگەيلەر خوپ
شىجائەتلىك.

سىلىق سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كورۇشكە زاھىرەن تەقۋا، كورۇنمەستە خىيانەتلىك.

تىكەنلىك بويى يوق، ئۈنگەن زىيانلىق ئوشبۇ گۈللەردىن،
چىرايى بولمىسا ھەم مەنپەئەتلىك ئۈنگەن ئوتلار خوپ.

جاھاندا يارى يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەكمىغۇ مۇشكۈل،
كاللىلار بىرلە سوھبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئۆلگەن خوپ.

شائىرنىڭ نەزىرىدە دىنى تونغا ئورۇنىۋالغان بىر ئوچۇم قازى - قوززات، داموللىلار خەلقنىڭ نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىغى بىلەن كارى بولمايدىغان، خەلقنىڭ ئېغىر ئەھۋالىغا ئېچىنىشنى بىلمەيدىغان، ئۇلارغا ئۆچ ئاغرىتمايدىغان، بەلكى ئىككى - ئۈچتىن ياش خوتۇنلارنى ئېلىشۋېلىپ، ئۇلارنى شەجائەتلىك دەپ ھېس قىلىدىغان، كىرۆنۆشتە تەقۋادار بولۇۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خىيانەتچى، پارىخور، ئاچكۆز ھاماقەتلەردۇر.

شائىر ئابدىخالىق ئۇيغۇر فېئوداللىقنى قوغدىغۇچىلار، ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ جان يېرىگە تەككۈزۈپ: "پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر" دەپ، قەھرى - غەزەپ بىلەن پاش قىلدى ۋە قاتتىق ئەيىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇددى مۇنبەت يەرلەرنىڭ سۇغا تەشنا بولغىنىغا ئوخشاش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ نادانلىق، قالاقلىق، نامراتلىق، كەمبەغەللىك گىردابىدىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىگىنى ئىزھار قىلدى. ئايروپىلان ياساپ ئاسماندا ئۇچۇپ، پاراخوتلارنى ياساپ بىپايان دېڭىزلاردا ئۈزۈپ يۈرگەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى زامانىۋىلىشىپ، پەن - مەدەنىيەت، ئىلىم-تېخنىكا جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ئالدىغا كەتكەن دۆلەتلەر بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، ئارىلىقتىكى

ئاسمان - زېمىن پەرقلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ ھالغا قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى بىلدۈردى. قىسقىسى، ئۇ، ئالىجاناپ مەرى-پەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، دىنىنىڭ قالاق ئادەت كۈچلىرىنىڭ قامالىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشنى، تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە يېتىشىۋېلىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ئابدىخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىن ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى تۇرۇپ پەننى ئۆگىنىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى تە-شەببۇس قىلغانلىقىنى نۇقۇل ھالدا جەدىتلىقتىن بولغان دەپ، خۇلاسىلاپ قويۇش يېتەرلىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ دىنىنى ئاددىلا ئەيىپلەش بىلەن قالماي، بەلكى مەۋجۇت فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنى قوغداشنىڭ قورالى دەپ ئەيىپ-لەيدۇ. دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى بولسا، ئەنە شۇ فېئودال مۇس-تەبىتلىك تۈزۈمنى قوغدىغۇچىلار دەپ قاراپ، رەھىمسىز تۈر-دە قامچىلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئىنقىلاۋىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ماتېرىيالىس-تىك دۇنيا قارىشىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇ، ئىلىم - پەننىڭ شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان خەلقنىڭ نادانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىنى ئوبرازلاش-تۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنيادىن بىخارامان بولۇپ، قۇللۇق تۇرمۇ-شىغا شۈكۈر قىلىپ يۈرگەنلىكىنى قاتتىق ھەجۋى قىلىدۇ. بۇ مەزمۇن ئۇنىڭ «ئويغۇرۇم» دېگەن شېئىرىدا روشەن ئى-

پادىلىدۇ:

جاھالەت سەھەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كوپ خاتا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرسىدە
ساپا باردۇر؟
جاھاننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىۋ سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىق نىشانى قالمىدى بىزدە،
يېڭى باشنى كوتەرگەننى ئۆرۈپ يىقىتقانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىدىن ئاچقانىمىز باردۇر.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىپ زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى قوشۇپ چاققانىمىز باردۇر.
كىبرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلدۇق،
ۋە لېكىن ھەجكە باج ئالسا، توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

پاراسەتلىك شائىر شېئىرنىڭ ئالدىنقى بولىكىدە ئەشۇ زۇلمەتكە تولغان شۇم كۈنلەردە تالان-تاراج بولۇشقا ئۇچراپ ئىلگىرىلەش يولى تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى، مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يامان ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلايدۇ. شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ئىشلاردىن تارتىپ چوڭ ئىشلارغا قەدەر بولغان خىلمۇ-خىل يېرگىنىشلىك ئەھۋاللارنى راسا پاش قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر كىشىلەرنى نابۇت

قىلغان كونا جەمىيەتكە نىسبەتەن كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپا-
دىلەپ، خەلقنىڭ خاراپلاشقان تەقدىرىگە ئېچىندۇ. شائىر
يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا:

ئىلىمنىڭ ئىجتىھادىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز - ئوقۇتۇرمىز، سىغىز چاينىشقانىمىز باردۇر.
ئويۇن - چاقچاق تۈپەيلىدىن دوستلارئارا بەپ بولساق،
يارىشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.
خوشامەت بابىدا بىزدىن بولەك ئۈستىسى ھەم كامدۇر،
قۇۋلۇغۇ - شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ - رەڭ يالغانىمىزباردۇر.
ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كوكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.
گۈكۈرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نىمە بۇ ئەي خۇدايىم، دەپ،
ئېقىلنى ئىشلىتەلمەي، ھاڭ - تاڭ قېتىپ قالغانىمىز
باردۇر.
بۇۋلار شوھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سىغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت - جاھالەتتە يۇمۇپ كوز، پو ئات-
قانىمىز باردۇر.
ھونەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق بولدى ئىشپۇتتى،
ئوماچ ئىچەككە خۇمداندا ھېجىر قويغانىمىز باردۇر.
تە ئاۋۇنۇ - تەنە سوز ئورنىغا بىز لەردەبىر ئادەت،
بىلىمگە سايە قىلغاننى تېپىپ قاققانىمىز باردۇر.
مىسلى جەننەت تاغۇ - دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

"ئىت ئۇرغاننى تونۇر" دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لوبى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ - سەللا نەپسى بالامولۇللىمىز - سۇلتانىمىز باردۇر.
قىزىل كوزلۇك، كورەلمەسلىك ۋە ياتۇزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك - تۈمەن بوھتانىمىز
باردۇر.
ئەل - يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا، ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.
ئابدىخالىق بەس يېتەر، ئاۋارە بولما، قاخشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازاپقا تەييار ۋىجدانىمىز
باردۇر.

شائىر بۇ يەردە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان روشەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يۇقۇرى پەللىگە كوتىرىپ، ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش، ۋەتەننى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولدا توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى چوڭقۇر ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شائىر فېئوداللىق ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە قالغان خەلقنىڭ نادانلىق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغاندا، خەلقنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش نۇقتىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، كۆيۈنۈش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇ-

لارنىڭ قالاقلىقىنى، ناچار ئىللەتلىرىنى تەنقىتلەيدۇ ۋە ئۇي-
غۇر خەلقىنى بۇ ئوسال ھالەتلەرنى تۈگىتىپ دۇنيادىكى
تەرەققى تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش-
قا، بۇ قالاق ھالەتنى قەتئى ئۆزگەرتىشكە ئۈندەيدۇ. شا-
ئىر خەلقنىڭ قالاقلىقى ۋە نادانلىقىنى خەلقنىڭ ئۆزىگە
ئارتىپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبچىلىرى ھۆكۈم-
ران سىنىپلار ۋە دىنى مۇتەئەسسىپلەر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلى-
دۇ، شۇڭلاشقا ئۇ، ئەشۇ شۇم بۇلۇتلار توساپ ئالمىسا، قۇ-
ياش نۇرىنى چاچاتتى، قۇياشنى توسۇۋالغان جاھالەت بۇ-
لۇتلىرى — ھۆكۈمرانلار، فېودال ئەكسىيەتچىلەر دەپ قارايدۇ
ۋە ئۇلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇكى: سەن "بې-
گىزنى خالتىمدا ساقلايمەن" دېگىنىڭ بىلەن، ئۇ ھازىرچە
سېنىڭ غەرىزىڭنى تازا ئېنىق چۈشۈنەلمەي "بېزىرىپ تۇر-
غان" بىلەن ئاقىۋەت ئۇنى توسالمايسەن، ئۇ ھامان خالتى-
نى بوسۇپ چىقىدۇ، بىر بوران چىقىدۇكى، ئۇ چاغدا "بۇ-
زۇق تۈگۈلۈكلىرىڭ بېپىپ قالالمايدۇ" دەپ يېزىپ، ھۆكۈم-
ران سىنىپلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، خۇراپىلىق
پاتقاقلىرىغا چۆكتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغ-
داپ، داۋاملاشتۇرۇش خام-خىيالىنىڭ ئاقىۋەت بىت-چىت
بولىدىغانلىقى، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپ قېلىشقا بول-
مايدىغانلىقىنى دۆئەيەنلەشتۈرىدۇ. دېمەك، تالانتلىق شائىر
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىغا باشتىن-ئاخىر زۇلۇمغا
قارشى تۇرۇش، خۇراپاتلىق-مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرۇش

روھى، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش تىلىش، ۋەتەننى، مىللەتنى
قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدىيىسى چوڭقۇر سىڭدۇرۇلگەن
ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇشبۇ ئىدىيىسى زۇلۇمغا قار-
شى تۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىق، يېڭى
دۇنيانى — خەلقنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئىدى.

گەرچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تېخى ئاڭلىق ماركسىزمچى،
لېنىنىزمچى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆزىتىشى ۋە دۇنيانى
چۈشىنىشى ماتېرىيالىزمنىڭ ئۇشبۇ تەلىۋىدىن يىراقلاشمايتتى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىمۇ دىئالېكتىك ئامىللارغا
ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە ھەركىتىدە دىئالېكتىك ئامىل-
لارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىگە بولغان كۆز
قارىشىدىن روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇ، شېئىرلىرىنىڭ تە-
رەققىيات جەريانلىرىنى يەنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھادى-
سىلەرنىڭ جەريانلىرىنى زىددىيەتلىك جەريانلار دەپ قارايدۇ.
شۇڭا، ئۇ ئىجادىيىتىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى سەت بىلەن
چىرايلىق، زۇلمەت بىلەن يورۇغلۇق، قىش بىلەن ياز قا-
تارلىقلارنى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئورۇنغا قويۇپ، ئە-
جابى تەرەپنى مەدھىيىلەپ ۋە قوللاپ، سەلبى تەرەپنى ئە-
يىپلەيدۇ. جەمئىيەتتىكى بەخت بىلەن ئاپەت، ياخشى بىلەن
يامان، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، مەھكۇملۇق بىلەن ھاكىمى-
لىق، مەزلۇملۇق بىلەن زالىملىق قاتارلىق بىر - بىرىگە قار-

مۇ - قارشى تەرەپلەرنى ئۇز ئارا سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شەخسەن ئۆزى بۇ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ.

شائىر ئۆزى ياشىغان جەمىيەتنى ئەشۇنداق ئىلغار ئىدىيە بىلەن كۆزىتىپ ۋە چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى خەلققىمۇ توغرا چۈشەندۈرەلىدى، شېئىرلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا خىزمەت قىلدۇردى. خەلقنى قوزغىلىپ فېئوداللىق ئاسارەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. فېئوداليزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئاغدۇرۇلۇپ، گۇمران بولىدىغانلىقىنى، "مۇقەددەس قۇياش نۇرى" كەڭ جاھاننى يورۇتىدىغانلىقىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاكالىدي:

"كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس" ئابدىخالىق كۈت ئۈمىت،
سېغىنغىنىڭ كېلىدۇ، سۈزۈلۈر شۇندا جاھان،

ئابدىخالىق قىل پىداجان، بەلۋاغىنى ئالماپ ئىككى چىگ،
"جاندىن كەچ جانانىغا يەت" بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر.

ئۇنىڭ سادىسى "ناگەدىكى بىر چۇقان" بولۇپ ياڭراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كونا تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ، زۇلمەت باسقان جەمىيەتتە تۇرۇپ، كونا تۈزۈمنى يوقۇتۇش ئۈچۈن نەرە تارتتى. ئۇنىڭ ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى «زۇ-

لۇمغا قارشى»، «ئاچىل» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىنتايىن ئېنىق بايان قىلىنغان. «ئاچىل» سۆزى شۇ زاماندا ئازات-لىق، ھۆرلۈكنىڭ يولىنى ئېچىش مەنىسىدە قوللىنىلغان، شۇ-ڭا بۇ شېئىر مەيدانغا چىقىشى بىلەنلا، دەرھال يېقىملىق ئاھاڭغا سېلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، بۇ ناخشىنى ئېيتقانلاردىن بىر قانچىسىنى ئەك-سىيەتچىل دائىرىلەر تەقىپ ئاستىغا ئالغان.

شېئىردىكى پىكىرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئاپتورنىڭ رىئال تۇرمۇشنى، دەۋرنى، جەمئىيەتنى خەلقنىڭ رايى ۋە خاھىشىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تۈپ ما-ھىيىتىنى چۈشىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. مۇنداق شېئىرلاردا ئاپ-تور كۆتۈرۈپ چىققان پىكىر يېڭى ۋە چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ جەڭگىۋار ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. جەل-قىلىش كۈچى (سىمپاتىيىسى) زور بولىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇي-غۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن بىز ئۇنىڭ جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلى-كۆزەتكەنلىكى، پىششىق ئۆگەنگەنلىكى، ئاكتىۋال تېمىلارنى ئېنىق بايقاپ، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلى-كىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

شائىر ئىنقىلاۋىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلاۋىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ نام-رات، قالاق، خەلقنىڭ نادان، ئىلىم-پەندىن مەھرۇم ق-لىنىشى، نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈ-

نىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋىتىنىڭ تېرى ئى-كەنلىگىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغانلىغى-نى ئىزھار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتلۇق قەلبىدە يال-قۇن بولۇپ يانغان مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئوپتىمىستىك روھنى يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستىگىنى، تەرەق-قىپەرۋەر دېموكراتىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

"بىرپۇراپ ئۆلسەم نەئارمان بېغىم باھارى گۈلىنى،
ھەرسەھەردە گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارمەن"

دەپ گۈزەل ئۈمىت، ئىشەنچى بىلەن تولغان غايىسىنى ئەكس ئەتتۈ-رىدۇ، كەلگۈسىگە بولغان ئالى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى چەكسىز قىزغىن-لىق، شاتلىق ھېسسىياتى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ جانلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار شېئىرلىرى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر ئىجادىيىتى ئاسا-سەن رېئالىزىم بىلەن گۈزەل غايىۋى ئۈمىتۋارلىققا تولغان رومانتىزىمنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئاساسىدا راۋاجلانغان ۋە زورايغان. ئۇنىڭ كوپلىگەن شېئىرلىرى - يار-قىن، ئوبرازلىق، جانلىق، شوخ، يېقىملىق، لىرىك شېئىرلار-دىن تەركىپ تاپقان. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا كىشىلەر-نىڭ پاك ۋىجدانىدىن تۇرۇلگەن تۇيغۇلىرى، مۇھەببەت كۈيى-لىرى، كوڭۇل رىشتىسى، يۈرەك سادالىرى، پاساھەتلىك تىل بىلەن ئوبرازلىق پىكىرلەر ئۈستىگە يىغىنچاقلانغان. ھەتتا مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىمۇ قۇرۇق خىيال، تۇترۇقسىز گەپلەر-

دىن، مەنىسىز ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن، ساختا قىزىقىش ھېسسىياتلا-
رىدىن خالىي ھالدا كىشىلەرنىڭ پاك، ئالىجاناپ پەزىلىتى-
گە خاس، ھەقىقىي مۇناسىۋەتلەر يارقىن تەسۋىرلەنگەن. شا-
ئىر ئۆزىنىڭ رىئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئەدەبى-
ياتنىڭ سىپىلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، سىمۋوللاشتۇرۇش، كۈچەيتۇ-
رۇش قاتارلىق ھەر خىل ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ جانلىق
ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ زۇلۇمىنى «جاھالەت بو-
لۇغى»، «قاراڭغۇ زۇلمەت»، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىكنى «ئاي
نۇرى»، «غۇنچە»، «پارلاق تاڭ»، «قۇياش»قا ۋە شۇ خىل
تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەققاس قىلىدۇ. قاراڭغۇ زۇلمەتلىك
جەمئىيەتنى بەزىدە توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىدە
«زامان»، «پەلەك»، «تەقدىر» دەپ ئىپادە قىلىدۇ؛ ئۆز-
ىنىڭ ئىنقىلاۋىي غايىسىنى بەزىدە بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويسا
بەزىدە «يارۇسالى»، «باھار»، «گۈل»، «چېچەك» لەرگە،
«مايسە» ۋە «چىراق» قا تەققاس قىلىدۇ. ئۇ، غايىسىنى «يار»
غا ئوخشاتقاندا ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيگۈچى «ئاشىق»
قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇ، غايىسىنى «باھار» غا ئوخشاتقاندا
ئۆزىنى قاراڭغۇ قىش زىمىستانىدىن بىزار بولۇپ، باھارغا
تەلپۈنگۈچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇتۇپ تىل كۆرسەت جامالىڭنى يوشۇرما ئەي خىنىم،
تاشلىماي قىل ئېتىبار ئەرزىمنى، جان قىل ئېتىبار.
مۇددىئايىم شۇ قىيابەر باقسا ئۇ ساھىبجامال،
ھەممىتىم نەرقى كۆتۈرۈلۈپ ئېشىپ ئەندەك بازار.

بۇاپايار دەردى بىرلە هالىڭغا ئۇيغۇر ۋاي جانەي،
قىش كېلىپ مۇزلاتمىسۇن پاتراق ئېپنەمەت قىل باھار.
(«كوڭۈلسىز ۋەقەنىڭ كۈنۈمسىز ئاهى - نالىسى»)

شائىر يەنە ئۆز غايىسىنى «چىراق» قا ئوخشاتسا ئۆزىنى چىراقنىڭ نۇرىغا ئىنتىلگەن پەرۋانىگە ئوخشىتىدۇ. مەسىلەن، يورۇغلۇقنى يېقىنچاقلاش ئۈچۈن، لامپىنىڭ شىشىسىگە كەيدۈرۈپ قويۇلغان قەغەزگە يېزىپ قويغان بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

تۈنى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراق،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن، نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراق،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراق.

تۈندە قەلەم تۇتقىلى بولماس يوقالسا بۇ چىراق،
قانچە يازسام يەنە قايىنار دەرت تېگىدىن ئىشىاق.

ئابدىخالىق كۈن - تۈنى ئۇيقۇدىن بىدارسەن،
خۇددى بىر پەرۋانىسەن، كەتمە لېكىن نۇردىن يىراق.
(«چىراق»)

روشەنكى، شائىر ئابدىخالىق ئۇيغۇر ئۆز غايىسىنى، ئارزۇسىنى ۋە مەقسىدىنى قايسى يول بىلەن قانداق تېپىدىلىسۇن، تەلەي سىناش ياكى مەلۇم غايىۋى كۈچكە يولۇقۇپ "ئاللا ئىلتىپات قىلىدۇ" دەپ قاراپ تۇرمىغان. ئۇ، قۇرۇق تاماگەرلىككە بېرىلمىگەن، ئەكسىچە خەلق ئۆزىنى ئۆ-

زى ئازات قىلدۇ، توغرا، پارلاق يولنى، نۇرلۇق ئىستىقبالنى ئۆزلىرى كۆرەش ئارقىلىق تاپىدۇ، دىگەن قاراشتا بولغان. شۇڭلاشقا خەلق ئەپسانىسىدىكى: ئاسماندا "ھۇما" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خاسىيەتلىك قۇش ئۇچۇپ يۈرەرمىش، بۇ قۇشنىڭ سايىسى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسە، شۇ كىشى پادىشا بولارمىش، دىگەن مۇشۇ رەڭدار راۋايەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز پىكرىنى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئىزلىدى ھۇما قۇشنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ،
كەيپىيات بولغانى شۇ ھۇما بولارنى ئىستەمەس.

ئابدىخالىق قىل سۆبات، ئىزلە سىراتىل مۇستەقىم①
بۇ سۆبات بار يەردە كۆڭلۈم ئۇ ھۇمانى ئىستەمەس.

ئۇندىن باشقا، شائىر ئابدىخالىق ئۇيغۇر، كلاسسىك ئەدەبىيات، چەتئەل ئەدەبىياتى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، شېئىرلىرىغا قويۇق مىللى تۈس بېرىپ، ئۇنى قويۇق مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. ئابدىخالىق ئۇيغۇر مىللى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى تېپىكلەشتۈرگەن هالدا روشەن ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى.

ئابدىخالىق ئۇيغۇر گەرچە قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى بىر ھەقىقى ئىنقىلابچىنىڭ پائالىيىتى ۋە ھەقىقى شائىرنىڭ ئى-

---

①سىراتىل مۇستەقىم — توغرا يول.

ئىجادىيىتى ئىگەللىگىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. بىز ئابدىخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىقمىزكى: ئابدىخالىق ئۇيغۇر سىياسىي جەھەتتە، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى ئىنقىلاۋىي ئاڭغا ئىگە دېموكراتىزمچى؛ ئىدىيە جەھەتتە، شىنخەي ئىنقىلاۋىي، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىي ھەم «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن باشلانغان جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە ئۆز ئېڭىنى يېڭى ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرغان بىر ئىنقىلاۋىي جەڭچى؛ ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشى ۋە دىيالېكتىك نۇقتىئىنەزەرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىۋاتقان بىر مۇتەپەككۇر؛ مەدەنىيەت جەھەتتە، جاھانگىرلىككە، فېئوداليزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەرىپەتپەرۋەر؛ ئەدەبىياتتا ئېجتىھاتلىق ۋە تالانتلىق شائىر. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ، ئۆز ھاياتىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشكە تەقدىم قىلغان پاك ۋىجدانلىق، قەيسەر ئىرادىلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باتۇر ئوغلانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى. شۇڭا ئۇ، خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ قەدىرلىشىگە، خاتىرلىشىگە ھەمدە قۇتلۇق نامىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن بېتىگە يېزىشقا ئەرزىيدىغان مەشھۇر شەخسدۇر.

### توققۇزىنچى لېكسىيە

# مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتىلى توختاجى

شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)① 1901 - يى-
لى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت دىگەن يېزىسىدا بىر مىل-
لى تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

تېۋىپ توختاجى ئۇچۇق پىكىرلىك، تەرەققىپەرۋەر ئا-
دەم بولۇپ، باللىرىنى ئوقۇتۇپ يېڭىچە ئادەم قىلىشنى ئار-
زۇ قىلغان. شۇڭلاشقا 1914 - يىلى نىزامىدىن ۋە مەمتى-
لى ئاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئاتۇشتا يېڭىدىن قۇرۇلغان پەن-
نى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى دىنى مەكتەپلەر، ئۇيى-
غۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان
بىر تارىخىي شارائىتتا، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى
ئوقىتىدىغان يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش — تارىخىي خاراكتىرلىك
بوسۇش ۋە ئىنقىلاپ بولۇپ سانىلاتتى. بىراق فېئوداللىق
تۈزۈمنىڭ سىياسى قوغدىغۇچىسى بولغان ئەكسىيەتچى. ھوكۇ-

---

① تەۋپىق - شائىرنىڭ ئەدىبىي تەخەللۇسى بولۇپ،
توغرا يولغا ماڭغۇچى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەت، يەرلىك فېوداللار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىيلار بۇ خىل يېڭى مەكتەپتىن مەنپەئەتدار ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇنى ئۆز- لىرىگە خەۋپ دەپ بىلەتتى. مىللىتارىست ياڭزېڭشىڭ هوكۇ- مىتى ئۇيغۇر خەلقىنى داۋاملىق هالدا خۇراپىلىقتا، نادان- لىقتا، جاهالەت ئىچىدە ئاڭسىز، قالاق هالەتتە ساقلاپ قې- لىشنى ئىستەيتتى. خەلقنىڭ فېودال تارقاقلىقتا ئاڭسىز، ئويـ- غانمىغان، ئويۇشمىغان هالەتتە ياشىشى ئۇنىڭ سىياسى ۋە مىللى مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇزۇن ئۇتمەي- لا ياڭزېڭشىڭ هوكۇمىتى يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بىلەن بىر- لىشىۋېلىپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بۇ يېڭى مەكتەپنى تا- قىۋەتتى. مەكتەپنىڭ تەشەببۇسكارلىرىنى جازالىدى.

بىر مەزگىل بولسىمۇ يېڭى زامان مەكتىۋىدە ئوقۇش مەمتىلى توختاجىنىڭ يېڭىچە دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قا- رىشىنىڭ تىكلىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كورسەتتى. يېڭى مەك- تەپ ئېچىش، يېڭى مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوز خەلقىنى زامانىۋى ئىلىم- پەن بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇ- لارنى تەرەققى تاپقان مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئوتكۇزۇش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۇرۇش ۋە ئىجتىمائى تەرەققىياتنى ئىل- گىرى سۈرۈش ئۇنىڭ بىردىن- بىر مەقسىدى بولدى.

مەمتىلى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىيات- سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. شېئىر يېزىش، ناخشا ئوقۇش، ساز چېلىشنى ياخشى كورەتتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ ئۆگىنەتتى. ئائىلىسىگە قايتىپ

دادىسىغا ياردەملىشىشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىگىدىن ئۆ-
گىنىشنى ۋە شېئىرلار يېزىپ مەشق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

1920 - يىلى توختاجى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن
ئوغلى مەمتىلىنى ئۆزى بىلەن بىللە شىمالىي شىنجاڭغا - چۆ-
چەك، بورتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باردى. شا-
ئىر تەۋپىق بۇ سەپەردە فېئودالىق جاھالەت ئىسكەنجىسىدە
ئىڭراپ ياتقان خەلقنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلىك ھاياتى بى-
لەن كەڭ تۈردە ئۇچراشتى. ئۇ، كېزىپ ئۆتكەن شەھەر-
يېزىلاردا خەلقنىڭ چەكسىز ئىجتىمائى تەڭسىزلىك ۋە مىللى
زۇلۇم، خورلۇق شارائىتى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كوردى.
قالاقلىق، خۇراپاتلىق، فېئودالىق ئاسارەتلەر قاتمۇ - قات زەن-
جىر بولۇپ خەلقنى چىرمىۋالغان ئىدى. بولغۇسى شائىردا
ئۆز خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائى، تارىخىي پاجىئەسىگە نىسبە-
تەن چوڭقۇر ئىچىنىش پەيدا بولدى.

مەمتىلى چوچەككە بارغاندا، 1921 - يىلى قەشقەر-
دە ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى ۋە ئالىم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ جاھان-
گىرلارنىڭ غالچىسى — ئەكسىيەتچى يالاقچىلار تەرىپىدىن سۇ-
يىقەست بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىگىدىن خەۋەر تاپتى،
غەزەپ - نەپرەتلىك ھىسسىياتى بىلەن «ئوقىدى - ئاش-
تى» دىگەن مەرسىيە شېئىرىنى يېزىپ، زالىم ئەمەلدارلار، ۋەھ-
شى روھانىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.
ئەشۇ بىر ئۇچۇم ئاچكۆز، توييماس قارانىيەتلەرنىڭ نەپسانى-
يەتچىلىكى، خىيانەتچى - ھارامتاماقلىقى تۈپەيلىدىن، قەشقەر-

خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇم ۋە خورلىقىنى تەقىل كەلتۈ-
رۈپ، بۇ "ئەخلاقسىنى پۈچەك پۇلغا ساتىدىغان" زالىملار
ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. خەلقى ئالەم ئالدىدا ھەققا-
نى يۈسۈندا مەيدانغا سەكرەپ چىقىپ، مەشھۇر زاتنى ناھەق-
تىن ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەھشىلەرنى سودقا تارتتى:

رىشۋە① بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى رەھىمسىز چاپارلەر،
بىشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلەر.
ئۇيلاڭلار! زاكات- ئۇسقات كىملەرنىڭ ھەققى، كىملەر ئالۇرلەر؟
نى- نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچدە پىنھان قالۇرلەر.
مۇيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەرگە ئانچە ھىكمەتلەر،
ئەملىگە قارىتا بەردى ئاللا شانۇ- شەۋكەتلەر.
ئوقۇيمىز بىلمەيمىز، لىسانۇ ئەرەپ مۇشكۇل تىلى بىزگە،
يادىگار قالغان يوق بىر نۇكتە ھىكمەت ئۇلاردىن بىزگە.
قەشقەردە يېتىملار ھامام ئاستىدا ياتۇرلەر،
تەربىيەسىز ئوشۇق ئويناپ، نىشە تارتۇرلەر.
مەرھۇمى داموللا ئابدىقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نىمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

يەرلىك ھوكۇمەت تەۋپىقنىڭ ساتىراچلىق دۇكىنىنىڭ
ئالدىغا چاپلانغان بۇ شېئىردىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى دەر-
ھال تەقىپ ئاستىغا ئالدى ۋە ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ
قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالغاندا شائىرنىڭ دوستلىرى

① رىشۋە — رىشۋەت- پارا.

ئۇنىڭغا چوچەكتىن باشقا يۇرتقا كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. نەگە كېتىش كېرەك؟ قەيەرگە بارسا قازاننىڭ قولىغى تۇت. بۇ چاغدا شائىرنىڭ پۇرسەت تېپىپ ئوقۇش، بىلىم ئىگەللەش ئارزۇسى كۆكسىدە يالقۇنجاپ تۇراتتى. بۇنداق ئىمكانىيەت ئەينى زاماندا پەقەت تام خوشنا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا بار ئىدى. شائىر داۋاملىق ئوقۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىنىڭ پانالىغىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا باردى.

مەمتىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن يۇرتداش-مۇساپىرلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزلىدى. دەسلەپ ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى. ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. كېيىنرەك بولسا، موسكۋاغا بېرىپ شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ دارىلفۇنۇندا بىر يېرىم يىل ئوقۇپ، كېيىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن قارا دېڭىز بويىغا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن باردى. ئۇ يەردە ئاشپەزلىك ۋە كاۋاپچىلىق قىلدى. ئاستا - ئاستا چەتئەل پاراخوت شوفېرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەزىلىك تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىپ، تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىپ دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. تۈركىيە پاراخوت خادىملىرى بۇ ياش ئاشپەزنىڭ داۋاملىق ئوقۇش ئار-

زۇسغا ھەمداشلىق قىلدى. ئۇلار ھەمتىلىنى 1923 - يىلى 9 - ئايدا ئۆز پاراخودىغا سېلىۋېلىپ تۈركىيىگە ئېلىپ كەتتى. ھەمتىلى پاراخوتتىن ئىستانبۇلغا يېقىن كەلگەندە چۈشۈپ قالدى. بويىنىغا كىچىك بىر تەنزىنى ئېسىۋېلىپ، مېلىچ مال سېتىپ، يۇرتلارنى ئارلاپ ئاخىر ئىستانبۇلغا يېتىپ باردى. بۇ يەردىمۇ ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى بىرەر مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ناھايىتەنمۇ تەسلىكتە ئىستانبول ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىۋىنىڭ قارا خىزمەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ، كۈندۈلۈك ئىشلىرىنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، سىنىپلارغا بېرىپ، دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ دەرس ئاڭلاپ، سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىۋالغانلىرىنى قايتىپ كېلىپ تولۇقلاپ، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى. بىر مەزگىل ئۆگەنگەندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئۆزىنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇ، ئاڭلىغان دەرسلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ كورۇپ، ئاخىر ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. ئۇ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ، ئىزچىل ھالدا ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلدى.

ھەمتىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىستانبول شەھىرىنىڭ بىر باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

30 - يىللار شىنجاڭدا بوران - چاپقۇن ئىچىدە باش-

لاندى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى 1930 - يىلى چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە مەدەت بېرىش، ھەر ساھە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى؛ قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ، جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەتىلى توختاجى بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زامانىۋى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، خەلقنى ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى سىياسى شارائىتى دەپ چۈشەندى. شۇڭا، كوڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلققە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا ۋەتەنگە قايتتى، 1933 - يىلى ئۇز يۇرتى ئاتۇشقا كەلدى.

مائارىپ شۇنداق قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككى، ئۇنىڭسىز ھېچقانداق بىر مىللەت دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ. بۇنى مەتىلى ئەپەندى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئۇز يۇرتىدا ئالدى بىلەن مائارىپنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا تەشۋىقات — تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ كۈچلۈك جاما-

نەت پىكرى تەييارلىدى، يېڭى مائارىپنى قوللاپ - قۇۋۋەت-
لەيدىغان تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرگە تايىنىپ يېڭى مەكتەپ قۇ-
رۇشنىڭ ھەر خىل ئاساسلىرىنى تىكلىدى. ئاندىن ئوقۇتقۇ-
چى تەربىيىلەش قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچتى، ناھىيە مىق-
ياسىدا ئاقارتىش تەشۋىقاتى يۈرگۈزدى. كۇرسانتلار رەتلىك
تىزىلىپ، قىزىل گالستۇك تاقاپ، ھەيۋەت بىلەن مېڭىپ،
ناھىيە شەھىرى ۋە ھەر قايسى يۇرتلارنى ئارىلاپ، تەۋپىق
يازغان «بىز - مۇئەللىم!» دىگەن ناخشىنى توۋلاپ ئوتۇش-
تى. ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلقنى ئىلىم - ئىرپان ئېلىش-
قا چاقىرغان بۇ ياڭراق، يېڭى ساداسى غەپلەت ئۇيقۇسىدا
جىمجىت ياتقان يېزىلارنى ئويقۇدىن ئويغاتتى. تەۋپىق ياز-
غان بۇ ناخشىدا خەلقنىڭ ئۇزاق ۋاقىت جاھالەت ئۇيقۇ-
سىدا ياتقانلىقى، خۇراپاتلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ
بىزار بولغانلىقى، زۇلمەت ئىچىدە يورۇغلۇققا، سائادەتكە تەش-
نا بولغانلىقى، بەخت - سائادەتكە پەقەت بىلىم - ئىلىم ئې-
لىش يولى بىلەن يەتكىلى بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئو-
قۇتقۇچىلارنىڭ، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان ئەۋلادلار-
نى تەربىيىلەشكە بەل باغلاپ چىققانلىقى بايان قىلىنغان.
شېرنىڭ مەزمۇنى ناخشا تىلىغا خاس بولغان يېنىك، ئاد-
دى، ئۇقۇشلۇق، ئىخچام بولغاچقا كىشىلەر (بولۇپمۇ ياش
ئۇسمۇرلەر) بىرلا ئاڭلاش بىلەنلا توتۇۋېلىپ ئېيتقان، شۇڭا
ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولدى. مىڭلىغان-
ئون مىڭلىغان خەلق ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئالقىش،

ھۆرمەت ياغدۇردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر بىر يېزىدا دېگۈدەك يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلىنىشى بىلەنلا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئاقارتىش ھەرىكىتىمۇ قانات يېيىپ كەتتى. ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ۋە چوڭلار كېچىلىك ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىغا تەشكىللەندى. شۇنداق قىلىپ 1933 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە ناھىيە خەلقىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقاردى. ئوقۇغۇچىلاردىن سىرت قىزلارنىڭمۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيالىغانلىقى ۋە ئوقۇتۇلغان ئايال مۇئەللىمەلەرنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنى دىنىي جاھالەتلىك، خۇراپاتلىق قاپلاپ تۇرغان تارىخىي مۇھىتتا، بۇنداق زور نەتىجىگە ئېرىشمەك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن، مەتلى ئەپەندىگە زامانىۋى مائارىپنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئاقارتىش ھەرىكىتىنى باشلاپ بېرىش ئۈچۈنلا ئاسانغا چۈشمىدى. فېئوداللىق ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ قاتمۇ - قات توسقۇنلۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، يەرلىك فېئودallar ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى زور تاقابىل تۇرۇش كۈچى بىلەن سۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. مەتلى ئەپەندى بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ تول-

لاپ ـ قوۋەتلەشكە، زامانىۋى تەرەققىياتقا ئىنتىلگۈچى سا-نسىزلىغان ياشلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. ئاتۇشـتا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىشى يۇرتنىڭ ئومۇمى قىيا-پىتىگىمۇ زور تەسىر كورسەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى بىر تەرەپتىن، ئەنە شۇنداق ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق خەلقنى يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە تەشكىللىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارق-لىق خەلق ئاممىسىنى ئويغۇتۇشتا، دەس تۇرغۇزۇشقا قوزغات-تى. غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋەرسە بەخت قۇشىنىڭ ئۇزى ئۇچۇپ كېلىپ، بۇ يۇرتنىڭ بېشىغا قونمايدىغانلىغىنى، شۇم تەقدىرنى ئوزگەرتكىلى بولمايدىغانلىغى، بۇنى ئوزگەرتىش ئۇ-چۇن ئويغىنىپ كورەش قىلىشنىڭ زورۇرلىگىنى تەشۋىق قىل-دى. خەلقنى كورەشكە دەۋەت قىلىپ مۇنداق يازدى:

ئويغان خەلق يۇرتىڭنى سەن قۇتقۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراق ياققىن نۇرتولدۇر!
پۇتىۇن ئەبەدى زۇلمەت، دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۇندىن بول ئازات!
سائادىتىڭ ئۇچۇن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل!
دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھوما قۇشى قونسۇن ئەۋلات قولىغا!

شائىر تەۋپىق «ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن» دىگەن شېئىر-نى يېزىپ، مۇستەبىتلىك، ياقىزىكىشلىك، جىنشورىن گورۇھىنىڭ

"نادانلاشتۇرۇش" سىياسىتى بىلەن كۈندىن - كۈنگە ھالى
خاراپلاشقان، ئىزىلگەن - يانچىلغان ۋە نادانلىشىپ كەتكەن
خەلققە بەختىيارلىق، شاتلىق ۋە قەد كۆتۈرۈشنىڭ يولىنى
كۆرسىتىپ بېرىپ، ئەۋلاتلارنى تەرەققى تاپقان ئەللەرگە ئوخ-
شاش پەن - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلققە ئىلىم - پەن
نۇرىنى چېچىپ، ئۆز ئېلىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى قولغا
ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ:

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن، بىز خۇشادان بولىنىڭ،
ئىلمۇ - ئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ!
نەچچە يىللاپ ئۇخلىدۇق، كۈندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئېرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق،
تۇتىشىپ قوللارغا قول شادۇ - خەندان بولىنىڭ.
ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقىدىن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلمۇ - ئىرپان نۇرى ئال، مىللىتىڭ باشىغە ساچ،
ئۆزگىدەك ئۆز يۇرتىمىزغا بىزمۇ سۇلتان بولىنىڭ!

شائىر تەۋپىق مەدىنى - مائارىپتا گۈللىنىش ۋەزىيىتى
بارلىققا كېلىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ بىر قەدەر ياخشى
ۋەزىيىتى يارىتىلغانلىغىدىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدى.
چۈنكى بىر ئىنقىلاۋىي جەڭچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز خەلق-
نىڭ غېمى ئۇنىڭ غېمى، بەخت سائادىتى ئۇنىڭ بەخت سا-
ئادىتىدۇر. شۇڭلاشقا شائىر ئۆزىنى ۋەتىنىگە ۋاكالىتەن، خەل-
قىغە ۋاكالىتەن مەن دەپ يازالايدۇ، ۋەتەن، خەلقنىڭ پەر-
زەندى سالاھىتى بىلەن كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شا-

ئۇ تەۋپىق ئەشۇ مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ئىلىم - پەن ئۇگىنىشنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن يىللاردىكى ۋەزىيەتنى ئۆزى ئۈچۈن شاتلىق ھېس قىلادى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەن ھالەتنى "كۈنى، توغدى" دەپ تەسۋىرلىدى:

توغدى قۇياش، ساچتى نۇر يۇرتىنىڭ تاغۇ - تاشىگە،
ئېنىڭ ئىللىغى يەتتى مەزلۇم خەلق باشىگە.

قۇياش نۇرى يورۇتقان ئىنقىلاپنىڭ ئۇلى بىز،
يۇرتىمىزدا سېچىلغان ئىلىم - ئىرپان نۇرى بىز.

يوللىرىمىز ئېچىلدى باسىمىز غالىپ قەدەم،
يورۇق كۈندىن نۇر ئېلىپ، نۇر ساچارمىز دەممۇ - دەم.

شائىر يەنە ۋۇجۇددا ئۇركەشلىگەن ئىنقىلاۋى قىزغىنلىقى ۋە دېڭىزدەك دولقۇنلىغان شاتلىقىنى تەبىەتنىڭ باھار پەسلىدىكى مەنزىرىسى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ باھارنىڭ رەڭدار گۈل - چېچەكلىرى، چاقناپ تۇرغان روجەكلىرى ئارقىلىق مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

باھار كەلدى، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلدى،
باشىمىزغا رەھمىتى ھەق سېچىلدى.

كەتتى ئەمدى زىمىستان قىش، تاڭ ئاتتى،
ئويغىمىزدىن خۇش ئاۋازلار ئويغاتتى.

كۆك ئوردا پارلدايدۇ روجەكلەر،
ھەممە يەردە ياشندى گۈل - چېچەكلەر.

گۈل - چېچەكتىن باش كۆتەردى ئوغۇزخان،
بىزنى ئالغا ئۈندىمەكتە ئۇ ھامان...

بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئوغۇزخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى تىپى بولۇپ، ئۇ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا خەلق ياراتقان جاھان ئېپوسلىرىنىڭ مەشھۇر قەھرىمانلىرى گىراكىل، ئىلىيا، ساناداغا ئوخشاش تىپىك ئوبرازدۇر. شائىر بۇ مىسرا ئارقىلىق ئاتا - بوۋىلار - ئەجدادلىرىمىز، ئىلىم - پەننىڭ گۈل - چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن ئەلدە باش كۆتۈرۈپ، ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىشىپ، بىزنى يەنە كېلەچەككە — ھۆرلۈك، ئازادلىق نۇر چاچقان پارلاق زامانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە، جاھان مىللەتلىرى قاتارى زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئۈندىمەكتە، دەپ ئۆزىنىڭ غايىسىنى رىۋايەتتىكى ئۆلمەس قەھرىمان ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر تەۋپىق مەدىنىي - مائارىپنى ھەممە جايدا ئومۇملاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا 1935 - يىلى ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، باشقا جايلارغىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارغا پىيادە ماڭدۇرۇپ ئېلىپ باردى. سەپەر داۋامىدا، بارغانلا يېرىدە زامانىۋى ما-

ئارمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلدى، سايامەتتىن قايتقى-
نىدا ئاتۇش كوچىلىرىنى زىل كەلتۈرۈپ، تەۋپىق ئۆزى ئا-
ھاڭغا سالغان «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ» دېگەن ناخشىنى
ياڭرىتىپ ئۆتكەن:

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېڭىلىقتىن نۇرلار ساچتۇق،
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.
بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق،
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.
پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغۇتۇپ،
كونلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

1936 - يىلى يەنە 800 ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ قەش-
قەر شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «12 - ئاپرېل» بايرىمىغا ئاپى-
رىپ قاتناشتۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار سەپ تارتىپ، داقا - دۇم-
باق، بارابانلىرىنى چېلىپ، مارش ئوقۇپ، مەيداندا تۈرلۈك
گىمناستىكا شەكىللىرىنى يارىتىپ، بايرامغا يىغىلغان كەڭ ئام-
مىغا ئاتۇش يېڭى مائارىپىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ناما-
يان قىلدى. بۇ خىل كەڭ تۈردە، تىرىشچانلىق بىلەن ئېلىپ

بېرىلگەن تەشۋىقى - تەرغىبات ئەمگىكى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىلا ئەمەس، بەلكى شىمالىدىمۇ زامانىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭ مەدەنىي - مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

خەلقپەرۋەر شائىر تەۋپىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۇ، ئامما بىلەن ئىچ قويۇن تاش قويۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا قۇلاق سالغان، ئۇلارغا كۆيۈنگەن ۋە ھېسداشلىق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئۇنىڭ يېزىلاردىكى نامرات ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرگىنىنى، پاراڭلىشىۋاتقىنىنى كۆرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ راخمان ئىسىملىك بىر ئاشىق بىلەن كوچىدا بىللە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر نەچچە ئايال ئۆز - ئارا: "كۆردىڭلارمۇ؟ مەتىللى ئەپەندى راخمان بىلەن بىللە كېتىۋاتىدۇ..." دېيىشىدۇ. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ قالغان شائىر دەرھال ئۇلارغا جاۋابەن:

سۆيسە سۆيەمەن يەر بىلەن يەكسان بولسا،
سۆيمىسە سۆيمەم مىسىرغا سۇلتان بولسا.

دېگەن شېئىرنى توقۇيدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئۆز خەلقىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى روشەن كۆرۈنىدۇ.

شائىر تەۋپىق ھەرگىزمۇ ئۆز نەتىجىسىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمىگەن؛ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، مەرتىۋىسى، پۇلى، كىيىم - كېچەكگە قاراپ مۇئامىلە قىلمىغان. ۋەتەن،

خەلق ئۈچۈن تەرەققىيات ۋە پارلاق ئىستىقبال ئىزدىگەن. ئۇنىڭ ئۈلگىگە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ، يۈكسەك ئارزۇ-ئىستەكتە بولغان. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۇز شېئىرىدا مۇنداق بايان قىلغان:

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقوق ئادالەت،
بولسا بەربات خوراپاتلىق، جاھالەت.
شۇڭلاشقا ئۈچۈن ياشسۇن بۇ ئىنقىلاپ،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق، ئىختىلاپ.
پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.
ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

بۇ نىمىدېگەن ئۇلۇغۋار، نىمىدېگەن يۈكسەك غايە-ھە؟! شائىرنىڭ: «ۋەتەن ھەققىدە»، «ئالتۇن ئولكە»، «قۇتۇلۇش يولىدا»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «دۇبارەك ۋەتەن» قاتارلىق ۋەتەن ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى ۋە «قۇتۇلدۇق»، «ئۇيغۇر باللىرى»، «تەنقىت» قاتارلىق زۇلمەتلىك ئوتمۇش جەمىيەتنى پاش قىلىپ يازغان شېئىرلىرىدا رىسال دەۋر، شىڭشىسەي ھوكۇمرانلىقى پاش قىلىنغان، زۇلمەتلىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ يېڭى، پارلاق ئىستىقبال يارىتىش ئۈچۈن كورەشكە چاقىرىلغان. بۇلاردىن شائىرنىڭ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك مەردانىلىق بىلەن كورەش قىلغان كەسكىن ئىنقى-

لاۋىي جەڭچى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گەرچە شائىر يې-
ڭى مەدەنىيەت، يېڭى، زامانىۋى ماتارىپنى قۇرۇش ھەرىك-
تىنى قاناتيايدۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە زور تىرىشچانلىقلار كۆر-
سەتسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك تىرىشچانلىقى زۇل-
مەتلىك دەۋر، ئادالەتسىز تۈزۈمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي
قالمىدى. ئەسلىدىلا شېڭشىسەي ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى، بو-
لۇپمۇ يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر شائىر يولغا قويغان
ئىلغار ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىلىق قانات يېيىشىدىن
تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا 1936 - يىلى 7-
ئايدا قارا نىيەت شېڭشىسەينىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى
شائىرنى جەڭگىۋار ئورنى — مەكتەپتىن قولغا ئالدى. ئاز
ئۆتمەيلا شائىر تەۋپىق قەشقەر شەھىرىدىكى ياۋاغ تۈرمىس-
دە پاجىئەلىك ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئوت يۈرەك مەرىپەت-
پەرۋەر شائىر تەۋپىق ئوق تەككەندىن كېيىن «ئاھ، ۋەتەن!»
دەپ يىقىلغان چاغدا تېخى ئاران 36 ياشتا ئىدى.

شائىر تەۋپىقنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىلغار دۇنيا قا-
رىشىنىڭ، ھاياتى غايىسىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي
شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، روشەن سىياسى تۈسكە ئىگە.
شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەننى، خەلقنى، ئىلىم - پەننى،
ئىجتىمائى تەرەققىياتنى ۋە ئەينى يىللاردىكى خەلق ئىنقى-
لاۋىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى كۈيلىگەن. فېئودالىزم جاھا-
لىتىنى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىپ ۋە ئەيىبلەپ، ئادالەت-
سىز كونا دۇنيانى گۆمران قىلىش، پارلاق كەلگۈسىنى يا-

رىتىش گۈزەل ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە ئۆ-زىنى بېغىشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر تەۋپىقنىڭ هايا-تى جەڭگىۋار هايات، ئۆلمەس هاياتتۇر! ئۇنىڭ جەڭگىۋار هايات - پائالىيەتلىرى ۋە جۇشقۇن ئىنقىلاۋىي ئىجادىي شېئىر-لىرى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇددى ئىلگىرىدىكىدەكلا كەڭ جاما-ئەتچىلىك تەرىپىدىن يادلىنىپ ۋە تىللاردا داستان بولۇپ، "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" بۈيۈك سەپىرىدە ئۆزىنىڭ رىئال رولىنى تېخىمۇ جارى قىلىدۇ.

ئونىنچى لېكسىيە

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ۋە شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتىنىڭ قانات يېيىشى

1931 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقى - شىمالىدا «18 - سېنتەبىر» ① ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قوراللىق تاجاۋۇزنى قەدەمۇ-

① 1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپونىيەنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي - شىمالىدا تۇرۇشلۇق «كانتون ئامىيىسى» ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى موھىم شەھىرى - شىنياڭنى تۇيۇقسىزلا بېسىۋالدى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ شىنياڭدا ۋە شەرقىي - شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى (شەرقىي - شىمال قوشۇنى) جياڭ جيېشىنىڭ "مۇتلەق قارشى تۇرماسلىق" ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، شەنخەيگۇەننىڭ جەنۇبىغا چېكىندى. نەتىجىدە ياپونىيە ئارمىيەسى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرىنى تېزلىكتە بېسىۋالدى. جۇڭگو خەلقى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى.

قەدەم كۆچەيتىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئې-
لىمىزنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ،
قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» نى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن،
شاڭخەيگە تاجاۋۇز قىلدى. بېيجىڭ، تيەنجىنگە تەھدىت
سالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇنقەرزلىكتە ھا-
لاك بولۇپ كېتىشتەك ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كەلدى. دۆ-
لەت مانا مۇشۇنداق ھالاك بولۇش خەۋپى ئالدىدا تۇر-
غاندا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان گومىنداڭ جياڭجيېشى ھۆ-
كۈمىتى، سىرتقا قارىتا شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولۇش، ۋە-
تەننى سېتىش، ئىچكى جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قار-
شى، خەلققە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىيا-
سەتنى يولغا قويۇپ، قىزىل ئارمىيىگە قورشاپ ھۇجۇم
قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە قىزىل ئارمىيىنى
يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ زوراۋانلىقى
ئۆكتەملىكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىمچىلى-
كى جۇڭگو خەلقىنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىدى.

«18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» پەيدا بولغاندىن كېيىن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
مەنپەئەتى ۋە تەلىۋىگە ئاساسەن كۆپ قېتىملاپ، بايانات ئېلان
قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون جا-
ھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قوراللىق تاقابىل تۇرۇپ، مىللىي
ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئارقىلىق، ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگو-
دىن قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-

تېيىسى شەرقىي - شىمال ۋەتەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ مىللىي زىددىيىتى ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلانغان، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتتە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگۈرۈش يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەزىيەتكە ئاساسەن، 1935 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتا «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق قېرىنداشلارغا چاقىرىقنامە» ئېلان قىلدى. بۇ مەشھۇر «1 - ئاۋغۇست باياناتى» پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشنى خالايدىغان بارلىق پارتىيە - گورۇھلار، تەشكىلاتلار، ھەربىي قىسىملار ۋە شەخلەر بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1935 - يىلى 10 - ئايدا بولسا، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۇلۇغۋار بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان مەركىزىي قىزىل ئارمىيە 25 مىڭ يوللۇق مۇشكۈل ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي شەنشىگە غەلىبىلىك ھالدا يېتىپ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىسى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇپ، مەملىكەت مىقياسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى ئىلگىرى سۈردى.

"1936 - يىلى 10 - ئايدا ئۇزۇن سەپەر قىلىپ گەن-
سۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇيىنىڭ دىگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن قى-
زىل 4 - يۈنئۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ باش ئىشتابى، قىزىل -
1 - يۈنئۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۈنتۈەنى ۋە قىزىل 4-
يۈنئۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ 33 - جۈنتۈەندىن 21 مىڭدىن
كۆپرەك كىشى غەربكە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بولۇپ تەش-
كىللىنىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتتى."①
ۋاھالەنكى ئۇلار گومىنداڭ خۇزۇڭنەن قىسىملىرىنىڭ ۋە يەر-
لىك مىللىتارىست مابۇفاڭ، مابۇچىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ،
شۇنىڭدەك پومىشچىكلارنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قار-
شىلىقى ۋە مۇھاسىرىسىگە دۇچ كەلدى. غەربكە يۈرۈش قىل-
غان قوشۇندىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر گەرچە باتۇرلارچە قان-
لىق كۆرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، تىللاردا داستان بولغىدەك
سانسىز ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ياراتقان
بولسىمۇ، ئەمما جاڭ گوتاۋنىڭ خاتا لۇشيەنى، شۇنىڭدەك كۈچ
نىسبىتىدىكى زور پەرق، ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ ئۈزۈلۈپ
قېلىشى، يەر شارائىتىنىڭ بىسەپ بولۇشى، ئاممىۋى ئاسا-
سىنىڭ بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇرۇشلار-
دا بىر قانچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ خېلى-
كۆپ قىسمى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. بولۇپمۇ قار-
مۇز بىلەن قاپلانغان چىلىيەنشەن تاغلىرىدىكى ھەربىي يۈرۈش،

① «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پار-
تىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي كۆرەشلىرى» («شىنجاڭ
گېزىتى» 1983 - يىل 7 - ئوكتەبىر سانى، 3 - بەتتىن).

قەھرىتان قىشتىكى جاندىن ئۆتىدىغان سوغ، ئاچلىق ئازاۋى ئۇلارنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. ئەمما پارتىيىمىزنىڭ يوليورىغى ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى يورۇتتى، قەلبىنى ئىسسىتتى، ئۇلارغا ئىشەنچە ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بەخش ئەتتى. ئۇلار بارلىق قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئاخىر 1937-يىلى 5-ئايدا غەرپكە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ قالغان قىسىملىرى لى جورەن، لى شيەننيەن، خۇاڭ خۇچىڭ، چىڭ شىسەي، لى تيەنخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ باشچىلىغىدا، ياڭگۈەن قورولىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپ كەلدى. شۇ چاغدا پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېن يۈن قاتارلىق يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، غەرپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراش ئۈچۈن 1-ماي كۈنى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلدى. 1-ماي خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى قىزىل ئارمىيە باتۇرلىرى بىلەن بىللە قارشى ئالدى.

گەرچە شىڭ شىسەي غەرپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چېن يۈن بىلەن بىللە بېرىپ قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بۇ قوشۇننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلار رەھبەرلىگىدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى ئىكەنلىگىنى بىلىپ قىلىشىنى خالىمىدى. پارتىيىمىز ئىنقىلاۋىي چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە

تۇتۇپ، شىڭ شىسەينىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بۇ قىزىل ئارمى-
يىنى "يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى" دەپ ئاتىدى. غەرپكە يۈ-
رۈش قىلغان قىزىل ئارمىيە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا،
ھەربى پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە تىل ئۆگىنىشنى باش-
لىۋەتتى. ھەربى ئىنتىزام ۋە ھەربى مەشقىنى چىڭ تۇتتى.
ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرىمۇ ياخشى
بولدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى — شىنجاڭ ۋە-
زىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن
بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، شۇنىڭ-
دەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا، شىنجاڭدىن ئە-
بارەت بۇ كەڭ ئارقا سەپنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە غا-
يەت زور رول ئوينىدى.

ياپون جاھانگىرلىگى 1937 - يىلى 7 - ئىيول
كۈنى «لوگوچياۋ ۋەقەسى» نى ① پەيدا قىلدى. ۋەقە

---

①«لوگوچياۋ ۋەقەسى» — لوگوچياۋ كۆۋرۈكى بېيجىڭ شەھىرى-
نىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، شەھەرگە بىر نەچچە كىلو مېتىر كېلى-
دۇ. 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچى
قوشۇنى بۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنىغا ھۇجۇم قىل-
دى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، جۇڭگونىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق
قوشۇنى قارشىلىق كۆرسەتتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە
ئېلىپ بارغان 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرۈشى
ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

سادىر بولۇپ ئەتىسىلا (8-ئىيۇل)، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتكە خىتاپنامە ئېلان قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: "پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى، ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسى ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي بىرلىكسەپتىن ئىبارەت مۇستەھكەم چاڭچىلىك قۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرايلى! گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ زىچ ھەمكارلىشىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ يېڭى ھۇجۇمىغا قارشى تۇرايلى! ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرايلى!"①. شۇنىڭدەك 1937-يىلى 25-ئاۋغۇستتا، مەشھۇر "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 چوڭ پروگراممىسى"نى ئېلان قىلدى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە يېتەكچى فاڭجېن بولۇپ مۇھىم رول ئوينىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ قالدى. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا كەڭ ئارقا سەپ بولۇپ، ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئاساسەن بومباردىمان قىلالمايدىغان بىر قانچە رايونلارنىڭ بىرىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-

① «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە، 2-توم، 6-بەت.

شى ئالدىنقى سەپپىنى تەۋتاشتۇرىدىغان دولەت مۇداپىئە تە-
رانسپورتىدا مەركىزىي ھالقا بولغانلىقى، ھەممە موسكۋا-
دىن يەنئەنگىچە بولغان خەلقارالىق قاتناشتا ئوتتۇرا بې-
كەت بولغانلىقىدىندۇر.

جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى -
جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ھەق-
قانىي ئۇرۇشى بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ۋە دۇنيا
ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن
قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى. بولۇپمۇ
سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى ۋە خەلقى جۇڭگو خەلقىغە نىس-
بەتەن سىياسى، مالىيە، ھەربى جەھەتلەردىن زور ياردەم
بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن
ماددى ئەشيالىرى باشقا دولەتلەرگە قارىغاندا كوپ بول-
غاچقا، بۇ ئەشيالار شىنجاڭ ئارقىلىق توشۇلاتتى. شۇنىڭ
بىلەن شىنجاڭ دولەت مۇداپىئە ترانسپورت لىنيىسىدە نۇقتى-
لىق يول بولۇپ قالغان ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېنتىرناتسونالىنىڭ
بىرياچىيكىسى بولغاچ، پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى
كوممۇنىستىك ئېنتىرناتسونالنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ئۇ-
چۇن ياكى خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش، يولىيورۇق سو-
راش ئۇچۇن موسكۋاغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭدەك،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندا، شىمالىي
شەنشى ئىنقىلاۋىي بازىسىنىڭ ماددى شەرت - شارائىتى ۋە

داۋالاش ئىمكانىيەتلىرى ناچار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، پار-
تىيىمىزنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى داۋالىنىش ۋە دەم ئې-
لىش ئۈچۈن يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشقا توغرا كې-
لەتتى. شۇ سەۋەبلىك يەنئەن بىلەن موسكۋا ئارىلىقىدا
پارتىيىمىزدىكى يولداشلارنىڭ كېلىش-بېرىشى بولۇپ تۇرات-
تى. بۇ كېلىش-بېرىشلاردا ئۈرۈمچى، لەنجۇ، شىئەندىن ئى-
بارەت بۇ لىنىيە ھەم قولايلىق ھەم بىخەتەر ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن
كېيىنكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇشتە پار-
تىيىمىزدىن شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشنى، شىڭ-
شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى تىكلەشنى تەلەپ
قىلدى. شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ ۋە شىڭشىسەينىڭ ئەھۋالىمۇ
پارتىيىمىزنىڭ شىڭشىسەي بىلەن يەرلىك بىرلىكسەپ قۇ-
رۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنىڭ
قۇرۇلىشى بىلەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ دۇبەنى شىڭ-
شىسەي بىر مەھەل پارتىيىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
پارتىيىمىز 1937-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «8-ئارمى-
يىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى»نى قۇ-
رۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپ تەش-
ۋىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە
ئۇيۇشتۇردى، «8 - ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى»نىڭ
مەسئۇللىرى چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يول-
داشلارنىڭ شىڭشىەيگە تەسىر كۆرسىتىپ، "جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇش، مىللەتلەر بارا-
ۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تېچ بولۇش، گۈللەندۈرۈش"تىن ئىبارەت
"6 چوڭ سىياسەت"نى تۇزۇشنى ئىلگىرى سۈردى. "6 چوڭ سىياسەت"
نىڭ ئەمەلىي يولغا قويۇلىشى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيە-
تىنىڭ مۇقىم بولىشى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت
ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىدى.
شىڭشىەي ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا كومپارتىيە
بىلەن بىرلىشىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇش، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-
دىن شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە تېخىمۇ كۆپ كادىر ئە-
ۋەتىپ بېرىشنى ئۈزلۈكسىز تەلەپ قىلدى. پارتىيىمىز شىڭ-
شىەينىڭ سىياسىي قارا نىيىتى ۋە ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى-
نى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا قارىتا ھەم ئىتتىپاقلى-
شىش ھەم كۈرەش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت، تەشۋىقات ئىشلى-
رىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز
يەنە زور تۈركۈم كادىرلارنى شىنجاڭغا ئىشلەشكە ئەۋەتتى.

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى قىزغىنلىقى يۇقىرى. شۇڭلاشقا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شۇئارىنى چىن دىلىدىن قوللىدى ۋە ھىمايە قىلدى، ھەمدە ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. 1936 - يىلى قىش پەسلىدە، سۇيۈەندىكى ھەربى ۋە خەلقلەرنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆڭلى ھاياجانلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر — قىشلاقلىرىدا سۇيۈەنگە ياردەم بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇ قاتاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقمۇ بۇ غەلىبىدىن ئىلھاملاندى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا سۇيۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان قوشۇنغا ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە يالغۇز ھەر قايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەرباپلىرىلا قاتنىشىپ قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، ياشانغانلار، ئاياللار ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى: ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1938-يىلى "بىر يىل ئىچىدىلا شىنجاڭ پۇلىغا 3 مىليارت سەر پۇل توپلاندى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بۇ پۇلغا 10 ئۇرۇش ئايروپىلانى سېتىۋېلىپ، «شىنجاڭ ماركىلىق» دېگەن نام قويۇپ، 1939 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە

ئەۋەتتى"①، "... ھەتتا 70 - 80 ياشقا كىرگەن مومايلارمۇ ھاياجانلىنىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، نەق مەيداندىلا قۇلىغىدىكى ئالتۇن ھالقا، قولىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلىرىنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ مۇنبەرگە سۇنۇشتى...".②

چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى 10 چوڭ پروگراممىسىغا ئاساسەن، بىرمۇنچە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يولداش ماۋزېمىن شىنجاڭدا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرغاندا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلاندى.

شىنجاڭدا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات پائالىيىتى ئالدى بىلەن مەرىپەت بۇلىقى بولغان مەكتەپلەردە قانات يايدى. پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان دېموكراتىك

---

①② بەي يۈشەن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرى» («ئۈرۈمچى تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 - سان، «شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» نەشرى).

ۋەتەنپەرۋەر زات دۇجۇگيۇەن ئەپەندى، ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭغا كېلىپ، چىگرا
رايونىنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى.
دۇجۇگيۇەن ئەپەندىنىڭ تەكلىۋى بويىچە 1939 - يىلى
ئەتىيازدا مەشھۇر يازغۇچى شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن) سىياسى
ئىقتىسات ئالىمى جاڭجوڭشى، ئاخبارات ساھەسىدىكى ئۇقۇ-
مۇشلۇق زات ساۋكوڭلىياۋ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، شىن-
جاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتى، سىياسى، ئىقتىسات
پاكولتېتلىرىنىڭ مۇدىرى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. مەشھۇر رەسسام لىۇشياۋخېي ۋە
سەنئەتكار جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ شىنجاڭغا كېلىپ
ئىشلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدىكى تالانتلىق ئەرباپلار ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلى-
شىپ ئۈرۈمچىگە جەم بولغان ئىدى.

1938 - يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ، يەنئەندىن كەلگەن
يولداشلار ئۈرۈمچىدە دراما پائالىيەتلىرىنى قانات ياي-
دۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەسكىن كېتىۋاتقان
كۈرەش تېمىسىدا يېزىلغان «قامچاڭنى تاشلا»، «سىگنال»،
«نامسىز قەھرىمان» ۋە «18 - سېنتەبىر ھازىرسى»، «كۈ-
رەش قىلايلى» قاتارلىق تىياتىرلارنى قويۇپ، خەلق ئاممى-
سى ئىچىدە غايەت زور تەسىر قوزغىۋەتتى. ئۇ مۇرىنى 60
يىل نەيچىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئارتىستى
ئابدۇگۇل ئەنە شۇ يالقۇنلۇق كۈرەش يىللىرىنى كوز ئال-

نىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، لىن جىلۇ، خۇاڭ خۇچىڭ، يۇسۇن قاتارلىق تىياتىر خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كوپ پائالىيەتلەردە بىز بىلەن بىرگە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سوز - ھەركەتلىرى بىزگە ناھايىتى زور تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى. ئەينى ۋاقىتتا جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر ئاياقچى بولغان تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى ياپونغا قارشى چوڭ تىپتىكى «كۈرەش قىلايلى» دىگەن كومېدىيىنى قويدى. ھەممە ئارتىستلىرىمىزنى كورۇشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئويۇن شىنجاڭنىڭ كومېدىيە ھەركىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. بىز بۇنىڭدىن كۆپلىگەن قىممەتلىك تەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئۇزۇن ئوتمەيلا ئەمتىمىن يۇسۇپ «كۈرەش قىلايلى» دىگەن كومېدىيىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. بىز بۇنى رېپېتىس قىلىپ ئوينىپ چىقتۇق. ئومىكىمىز يەنە كومېدىيە تۈزۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كلۇبىدا ئوينىدى."①

1939 - يىلى 8 - ئايدا دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى ئومەك باشلىقى، جاڭ جۇڭشى ۋە گوشىنشىيەنلەر مائاۋىن ئومەك باشلىقى بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىدىن «شىنجاڭ شۆيېۋەن يازلىق تەتىل خىزمەت ئومىكى» ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ئومەك غۇلجا، سۈيدۇڭ، كۈرە، جىڭ، شىخو، ماناس، قۇتۇبى ۋە مايتاغ نېفت كان رايونى قاتارلىق جايلارغا بې-

① ئابدۇگۇل «سۇنەي مەن بىلەن 60 يىل بىللە بولدى» («ئۈرۈمچى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1 - سان).

رىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان. بۇ ئۆمەك بارغانلا يەردە دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇتۇق سۆزلەپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ قولىدا تومۇرنىڭ ئۇزۇغى بولمىغان خەلقنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى ھەربى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن يوقاتقانلىقىنى، ئارقا سەپنىڭ ئالدىنقى سەپكە بەرگەن كۈچلۈك مەدەت ۋە ياردەملىرىنى قىزغىن تەشۋىق قىلغان. ئوقۇغۇچىلار بولسا، كوچىلارغا چىقىپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىلدا ئىنقىلاۋىي ناخشىلار ئېيتىپ، تاملارغا شۇئار، لوزۇنكا، تەشۋىقات سۈرەتلىرى چاپلاپ، ئاممىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەزەپ ئوتىنى كۈچەيتتى.

سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، تالانتلىق ئەدىپ لىن جىلۇ تۈزگەن ۋە رىژىسسورلۇق قىلغان درامما «سادا» شىنجاڭ شۆبىيۈەندە ئوينالغاندىن كېيىن، كوچىلاردىمۇ ئوينىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئىشتىن سىرتقى تىياتىر پائالىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈرتكىسى بولدى. يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە كەڭ - كۆلەملىك شېئىر - ناخشا ئوقۇش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغدا: «پىدائىيلار مارشى»، «قىلىچ مارشى»، «سەرسانلىق ھەققىدە ئۈچ ناخشا» قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ناخشىلىرى پۈتكۈل جايلاردا ياڭراپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇن-

چېلىرىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان ھەۋىسىنى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. شۇڭلاشقا مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيەلەردە شۆبە ئۇيۇشمىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى، تەشۋىقات-پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كەتتى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىز ئوتلۇق قەلىمى بىلەن جەڭگىۋار ھاياتىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە تەقدىم قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ياش ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر كوكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى. ئۇلار جەڭ مەيدانىدىكى رىئال ھاياتتىن تېما ئېلىپ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى يازدى. ئالدىنقى سەپتە جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ۋەتەننىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرىنى، ئۇلارنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى ۋە مەدھىيىلىدى. شۇنىڭدەك گومىنداڭنىڭ بۇ كۈرەشتىكى پاسسىپ، مۇجىمەل پوزىتسىيەسىنى پاش قىلدى. ھەرخىل بېخوتلۇق، ئارسالدىلىق، كارى بولماسلىق ئىدىيىلىرىنى تەنقىت قىلدى ۋە بۇ خىل ناچار ئىللەتلەرنى ساتىرا قامچىسى بىلەن قامچىلاپ، ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقاردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئەنە شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىغى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجلىق بىر تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ناما-يان بولدى. تۆۋەندە مۇشۇ دەۋردىكى بىر تۈركۈم ئىنقى-لاۋي ئەدەبىياتچىلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىمىز.

ئون بىرىنچى لېكسىيە

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئەجادىيىتى

## 1. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى گۈزەل تاغلارنىڭ ئىچىگە جايلاشقان نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى ھېزىم بولۇپ، موللا ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. مۇتەللىپنى ئائىلىسىدىكىلەر كىچىك چېغىدا لوتۇن دەپ ئاتاشقان. شۇڭلاشقا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ دەس- لەپكى شېئىرلىرىنى لوتۇن دىگەن نام بىلەن يازدى. كېيىن- رەك «سەنئەت خۇمارى»، «قاينام ئوركىشى» دىگەن تەدبىي تەخەللۇسنى قوللاندى.

لۇتپۇللانىڭ ئائىلىسى دىخانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھېزىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە ئادەم سانى كوپ بولۇپ، تۇرمۇشى نامرات ئىدى. شۇڭلاشقا، مۇتەللىپ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەمگەككە قاتناشتى ۋە ئېغىر ئەمگەك ۋە زۇلۇم ئاستىدا يانچىلغان دەرتمەن خەلق ئارىسىدا ياشىدى. بۇ خەلق گەرچە تولىمۇ ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەر ئارىسىدا كۈن كوچۈ- رۋاتسىمۇ، يەنىلا ئۇزلىرىنىڭ سەنئەتكە بولغان زوق - ھەۋ-

سىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتلىك كۈنلەرگە بولغان ئىنتىزارلىقىنى ناخشا-قوشاق ئارقىلىق ياڭرىتاتتى، چۆچەكلەرگە سىڭدۈرۈپ بايان قىلاتتى. مانا بۇ ئاجايىپ ھايات سەبى بالىنىڭ قەلبىگە ئەركىنلىككە ۋە گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى قويدى. ئۇنىڭ ئەمگەكنى ۋە ئەمگەكچىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان جەڭگىۋار جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس سالدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئائىلىدە چېغىدىلا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھەۋەسكارى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ، خەلق قوشاقلىرىنى، خەلق بېيىتلىرىنى، ماقال-تەمسىللىرى ۋە چۆچەكلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ خاتىرىسىگە يېزىپ توپلىدى. دېمەك ئۇ، خەلق ئەدەبىياتى بىلەن ئېغىزلاندى.

تاغلىق رايونىنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋە قەلبىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۆز ئېلىنىڭ گۈزەللىگىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئويغاتتى. ھېزىم ئاكا بۇ ئەقىللىق، زېرەك ئوغلىنىڭ خەت ساۋادىنى ئائىلىدە چىقىرىپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ھېرىسىنىپ، 1932-يىلى غۇلجا شەھىرىگە ئەكىرىپ، مەدىنيەتتە بىر قەدەر ئالدىدا تۇرغان تاتار باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئوقۇشقا بەردى. ل. مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋىگە كىرىپ، 1938-يىلغىچە رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتىدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش ياكى ئىجادىيەت مەشغۇلات-

لىرىغا بېرىپ، كەمدىن - كەم دەم ئالاتتى. ئۇ، ۋاقتىنى
ھەرگىز بىھۇدە ۋە مەنىسىز ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇ، ئەل ياتقۇ
مەزگىلىنى تاللىۋېلىپ، تىنىچ، ۋاراڭ - چۇرۇڭسىز شارائىتتا
سىنىپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلايتتى، تاپ-
شۇرۇق ئىشلەيتتى، ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇيتتى ۋە ئىجا-
دىيەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇ ھال مۇتەللىپنىڭ سەۋىيە
جەھەتتىن ئۆسۈشىگە، بەدىي ئىجادىيەت جەھەتتە تېزدىن ئالغا
ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك ئاساس بولدى. ل . مۇتەللىپنىڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى ئالدى بىلەن رەسساملىققا
ھەۋەس قىلىشتىن باشلاندى. ئۇ، رەسساملىق سەنئىتى بىلەن
شۇغۇللىنىشىنى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.
ل . مۇتەللىپ تاتار ۋە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان مەز-
گىللىرىدە ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھا-
يىتى گۈزەل ۋە نەپىس رەسىملەرنى سىزىپ، تام گېزىتلىرى-
رىگە چىقاردى. ئۇ، يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ بايراقدارى
لۇشۈن، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ماكسىم گوركى
قاتارلىقلارنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزغان. ئۇنىڭ رەسساملىق سەن-
ئىتىدىكى بۇ خىل ماھارىتىدىن ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى مەمنۇن
ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى "ماھىر ياش رەسسام" دېيىشىپ
ئالاھىدە تىلغا ئالاتتى ۋە تەقدىرلەيتتى.

ل . مۇتەللىپ 1937 - يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرىنى
ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى»
دە ئۈزۈلمەستىن چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغلاردا ئىلىدا ئىجا-

دىيەت بىلەن ھۆكۈملىنىۋاتقان ئەنۋەر ناسىرى، خېلىل سات-
تارى ۋە مەرۇپ سەئىدى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار شائىر-
لار بار ئىدى. بولۇپمۇ «ئىلى گېزىتى» نىڭ مەسئۇل تەھ-
رىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان تالانتلىق شائىر ئەنۋەر ناسىرى،
ل. مۇتەللىپكە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى چوڭ تەسىر
كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىگە قىزغىن ياردەم
بەردى. شۇڭلاشقا ل. مۇتەللىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا "مېنىڭ
شېئىرلىرىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىگە باغلانغان قويۇق مۇھەببەت
ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن" دېگەن ئىدى. ئۇ، ئەدەبىيات-
سەنئەتكە ئىنتىلىشنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈكلىكى بىلەن باشقا
ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلىنەتتى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا
رۇس ئەدەبىياتى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەن-
دىلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوۋ، نېكراسوۋ، ماياكوۋسكى
گوركى قاتارلىقلاردىن ئۆگەندى. تاتار شائىرى ئابدۇللا
توقاي، ھادى تاختاش، ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلام، خەمىت
ئالىمجان، ئۇيغۇر شائىرى ئۆمەر مەھەممەدى قاتارلىقلارنىڭ
كىتابلىرىنى قولدىن چۈشەرمەي زوقلىنىپ ئوقۇدى.

1937 - يىلى لوگوچياۋدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى،
ئېلىمىز خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەھرى-
غەزىپىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى. شۇندىن باشلاپ، جۇڭگو-
لىقلارنىڭ مەركەزدى ۋەزىيىسى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجا-
ۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلىش بولۇپ قالدى. ل. مۇتەللىپ
دەۋرنىڭ تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە بېغىشلىدى. چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەسسىيات ۋە خەلققە بولغان قايناق مۇھەببەت ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىغا دېگۈدەك سىڭدى. ئۇنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا» ۋە «جۇڭگو» قاتارلىق شېئىرلىرى كىشىلەرنى ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى ئۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندىدى. ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان بىر ئوسمۇرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن مىللىي مۇنقەرزلىك خەۋپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، كىشىلەرنى كۈرەش ۋە غەلىبىگە ئۈندەيدىغان بۇنچىلىك مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ چىقالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

1939 - يىلى كۈزدە مۇتەللىپ ئۆلكىلىك سىفەن (دارىلمۇئەللىمىن) گە ئىمتىھان بېرىپ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدى. ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان چوڭ شەھەر ئۈرۈمچىگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. چۈنكى بۇ دەۋردە ئۇنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى، ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرگە ئىگە بولدى. بۇ مەزگىلدە يەنە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر خىل جۇشقۇنلۇق ئىگەللەپ، ھازىرقىغىلا ئەمەس، بەلكى يىراق كەلگۈسىگىمۇ نەزەر تاشلاش روھى كەيپىياتى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، شېئىر-

يەت ھەۋەسكارلىرى كۆپەيگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە ياشىغاچقا، ل. مۇتەللىپنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەت- تىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆسۈشى تېخىمۇ تېز بولدى. شۇنىڭ- دەك بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە مەدەنىي-مائارىپ باشقا جايلارغا قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي قىلغان، مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە سىياسىي، ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى خىزمەتلەرنى جۇڭگو كوممۇ- نىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يازغۇچى ماۋدۇن، سەنئەتكار جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر مەدەنىيەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى، يېڭى كىتاپ- خانىلارنى ئېچىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئەدەبىيات- سەنئەتنى، ماركسىزم-لېنىنىزىملىق ئەدەبىيات كۆز قارىشىنى، «4-ماي» ھەركىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسىنى ۋە 30- يىللاردىكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇلگىسىنى زور كۈ- بىلەن تەشۋىق قىلىپ، داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ھەركىتىنى ئەۋج ئالدۇرغان ئىدى. بۇ ئىلغار زىيالىيلار يەنە جۇڭگو تارىخى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي تارىخى، ماركسىزم-لېنىنىزىملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن لېكسىيىلەر ئوقۇيتتى. مانا مۇشۇنداق سىياسىي مۇھىت ئىچىدە تەشنالىق بىلەن بىلىم ئېلىۋاتقان ل. مۇتەللىپنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئۇ، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى لۇشۈننىڭ «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ، لۇ- شۈننىڭ «جۇڭگونىڭ گوركىسى» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماڭغان

يولى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇشۇنىڭ بويىنغا شارپا ئوراپ، قولىغا كىتاپ تۇتۇپ، يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرغان رەسىمىنى سىزىپ، كارۋىتىنىڭ بېشىغا چاپلاپ ئالدى. ماۋدۇننىڭ «تاڭ ئالدىدا» ناملىق رومانىنىڭ رۇسچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا دەۋر ئىلھامى بىلەن تۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازدى. يالغۇز ئۆزىلا يېزىپ قالماستىن، باشقا ساۋاقداشلىرىنىمۇ ئىجادىيەتكە جەلىپ قىلدى. ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارغا ياردەم ۋە ئىلھام بەردى. بولۇپمۇ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقاتىدا ئاكتىپچانلىق بىلەن پائال كۈچ چىقاردى. ئۇ، خەنزۇچىدىن بىۋاستە ئۆگىنىۋالغان دولەت گېمنى «قوزغال» ناخشىسىنى ۋە ئارمىيە ناخشىلىرىنى سىنىپلارغا كىرىپ ئۆگەتتى، ئۆزى ناخشا ئىجات قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىگە تارقاتتى. ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچىلارنى بىر قاراش بىلەنلا سورەتكە چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرىنى تام گېزىتلەردە تونۇشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق پائالىيەتچانلىقى بىلەن زور ئابروي قازاندى. ئۇ، مەكتەپتىلا ئەمەس، كەڭ جەمىيەت بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتتى. يولداش لى شەننيەن يېتەكچىلىكىدىكى ئىشچى — دېھقان قىزىل ئارمىيە لاگېرىغا بېرىپ، جەڭچىلەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىنى تىكلىدى. ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى. بۇ خىل ئەمە-

لىيەت ئۇنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى، سىنىپىي نۇقتىنەزىرى ۋە ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۆستۈردى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئۆز خاتىرە دەپ-تىرىگە "مەن ھەقىقەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن چۈشەندىم" دەپ يازدى.

ل. مۇتەللىپ تېخى ئوقۇشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، خىز-مەت ئېھتىياجى بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپ-قان ئېكىسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە تەرجىمان بولۇپ، 1941-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچرى-شىپ، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئوي-پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلقپەرۋەرلىكىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى.

ل. مۇتەللىپ 1941-يىلى 6-ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەيىن قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ جەڭگىۋارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئىجادى-دىيىتىگە تېخىمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. چۈنكى بۇ چاغدا گېزىتخانا ئاساسەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قولىدا ئىدى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچەن، باش مۇھەررىرى لى خې (كېيىن «خەلق گېزىتى» خەلقارا باشقارمىسىنىڭ باش-لىقى بولدى) لار سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ يېقىندىن ياردەمدە بولدى. لى خې مۇتەللىپكە شائىر تيەن جيەننىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىن-

خان «جەك قىلغۇچىلارغا» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى بەردى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمىدە ل. مۇتەللىپ سىياسىي ئىدىيىدە تېزدىن ئىلگىرىلىدى، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ يەردە ئىشلەش جەريانىدا گېزىتنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىنى تەشكىللەپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش جەھەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ماقالىلىرى، فېلىيەتونلىرى ۋە «ئازاتلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «جوڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شاملىغا بۇيرىغى»، «ماي كۈرەشچان ئاي»، «ھەسەن-ھۈسەن»، «ماي ناخشىسى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «يانار تاغلار» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرى، كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

ئۇ، ئۆز دائىرىسىدىكى رېئال ھايات مەزمۇنلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا ئېقىمغا ئائىت بولغان فېلىيەتونلارنىمۇ يازدى. ماھىر قەلەمكەشنىڭ «پادىشا سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فېلىيەتونى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، 1942-يىللاردا شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كېڭەيمىچىلىك غەرىزى بىلەن ھەربىي يۈرۈش قىلمۇاتقانلىقىغا قارشى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ياپون ئەسكەرلىرىنى، ئۈمىدسىزلىككە قاپلىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، تاجاۋۇزچىلارنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغان-

لىغى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن؛ ئۇنىڭ شۇ يىلى ئېلان قىلىغان «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» دېگەن فىلىيەتونىمۇ، يۇقۇرقىغا ئوخشاش ئۆتكۈر تىل ۋاستىسى بىلەن ئېچىپ يېزىلغان، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەسەرلەردىن ھىساپلىنىدۇ. بۇ فىلىيەتوندا گېتلىر گېرمانىيىسى مۇسسولىنى ئىتالىيىسى، تودزىيو ياپونىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئوق مەركەزلەشكەن فاشىست دۆلەتلىرىنىڭ مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئاخىر ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ، ئۇلۇم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقى يېزىلغان.

ل. مۇتەللىپ بۇ يىللار ئىچىدە يەنە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ سانائى نەپىسە خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئاكتۇئال بولغان «چىمەنگۈل»، «كۆرەش قىزى»، «ساماق ئاكاڭ قايىنايدۇ» نامىلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ۋە «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» قاتارلىق ئىلمىي نەزىرىيىۋى تەنقىدىي ماقالىلارنى يېزىپ، يېڭىدىن شەكىللىنىپ، راۋاجلىنىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ، يەنە مۇشۇ يىللار ئىچىدە «داۋانلار ئاشقاندا» نامىلىق رومانىنى يېزىشقا باشلاپ، دەسلەپكى 11 بابىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ تۈگەتتى.

1943 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئالدامچى شېڭشىسەي ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، يولداش چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن،

لىن جىلىۋ باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر
ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. ئىلغار ئىدىيەدىكى يازغۇچىلار ۋە
زىيالىيلارنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ
سىياسى ۋەزىيىتى بىردىن ئۆزگىرىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە
قارشى تەتۈر ئېقىم باش كۆتەردى. ئۇنىڭ «تۈن يېرىپ ئىز-
لار باسقاندا»، «مۇخەممەس»، «ياشلىق ئۆگەن» ناملىق شېئىر-
لىرى، شائىرنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى روھى ھالىتىنىڭ ئەڭ ياخ-
شى بەدىئىي ئىنكاسىدۇر.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق ئىدى-
يەسى، ئاجايىپ تالانتى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى بىلەن
كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇلغان ل. مۇتەللىپنىڭ پېيىگە چۈ-
شۈپ، ئۇنى تۈرلۈك چارىلار بىلەن نازارەت قىلىپ ۋە پا-
ئالىيىتىنى چەكلەپ تىز يوقىتۇرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىن چەتلەشتۈر-
دى، تىياتىرخانىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ئاممىۋى
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىنى مەنئى قىلدى. لېكىن گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەر قانداق قىلىپمۇ قولغا ئالالمى-
مىغانلىقتىن، ئۇنى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىۋېتىشكە ئامال تاپال-
مىغانلىقتىن، 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى سۈرگۈن قاتاردا
ئاقسۇغا ھايدىدى.

ئاتاغلىق ياش شائىرنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى — ئاقسۇ خەل-
قى ئىچىدە بايرام خوشاللىقى پەيدا قىلدى. ل. مۇتەللىپ
يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاقسۇنىڭ مەدىنىي ھاياتى جانلىنىپ

كەتتى. ئۇ، «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. «جەنۇپ شامىلى» ناملىق ئەدەبىي بەتنى تەشكىل قىلىپ، شائىر ئىمىشېھىت، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ھەركەت قىلدى.

شائىر ئاقسۇدا چاغدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «يىللارغا جاۋاپ»، «كەل باھار»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «تەسىراتىم»، «سازەندەم»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق يالقۇنلۇق لىرىك شېئىرلىرىنى يازدى. ئۇ، يەنە خەلق داستانلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 12 مۇقامىنىڭ مۇزىكىسىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ، خەلقنىڭ مۇڭ - زار، دەرت - ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تاھىر - زوھرە» ئوپېراسىنى يېزىپ چىقتى. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدىن خەلق ئاممىسى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە بۇ ئەسەر ئاقسۇ خەلقىنى كۈرەشكە قوزغاتتى.

داغدۇغىلۇق تەۋرەش ئالدىدا تۇرغان ئاقسۇ ۋىلايىتى، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ جان تالىشىش ۋاقتىدىكى جەھەننەمگە ئايلاندى. ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلاۋىي ھىسياتقا ئىگە دەپ ھىساپلىغان كىشىلەرنى، گومان ئاستىدىكى ئادەملەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن تەقىپلەشكە ئۇرۇندى. خەلقنى گاس - گاچا ھالەتكە كەلتۈرۈپ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشلارنىڭ ھەققى ئەھۋالىنى ئاڭلاتماسلىققا جان جەھلى بىلەن ئۇرۇندى. گېزىتلەردە ساختا، يالغان خەۋەرلەر، شەھۋانىلىق دۇنياسى

تەرغىپ قىلىنغان ماقالىلار يېزىپ كەتتى. لېكىن شۇنداق قاتتىق قامال قىلىنىشىغا قارىماي، ئاقسۇ ياشلىرى ل. مۇتەللىپ مۇنىردىن خوجىغا ئوخشاش روشەن كۆرەش نىشانىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنىلا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە 3 ۋىلايەت قوراللىق ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ خەۋەرلەرنى يوشۇرۇن ھالەتتە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئىنتايىن پەخەسلىك بىلەن ئوقۇلىدىغان غۇلجا گېزىتلىرىدىن بىلىپ تۇراتتى.

تۈن قانچە قاراڭغۇلاشقانسىرى يۇلتۇز شۇنچە يورۇغاندەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غالجىرلاشقانسىرى خەلقنىڭ غەزىپى، قارشىلىقى ئېشىپ باردى. ئاقسۇ ياشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى. 1945- يىلى ئەتىياز پەسلىدە ئاقسۇ ياشلىرى شائىر ل. مۇتەللىپ، ئىنقىلابچى مۇنىردىن خوجا، شائىر بىلال ئېزىزىلەر باشچىلىقىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىغا ئۇيۇشتى. ئۇلار ھەدەپ ياشلارنى تەشكىللەش، خەلقنى ئويغۇتۇش يولىدا جىددىي ئىشلەۋاتقان پەيتتە، خائىنلارنىڭ ساتقۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. 1945- يىلى 8- ئايدا

3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۆز داۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، باي، ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازات قىلدى. ئۇزىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋەھشىي گومىنداڭچىلار، 3 ۋىلايەت قوشۇنى سېپىلنى بۇسۇپ كىرىش جېڭىنى باشلىغان كۈنى، ئەشۇ قاش كىرپىك ئارىدىكى ھەل قىلغۇچ مىنۇتتا ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ياش ئىنقىلابچىلارنى قەتلى قىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇنلىغان بىگۇنا ئىنقىلاۋىي ئاممىمۇ تۈرمە ئىچىدە ئۆلتۈرۈلدى. خەلق توپى تۈرمە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن چېغىدا، تۈرمە كامېرىنىڭ تېمىدا شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قان بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئىككى مىسرا شېئىرى چوغدەك يالتىراپ تۇراتتى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ.

ئەدىبىيات - سەنئەتنى قورال قىلىپ جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھالەتلىك زامانغا قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان چېلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بار - يوقى 23 يىل ياشىدى، ئۇ ئاز ياشىغان بولسىمۇ، مول مىۋە بېرىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىبىياتىغا ئۆچمەس توھپە قوشتى.

## 2 - لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى

ل. مۇتەللىپنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلدى. ل. مۇتەللىپ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، كلاسسىك شېئىرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىڭدۈرۈپ، ئۆز شېئىرلىرىنى روشەن زامانىۋىلىققا ئىگە قىلدى. ئۇ يەنە چەتئەل ئەدەبىياتى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ل. مۇتەللىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭدىكى ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلەرنى، خىلمۇ - خىللىققا ئىگە بولغان بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنى، لىرىك تۇيغۇلارنى، شېئىرى بايان ۋە باشقا بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىلغار ئىدىيە، ئىنقىلاۋىي مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى، كۈرەشچان روھ، جەڭگىۋار غايە بىلەن سۇغاردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا چوڭقۇر مەنا، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان لىرىك تۇيغۇلار تولۇپ تاشقانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى چوڭ بولدى.

ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى دەۋر روھى ۋە ئىنقىلاۋىي مەزمۇن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇ، ئۆز ئىجادىيە-تىنى خەلق مەنپەئەتى، ئىنقىلاپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بېغىشلىغان. مەشھۇر شائىر نەي چىلىك "مەيلى مەدەنىيەتتە بولسۇن، مەيلى پاش قىلىشتا بولسۇن، ھەممە-سىدە خەلقنىڭ ئىدىيەۋىي ھېسسىياتى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. خەلقنىڭ كۆزى ھەممە ۋاقىت سېنىڭ چوڭ تارىخىي مەزگىللەردە نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىڭدا" ① دەيدۇ. ل. مۇ-تەللىپ شېئىرى ئىجادىيىتىدە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەچكە، ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ۋە خاھىشىنى ئۆز شېئىر-لىرىغا چوڭقۇر سىڭدۈرەلىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۈچۈن، ئۆز زامانىسىنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن قاراش — شائىر-نىڭ شۇ مەزگىلدىكى تۇتۇپ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، «ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، "ستالىن يازغۇچىلارنى ئادەم روھىنىڭ ئىنژېنېرى، دەپ ئاتىدى. بۇ سۆزلەر يازغۇچىلار ھەم ئەدەبىياتنىڭ ئالدىدا تۇرغان چوڭ ۋەزىپىلەرنى، ئە-دەبىيات - سەنئەتنىڭ تۇتقان ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئايرىم قاتلامنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان قورال بولغىنىدەك، دۇنيا يېرتقۇچلىرىغا قارشى ئالغا باسار

① نەي چىلىك: «شېئىرىيەت توغرىسىدا» «مىللەتلەر نەش-رىياتى»، ئۇيغۇرچە، 19-بەت.

خەلقلەرنىڭ تەربىيلەش قورالىدۇر" دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، يەنە شۇ ماقالىسىدا ئىپمىنى يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ: "يازغۇچى تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق كۆرسەتكەندە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ئۆز دەۋر مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ھەم ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.... بۇرژۇئا يازغۇچىلىرى تېما تاللىغاندا تېمىنى كاپىتالىستلار، بايلار تۇرمۇشىدىن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئا جامائەتىنى تەسۋىرلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمدى پرولېتارىيات ئەدەبىياتى بولسا ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئەدەبىيات ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يېڭى تۇرمۇشقا يېڭى تېمىلارنى كۆتۈرۈپ كەلدى" دەيدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ خىل كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدا تېخىمۇ ھېسسىياتلىق ۋە يارقىن ئەكس ئەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ «باھار توغرىسىدا مۇۋەششەھ» دىگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

يىراقتىن سوزۇلە شائىر نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول.
ئۆلگۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلىنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول.
رىشتى باغلاندى، شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دىدى خەلق تۇيغۇسى مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول.

شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان لىرىك پىكىردىن روشەنكى، شائىر ئۆزىنى خەلق ئائىلىسى بىلەن بىر جان بىر تەن دەپ ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى خەلقنىڭ قۇلىغى، تىلى

ۋە ئاۋازى دەپ ھېساپلايدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىدىكى تۈپ ھەم سالماق ئو-رۇننى ئىگەللەيدىغان مەزمۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدۇر. بۇ مەزمۇننى شائىر ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ھەر خىل تېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەن-گە بولغان مۇھەببەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلاندى. ئۇ، ياز-غان «جۇڭگو»، «كۈرەش ئىلھامى»، «كورىشىۋاتىمىز»، «كۈ-رەش قىزى» قاتارلىق شېئىرلار ۋە «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق داستان ئەنە شۇ تېمىدا يېزىلغان. شائىر بۇ ئەسەر-لەردىكى لىرىك پېرسوناژلارنى يەنئەن روھى بىلەن ھەم زىرھەم قىلىپ باغلىيالىغان. بۇ ئەسەرلەرنى يارىتىشتا شائىر-نىڭ ئىلھام مەنبەسى — خەلق ۋە كۈرەش بولغان. ل. مۇ-تەللىپنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ باشقا دېموكرات شائىرلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇنىڭدى-كى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى غايىۋى ئۈمىتۋارلىق بىلەن تولغان. شائىر غەلىبىنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تو-لۇق ئىشەنچ بىلەن قەيت قىلغان. "شېئىر ۋە ئەركىنلىك بىز-نىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئىككى نەرسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، پەقەت بۈگۈنكى جۇڭگو شائىرلىرىدىلا ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ."① ل. مۇ-

① نەي چىڭ «شېئىرىيەت توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 87 - بەت.

تەلمپەۋ ئازاپ - ئوقۇبەت چەككەن مىللەتنىڭ ئازاتلىقى، ئاسا-
رەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن يازدى ۋە ئىجات قىلدى. ئۇ، ئۆز مىللە-
تىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەن تەقدىرى بىلەن باغلىدى. بۇ خىل روھ
ئۇنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا تولۇق روشەن گەۋدىلەنگەن.
بۇ شېئىر دەل ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەن، ئېلىمىز مۇنقەرزلىك خەۋپىدە هايات - مامات بوسۇ-
غىسىدا تۇرغان 1938 - يىلى ئۆكتەبىردە يېزىلغان. مۇشۇنداق
شارائىتتا شائىر پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرگە ئوخ-
شاش، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇهەببىتىنى، دۈش-
مەنگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ ئازاتلىق
ئىشىغا تولۇپ - تاشقان ئۈمىتۋارلىقىنى ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچى-
سىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

جۇڭگو......
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەندۇ،
چۈنكى، بىز مىليۇنلىغان خەلق،
سېنىڭ ئۇماق
ساپ هاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ھەقلىق،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئۆك بولغان.

ئېخ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار،

ئۇنى مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا چېكىمىز پىدا.

شېئىرنىڭ بېشىدىلا شائىرنىڭ ئانىغا بولغان ھېسسىياتى تېشىپ تۇرىدۇ. "جۇڭگو!... جۇڭگو!" دېگەن ئىككى ئېغىز خىتاۋىدىن شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز ھېسسىياتىنىڭ تولۇپ - تاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مانا بۇ خۇددى بالىنىڭ "ئانا! ئانا!" دەپ چاقىرغىنىنى ئەسلىتىدۇ. شائىر ۋەتىنىنى خۇددى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانىسىدەك تونۇپ، ئامراقلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا ۋەتىنىنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە بالا ئانىسىغا جاۋاپ بەرگەندەك جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ۋەتەننى ئانىغا شائىر ئۆزىنى بالىغا تەققاس قىلىپ تۇرۇپ، ۋەتەن بىلەن يۇرتىنى، خەلقى بىلەن ئۆزىنى چەمبەرچەس بىرلەشتۈرىدۇ. ئۆز يۇرتى ۋە خەلقىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى پۈتۈن ۋەتەن تەقدىرىگە باغلايدۇ. شۇڭلاشقا ۋەتەن خەۋپكە دۇچ كەلگەندە، شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئالدىدا تەرزدار ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن ئۈچۈن باش كەتسىمۇ ئېچىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىدۇ. گەرچە ئۇرۇش شەرقىي شىمالدا، خۇبېي تۈزلەڭلىكىدە بولىۋاتسىمۇ، شائىر ئۆزىنى ئۇرۇشتا دەپ قارايدۇ - دە، يىراق ئارقا سەپ بولغان شىنجاڭنى ۋەتەن بىلەن بىر جان بىر تەنگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ شائىردىكى ئالىجاناپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە قىزغىن مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ. دەل شۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى خەلقنىڭ ئىتتىپاقىغا بولغۇنچىلىك

سېلىش ئۈچۈن قەستەن ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇش بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتاتتى. شائىر ل. مۇتەللىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى تەرىپىدىن قاپلانغان قارا تۇمانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ،
مىللى ئايرىمچىلىق قاشالىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ۋەتەننىڭ
سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆز تەقدىرى ۋەتەن تەقدىرى بىلەن
زىچ باغلانغانلىقىنى ئۈچۈق تەشۋىق قىلالىدى. مانا بۇ شا-
ئىر ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە
كۆز نۇرىنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈرلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

بەراق، سەن جۇڭگو
ئويلىساڭ ئىدىڭ،
بىردىن ئۆتمۈش
تارىخىڭنى ۋاراقلاپ،

شۇ چاغ روشەن بولاتتى،
سەندە كىملەر
كۈلدى پاراخلاپ....
ئاچ، تارىخىڭنى!

سېنى غالجىرلار،
قانخور مەنجىگلار
گوشۇڭنى شىلىگەن ئىدى،
ھەم تەييارتاپ،

ئۆزىچە "دانىشمەنلەر"
سېنى تەقسىم قىلىپ بولغان ئىدى.

ياپونىنىڭ قارا قاغىلىرى
قونۇپ دەرەخلىرىگە،
دېڭىز ئالداپ ھەرياقتىن چوقۇلىغان ئىدى.
شېرىن سۆزلەپ
ھېلىگەرلىك بىلەن
قېنىمىزنى شوراپ، قوسىقىنى توقلىغان ئىدى.
"ئالى جىنىس بىز،
ھاكىمىيەت بىزگە خاس" دەپ،
ئەلگە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇمنى سالدى.

بۇ پارچىدا شائىر ۋەتەن بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەت، بەختسىزلىكلەرگە ئېچىنىپ روھىي ئازاپ چېكىدۇ. ئىچ ئاغرىتىدۇ، لېكىن ھەسرەت دەرياسىدا چۆكۈپ يۈرۈۋەرمەي، قايغۇ ئىچىدىن غەزەپكە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى — فېئوداللار، جاھانگىرلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى "قانخور"، جاھانگىرلارنى "تەييار تاپ" دەپ ئاتاش بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنى "قاراقاغا" غا ئوخشىتىدۇ. كونا جۇڭگودىكى بالايى-ئاپەتنىڭ مەنبەسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دوشمىنى مانا مۇشۇ تېكىنىخورلار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئورتاق دۈشمەن يوقىتىلمايدىكەن پۈتۈن ۋەتەننىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. شائىر مىللىي بولۇنۇش كۆچەيگەن ئەشۇنداق بىر دەۋردە جەمىيەتنىڭ تۈپكى زىددىيەتنى توغرا تونۇدى ۋە توغرا كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەر مىللەت

ئارىسىدىكى زىددىيەت بولماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ ئەينى شا-
رائىتتىكى دۈشمىنى جاھانگىرلار بىلەن فېودالالار ئىكەنلىكىنى ئېنىق
كورسەتتى. دېمەك، ياش شائىر ۋەتەنپەرلىكىنىڭ يۈكسەكلىكىدە
تۇرۇپ، خەلق مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتنى توغرا
كۆزىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەڭ توغرا خۇلاسە چىقاردى.

شائىر يەنە ئۇ چوڭقۇر ھاياجانغا كېلىپ، پۈتۈن مەم-
لىكەت مىقياسىدا ئاجايىپ داغدۇغىلىق كېتىۋاتقان ۋەتەن
ئازاتلىقى كۈرىشىدىن چەكسىز تەسىرلىنىدۇ:

چۈنكى بىز،
"ماھىر جۇڭگو ئازاتچى قەھرىمانلىرى"
دەپ ئاتالدۇق،
ھەم پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا
ئۇچمەس
ئالتۇن سىيالار بىلەن يېزىلدۇق.
مانا شۇنىڭغا دەلىللەر
بىز ئاچتۇق....
ئازاتلىق كۆرەشلەر قىلدۇق.
ئەمەلگە قويدۇق،
تارىخىڭدا مىسلى كورۇلمىگەن ئىشلار،
مانا ئەمدى كونا تارىخ،
چۈنكى قۇرۇشقا
"ئازات يېڭى جۇڭگو"

ئېيتىشۋاتىمىز بىر جان،
بىر تەن،
مانا كەڭ مەيداندا «گامىڭ زۇ».
ئويلا چوڭ شەرەپتۇر بىزگە بۇ.

شۇڭلاشقا مانا دۇنيانى چاڭ كەلتۈرۈپ،
دۈشمەنلەرنى دىر - دىر تىترىتىپ،
قىلىشۋاتىمىز جەڭ.
«فەندى»① بىزدە كۈچلۈك،
بولغاچقا يالقۇنلۇق،
بولالمايدۇ بىز بىلەن ياپون تەڭ.
تېخى ئاتىمىز يانماي،
غۇلاچنى كەڭ.

مەردانىلىق، ھاياجانلىق بىلەن تولغان بۇ مىسرالاردا، ۋەتەن، خەلقنىڭ جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ كۆرەشكە چۈشكەن كورنىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق سىماسى سۈرەتلەنگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشى شائىرغا زور ئىلھام بېغىشلىغانلىقتىن، ئۇ، جاھانگىرلىككە قارشى مارشىنى ئېيتىپ جەڭگە ئاتلانغان، شۇڭا ئۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قەھرىمانلىرىغا ئالقىش ياڭرىتىدۇ. چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ئۆز قەلىمىگە مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

① «فەندى» — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش.

ياز!

كۆرەش مەنبەسى

دۇگىيى، لوگۇچياۋنى.

ياز!

ۋەتەنپەرۋەر جەسۇر-

ياش ئەسكەرلەرنى.

ياز!

ئارسلانلارنى،

يانماس كوچۈللۈك پارتىزانلارنى.

ياز!

ئارقا سەپتە تۇرغان-

گۈزەل شىنجاڭنى!

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ھىسسياتى گويا تاغدىن شاقىراپ چۈشكەن شاقىراتمىدەك ھەيۋەت بىلەن قويۇلىدۇ. ئۇ، ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق چوڭقۇر كويۇنگەن - ھە؟! بۇ مىسرالار يەنە شائىرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۈشمەنگە كەلگەن مۇدھىش خەۋپنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىدىن، ئۇزىنىڭ بۇ خەۋپنى تار - مار قىلىش جەڭگىۋار ئىرادىسىدىن دالالەت بېرىدۇ. شائىردىكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئاددى، يالقۇنلۇق مىسرالارنىڭ قىممىتىنى ئەشۇ خەۋپ - خەتەرلەر ئىچىدە ۋەتەن تەقدىرى توغرىسىدا قايغۇرۇپ، ئۇزىنى ھايات - ماماتلىق كۆرەشكە ئاتىغان ھەر بىر ۋىجدانلىق جۇڭگو ئادى-

ى ياخشى چۈشىنىدۇ:

مانا شۇنداق جۇڭگو،
مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا سېنى قوغداپ،
سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى
قولغا ئالىمىز.
دۇنيادا بىرلا قىلىپ،
يېڭى، مۇستەقىل جۇڭگو قۇرىمىز.
جۇڭگودا مەڭگۈ
لەپىلدىتىپ،
تا ئەبەدى چۈشمەس قىلىپ،
ئازاتلىق تۇغىنى قادايمىز!

شائىر ئەشۇ شانلىق كۈرەشنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ قالماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. شېئىردا ئىنقىلاۋىي رىئالىزىم بىلەن ئىلغار رومانتىزىم زىچ بىرلەشكەن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى ئۇسلۇبىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ يېتىشكەن ماھارىتىنى روشەن كۆرۈۋپ ئالغىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ شېئىر چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بىر يېڭى شېئىر پورمىسىنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىغان ئىلھام ئۈچۈن يېڭى، راۋان يول ئېچىلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھاياجىنىنى كۆرسىتىدىغان

دوزلەر مىسرالارغا بىمالال تىزىلىپ، بارا - بارا تەشكىللىپ تولۇق شېئىرى ستروپا ھاسىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شېئىر- نى بىر خىل دولقۇنسىمانلىق ئۈستىگە قۇرىدۇ ۋە پۈتۈن شېئىر تەشكىلىپ، يارقىن ۋە كەسكىن ئىشەنچ ئاھاڭى بىلەن ئا- ياقلىشىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرنى مۇنداق دولقۇنلاندۇرۇپ يې- زىشى، يالغۇز شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان ھىسياتىنىڭ چىن- لىقىنىلا كۆرسىتىپ قالماي، ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىن ۋە يالقۇنلۇق ھىسياتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«يىللارغا جاۋاپ» - ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتىدىكى ۋە- كىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر يالقۇنلۇق شېئىردۇر. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھاياتقا ھەققى ئىنقىلاۋىي كۆز قاراش بىلەن قا- رىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شائىر ناھايىتى روشەن لى- رىك شېئىرى ئوبراز ئارقىلىق جەمىيەتتە زادى قانداق ياشاش كېرەك دېگەن سوئالغا ئىنقىلاپ مەيدانىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىس- تىقبالىغا كۆيۈنۈش مەيدانىدا تۇرۇپ توغرا جاۋاپ بېرىدۇ.

شائىر ل. مۇتەللىپ قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك يىللارنىڭ قوينىدا تۇرۇپ كىشىلەرگە ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە سوئال تاشلايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ، كىشىلەر- نى كۆرەشكە ئۈندەيدۇ. بۇ جەرياندا شائىر مەنىسىز ئۆتكەن ئۆمۈر ئۈچۈن قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئۆكۈنىدۇ؛ يىللار قوينىدا ئۆتكەن ھا- ياتنىڭ مەنىلىك بولىشىنى ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ۋاقىتقا ئاكتىپ پو- زىتسىيە تۇتۇپ، ئەۋزەل شارائىت ئىچىدە نەۋ باھار چاغىنى مەنى- سىز ئۆتكۈزمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. كىشىلەرگە يىللار قوينىدا

بىخۇت ياشىماسلىقنى، كۈرەش بىلەن ياشاش — ھاياتنىڭ مەنىسىنى، كىشىلىكنىڭ ئالى خىسلىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يارقىن پىكىرلەردىن شائىرنىڭ كىشىلىكنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. شائىر كالىندارنى ۋاراقلاپ، ئەجدادلارنىڭ كۈرەش تارىخىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلارنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن كۈرەش بىلەن ياشاش يولىنى تاللاپ ئالدى ۋە تەشۋىق قىلدى. پەقەت كۈرەش بىلەن ئۆتكەن ھاياتنىڭ مەڭگۈ قېرىمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شائىر بۇ ئارقىلىق بىغەم ھايات ئۆتكۈزۈشكە، تەقدىرەپ يۈرۈشكە، بىخۇتلۇق بىلەن ياشاشقا نەپرەتلىنىدۇ. ۋىللار قويىدىكى كۈرەشنىڭ زادىلا تۈگىمەيدىغانلىقىنى، كىشىلىك تۇرمۇش پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى روشەنلەشتۈردى. بىز شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۆز ھاياتىنى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقان بىر ئوپتىمىست لىرىك قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. قەھرىماننىڭ ئىچكى گۈزەللىكى ئارقىلىق تاشقى گۈزەللىكىدىن خۇلاسە چىقىرالايمىز.

شېئىر رىئال تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ ئۇقتىملىق كۆرۈنۈشىدۇر، شائىرنىڭ مۇشۇ ھېسسىياتى، ئوبيېكتىپ رىئاللىقتىن ئالغان چوڭقۇر كۆز قارىشى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. شۇڭلاشقا ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئوبراز ئىچىدە كىتابخان ھېس قىلالايدىغان دەرىجىدە كۆرسەتتى.

شائىر كۆكرىگىدىكى باسقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە

قايناپ تېشىۋاتقان زوقى - شوقىنى ئۆزىگە خاس بەدىي ئۇسلۇبىدا ئۇلۇغ ھاياجان بىلەن ئۇرغۇتۇپ چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغايدۇ. ژىللار ئەسلىدە نە ھاياتى ۋە نە جىسمى بولمىغان، كۆزگە كۆرۈنمەس، قول بىلەن تۇتۇپ بولماس بىر نەرسە. ۋاھالەنكى شائىر ئۇنى ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار بىلەن قىلىقلاندۇرۇپ "ئوغرى"غا ئوخشىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شائىر تۇيغۇسىدىكى نەپرەت ۋە مۇھەببەتنى، ژىللارنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسىنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىر ژىللارغا كەسكىن سۆزلەر بىلەن جاۋاپ قايتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز - دە، بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، شائىر بۇ ئەسىرىدە ئوتتەك يالقۇنلۇق تۇيغۇسىنى نازۇك ۋە ئېنىق تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەچكە، ئۇ، كىشىلەرگە ھوشيارلىق بەخشەندە قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشى روھىنى جانلاندۇرىدۇ. ئۆمۈرۋايەت ئەستىن چىقمايدىغان تەسىرات قالدۇرىدۇ. "ئۆلۈم پەستە قىلمىش، كۆرەشنىڭ داۋاملىق تېغىدا" دىگەن مىسرالاردا شائىرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەر ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەيدىغان ھېچنېمىدىن ھەيىقمەيدىغان ئىدىيەسى گەۋدىلىنىپ، شائىرنىڭ ئوبرازى ئاجايىپ يۈكسەك كۆرۈنىدۇ:

ژىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قېرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى.

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ئالىجاناپ، پاك ئەخلاقى

پەزىلىتى ۋە جەڭگىۋار ئىرادىسى گەۋدىلەنگەن. "ئىنجات زىل-
لارنى قىرىتىمدۇ" دىگەن مىسرا ھەممە نەرسىنى يېڭىشكە بول-
غان ئىشەنچ ھەم قەتئى ئىرادە بىلەن تولغان.

ل. مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» دىگەن پوئې-
مىسى 1942-يىلى ئاپرىلدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى پارتلىغان ئۇرۇشنىڭ 6-يىلىغا ئاتاپ يېزىلغان. پوئې-
مىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش جەريانىدا سا-
دىر بولغان كىچىككىنە بىر ۋەقە بايان قىلىنغان: دۈشمەن
ئاجاۋۇز قىلىپ ۋەتەن تۇپرىقىغا بېسىپ كىرگەندە، پۈتۈن
خەلق ئەسكەر بولۇپ پىداكارلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. جاڭ بوۋايمۇ موماينى
يېتىلەپ بىز جەڭگە ماڭاي دەپ تۇرغاندا، بىزلارنىڭ
ئالدىنقى سەپكە كەتكەن ئوغلى جاڭ رومىسولغۇن، مىلتىقىنىڭ ئۇ-
چىنى يەرگە قاراتقان ھالەتتە ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدۇ. ئە-
ھال بوۋاينىڭ ۋە يىگىتنىڭ سۆيگەن قىزى يولىنىڭ قاتتىق
نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بوۋاي، موماي ۋە يولىلار پارتىزانلار
سېپىگە قېتىلىش ئۈچۈن ئاتقا ماڭىدۇ. ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ
بۇ خىل مەردانە روھى ياش جەڭچىگە كۈچلۈك تەسىر قىلى-
دۇ ۋە ئۇ ئۆز قىلمىشىغا ئاتتىق پۇشايمان يەيدۇ. شائىر دۇ-
يەرگە كەلگەندە ئۆز ھاياتىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ۋەتەن بىل ئاناڭ،
قانسۇن رىغبەت.
مەشئەلدەك يانسۇن،
قايناق مۇھەببەت.

مۇھەببەت چاقنى،
سۇردىدى جەڭگە؛
باغلىغاچقا دىل،
ئەزىز ۋەتەنگە.

جەڭچى چاڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بارىدۇ. ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن كېتىۋاتقان كەسكىن جەڭدە ئۆز ھاياتىنى شەرەپ بىلەن خەلق ئازاتلىقىغا تەقدىم قىلىدۇ. شائىر مانا بۇ ۋەقە ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھەر قانداق شەخسى مۇھەببەتتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان مۇھەببەتنىڭ نەپرەت ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. گەرچە پوئېمىنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، شائىر شۇ كىچىك ھەجىم ئىچىگە رىئال كۈرەشكە جىددى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىدىيىنى تولىمۇ ماھارەتلىك بىلەن سىڭدۈرۈپ، پوئېمىنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەن، شۇنىڭدەك پوئېمىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى تۇرمۇش لوگىكىسىغا ئۇيغۇن ھالدا مۇكەممەل ۋە ئىخچام يارىتىلغان. بوۋاينىڭ پىشقەدەم پىروليتارىيات جەڭچىسىگە خاس مۇستەھكەم ئوبرازى ۋە ياش قىزچاق يولىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان توغرا كۆز قارىشى، ئانىنىڭ ئارىسالدا، يۇمشاق كۆڭۈللۈك پەزىلەتلىرى ئۆزلىرىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك پوئېمىنىڭ سيۇژېتى ئاددى ئەمما قالتىس مۇكەممەل، لىرىك بايان بىلەن ئېپىك بايان چېتىق باغلىنىپ، لىرىك ھىسسىيات ۋەقەنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن

خىزمەت قىلدۇرۇلغان. مانا بۇلار پۈتمىنىڭ بەدىي جەھەت-
تىكى ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

### 3 - لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق دراماتورگى ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدا سەھنە ئەسەرلىرى ئىجات قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان «تاھىر - زوھرە» داستانىنى ئوپېرالاشتۇردى. ئۇندىن باشقا: «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «كۆرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق بىر قانچە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سەھنە ئەسەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھنىلەردە ئوينىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەدىنىيەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا، خەلقىنىڭ قەلبىگە يېڭى - مەدىنىيەت نۇرىنى چېچىشتا، دۇنيا جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا خەلقنى زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە، جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى قوزغۇتۇشتا چوڭ رول ئوينىدى.

ل. مۇتەللىپ ئۈرۈمچىدە چېغىدىلا تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش سېزىمىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان ۋە ئۇنىۋېرسال سەنئەت ھېساپلىنىدىغان تىياتىر سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى ساناسى نەپەسنى ئەسلىگە كەلتۈردى. چوڭ تىپتىكى دراما «غېرىپ-

سەنەم» تۈنجى قېتىم ئاقسۇ سەھنىسىدە ئوينالدى. مۇتەل-
لىپ غېرىپ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ
چىقىپ، ئوزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە تالانتلىق
سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

شائىرنىڭ ئاقسۇغا يوتكىلىپ كېلىشى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن چوڭ-
قۇر تونۇشۇشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۇ،
خەلق داستانى «تاھىر - زوھرە» ئاساسىدا ئوزىنىڭ ئاتاغلىق
ئوپېراسى «تاھىر - زوھرە» نى يېزىپ چىقتى. ئوپېرانىڭ
كوپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلىرى شائىرنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى
بىلەن 12 مۇقامدىن كەڭ تۇردە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئى-
جات قىلىنغانچقا، بۇ ناخشىلار تېزلا ئامما ئىچىدە ئومۇملاش-
ى. ل. مۇتەللىپ «تاھىر - زوھرە» ئوپېراسىدىمۇ باش قەھرى-
مان تاھىرنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ مەردانە، ياڭ-
راق، خۇش ئاۋازى تاماشىبىنلارنىڭ يۇرەك تارىنى تىترەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
كۇرەشنىڭ تېز ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۇرۇلگەن
«بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يازدى.

بۇ يەردە بىر نۇقتىلىق ھالدا، مۇتەللىپنىڭ ئەينى
ۋاقىتتىمۇ جامائەتچىلىك ئىچىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىل-
غان، يېقىندىن بۇيانمۇ سەھنىلەردە قويۇلۇپ، تېلېۋىزور ئېك-
رانىدا كورسىتىلىپ تاماشىبىنلارغا بىر قەدەر كەڭرەك تونۇش
بولۇپ قالغان «ساماق ئاكاك قايناپدۇ» كومېدىيەسى
ئۈستىدە توختۇلۇپ ئوتىمىز.

«سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» كومېدىيىسى، كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈسكە، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، رىئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى 1942- يىلى فېۋرالدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا يازغان. روشەنكى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق جاھالەتتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىزار ئىدى. ئەمما ئەمدىلا بېخ ئۇرۇپ چېچەكلەشكە باشلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى، مەدەنىي ئاقارتىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكەتلىرى ئۆز تەرەققىياتى يولىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن تاشقىرى، يەنە كونا ئىدىيە، خۇراپىي كۆز قاراش ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كەسكىن تۈس ئالغان ئىدى. ل. مۇتەللىپ «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ناملىق كومېدىيىسىدە مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رىئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، سامساق ئوبرازى ئارقىلىق نادان خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەشنى، خۇراپاتلىققا ئوت ئېچىپ، خەلقنى يېڭى ئىدىيىگە باشلاشنى مەقسەت قىلدى.

ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشلىرىدە يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش سىڭگەن. ئومرىنى ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن 50 نەچچە ياشلىق سامساق، سەمەدى، ئاق-

كۆڭۈل، خۇشچاقچاق بولۇپ، ئۆزى ساۋاتسىز ئادەم، كونا جەمئيەتنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش شارائىتى ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە جىددى تەسىر يەتكۈزۈپ، كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەھەممەت ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى دەۋردە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى. مەھەممەتنىڭ سۆيگىنى مەريەم، يېڭى ئېچىلغان دوختۇرخانىدا ۋراچ بولۇپ، كۆز دوختۇرلىغىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. بۇ ئىككى ياش توي قىلىش ئالدىدا ساماساق ئاكىنىڭ كۆزىنى ئېچىشنى ئۆز ئالدىغا شەرت قىلىپ قويۇشىدۇ. لېكىن ئەسىرلەر بويى ھوكۇم سۈرگەن خۇراپاتلىق ئىدىيىسى ساماساقنىڭ قەلبىنى مەھكەم چىرمىۋالغاچقا، ئۇ، دوختۇر ئارقىلىق كۆزىنى داۋالاشنى خالىماي، خوتۇنى زورىخانىنى ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ، رەدناما ئوقۇتۇش، دوئا قىلدۇرۇش، چاچراتقۇ سالدۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ.

مەھەممەت بىلەن مەريەم ساماساق ئاكىنى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بەرمەي قايتا - قايتا تەربىيە بېرىش ئارقىلىق دوختۇرخانىغا ئالدۇرغان بولسىمۇ، دەل ئوپېراتسىيە قىلىدىغان چاغدا ساماساق دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ، "دوختۇرخانىدا كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلسا ئويۇپ ئېلىۋېتىپ ئىتنىڭ كۆزىنى سالىدىكەن" دەپ ئاڭلاپ قالغان. مەھەممەت ۋە مەريەملەرنىڭ جىددى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ساماساق ئاكىنىڭ كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنىش بىلەن ئېچىلىدۇ.

«ساماساق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومېدىيىسى مانا مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەقىقەتەن كۆمىك خۇسۇسىيەتكە

ئىگە بولغان، كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىپ، ئۈچەي-لىرى ئۈزۈلگىچە كۈلدۈرىدىغان بىر قانچە كورۈنۈشلەر بار. پەردە ئېچىلىش بىلەنلا سەھنىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ غايە-ئىستەكلىرى، ئوز-ئارا مۇھەببىتى توغرىسىدا سوزلىشىۋاتقان مەھەممەت بىلەن مەريەمنى كورىمىز.

— خەلقىمىز جاھالەتلىك زامانىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى ئۆزلىرىنىڭ نادان قالغانلىغىنى چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. شۇڭا، ئۇلار يېڭىلىقنى تېزلا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي خۇراپاتلىق خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە تور باغلاپ كەتكەن. خەلقنى بۇ ھالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىز بىلەن بىز ئاقارتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

— دادامنىڭ كوزى ئېچىلىپلا كەتسە خەلقى ئالەمگە پەننىڭ كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلغان بولاتتۇق.

يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىۋاتقان بۇ دىيا-لوگ بىزگە، ئۇلارنىڭ ساپ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇلۇغۋار غا-يىسىنى، ئارزۇسىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قۇرۇق، مەنىسىز مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان، يۈكسەك ئارزۇ ۋە ھىسسىياتلار بىلەن تولغان مۇھەببەت!

بۇلارغا ياندىشا ھالدا كومېدىيىدە يەنە بىر جۈپ ياشنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلار — يېتىم ئوغۇل مىجىت بىلەن ئوگەي قىز روزىخان. بۇلارمۇ بىر-بىرسىنى ياخشى كورۇپ قالغانلار بولۇپ، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بېشى چوڭىيىپ قالغاچقا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشتىن نومۇس قىلىشىدۇ. ئەمما مەھەممەت بىلەن مەريەم-

نىڭ ئىناق تۇرمۇشى، چىن مۇھەببىتىگە زوقمەن كوزى بى-
لەن قارايدۇ. بىر كۈنى مەھەممەت بىلەن مەريەم سىرتقى
كىيىملىرىنى ھويلىغا سېلىپ قويۇپ، سەگەش ئۈچۈن باققا
كىرىپ كېتىدۇ. ئىچىدىكى ئۆيدە پەنجىرىدىن مارلاپ تۇرغان
مىجىت ھويلىغا چىقىپ "كاككۇك بىلەن زەينەپ"تەك بۇ ئىك-
كى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە چوڭقۇر ھەۋەسلىگى كېلىدۇ. بۇ ئىك-
كى ياش ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولۇش تۇغ-
رىسىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمۈتلىرى ئۈستىدە سوزلىشىدۇ. بىزمۇ ئاشۇن-
داق كىيىملەرنى كىيىپ، ماتروشكا (پاتروشكا دىمەكچى)
لىشىپ يانمۇ ـ يان ماڭساق قانداق ياخشى ـ ھە! دەيدۇ.
مىجىت روزىخاننىڭ ئۇنىمىغانلىغىغا قارىماي، دوختۇر مەر-
يەم باققا كىرىشى ئالدىدا ئۈچىسىدىن سېلىپ، دەرەختە ئې-
لىپ قويغان ئاق خالاتنى كەيگۈزۈپ، ئۆزى مەھەممەتنىڭ
كەپكىسىنى كىيىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت ھاسىل قىلماي مىجىت
ئۆيگە كىرىپ، مەھەممەتنىڭ پەلتوسىنى كىيىپ چىقىدۇ. روزىخان-
غىمۇ بىر ئىگىز پاشنىلىق توپلەينى ئەپچىقىپ كەيگۈزىدۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرى "ئەپەندى"، بىرى "دوختۇر" بو-
لۇپ، پاتروشكىلىشىپ ھويلىنى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. مۇشۇن-
داق بىر قىزىقچىلىق ئۈستىگە مەھەممەت بىلەن مەريەم باغ-
دىن قايتىپ چىقىدۇ.

— بۇ كىيىملەر بىزگىمۇ يارىشىدىكەن، بىزنىمۇ ئۆزەڭ-
لەردەك ئادەم قىلىپ قويساڭلار، ـ دەپ مۇراجەت قىلىدۇ
خىجىللىق ئىچىدە مىجىت.

بۇ ساپ قەلبلەرنىڭ ھەققانىي تەلۋۈي مەھەممەت

بىلەن مەريەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەھەممەت مېجىتنى ساۋاتلىق قىلىشنى، مەريەم روزىخاننى سېستىرا قىلىپ چىقىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز كومېدىيىنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن ئاپتور كىشىلەرنىڭ ھەركەتتى بىلەن ئىدەيىۋى ھالىتىنى، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرگەن ۋە مۇشۇنداق تەبىئىلىك يولى بىلەن خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلاۋاتقانلىقىنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇ خىل يېڭى ئىدىيىگە سىڭىشتۈرۈلۈپ قىلىپ قويۇلغان يەنە بىر كۆرۈنۈشتە: سەھنىگە رەدنامە سۆيى ئىزلەپ «يەتتە بولاق» قا بېرىپ قايتىپ كەلگەن روزىخان كىرىدۇ. ئۇ، ئاۋال ساماق ئۈچۈن تاماق ئېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەھنىگە ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن قورقۇپ دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىققان ساماق كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا دوختۇرخانىدىن بېرىلگەن ئاق ئۇزۇن خالات، بېشىدا ئاق پوسما كىيگەنلىك ئىدى. ھېرىپ چارچىغان ساماق ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى سۇپىغا ئاتىدۇ. ساندۇقتىن ئۇن ئېلىش ئۈچۈن ئىچكەركى ئۆيدىن چىققان روزىخان، سۇپىدىكى ئاق خالات كىيگەن، ئېڭىگى تېڭىلغان ساماقنى كۆرۈپ!

— دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلىمەن دەپ جېنىڭنى ئالغان ئوخشىمامدۇ، كېپەن كېيدۈرۈپ ئۆيگە ئەكىلىپ تاشلىۋەتكىنى نېمىسى؟! — دەيدۇ — دە، ھوڭگىرەك تارتىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ساماق:

— خوتۇن، مەن ئۆلمىدۇم، يىغلىما! — دەيدۇ.

"ئۆلگەن ئادەم" نىڭ سۆزلىشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن روزىخان تېخىمۇ قورقۇپ:

— بۇ سۆزلەۋاتقان بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ روھىمۇ؟! — دەپ ۋاقىرايدۇ.

ئاخىرى سۆزلەۋاتقان ساماقنىڭ روھى ئەمەس، ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشىدۇ. ساماق دوختۇرخانىدىن قانداق قېچىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ ئەسنادا سىرتتىن ھېچىت كىرىپ، دوختۇرخانىدىن بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئىزلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ساماق ئۇلاردىن يوشۇرۇنۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇن ساندۇقىنىڭ ئىچىگە چۈشىۋالىدۇ. ساماقنى ئىزدەپ كەلگەن دوختۇرلار سەھنىگە كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەريەم بىلەن مەھەممەتمۇ بار. ئۆز-ئارا سۆزلىشىش ئارقىلىق ساماق بىلەن روزىخاننىڭ ئەندىشى ئاشكارىلىنىدۇ. "كۆزنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ ئىتنىڭ كۆزىنى سالارمىش" دېگەننىڭ يالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاخىرى ساماق ساندۇق ئىچىدىن ئېلىپ چىقىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈستى-بېشى ئاپپاق ئۇنغا مىلىنىپ خۇددى پوستەكچىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ.

ئەسەردىكى مانا مۇشۇنداق كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر ھەقىقەتەن قالتىس كۈلكىلىك بولۇپ، كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا بارا-بارا راجىلىنىپ، زىددىيەت تۈگۈنىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە كومېدىيىنىڭ ئاخىرى كۆڭۈللۈك، خۇشال توي-تاماشىسى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىلىق كۆزى ئېچىلغان ساماق ئاكا، ئېلىم-

پەننىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇيدۇ. شۇڭا، خۇراپاتلىق بىلەن ئوتكەن كۈنلەرگە ئېچىنىپ: "ھازىر كوزۇمىز ئېچىلدى، دىلىمىز ئېچىلدى" دەيدۇ.

دېمەك، «ساماق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومېدىيەسى يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاكتۇئال بولۇپلا قالماي، بايان قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ل. مۇتەللىپ درامىلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رىئال ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، دراماتۇرگ ئوزى ياشىغان دەۋردىكى جەمىيەتنىڭ كارتىنىسىنى روشەن سۈرەتلەپ بېرەلىگەن، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرىنى يۈكسەك بەدىي ئوبرازلاشتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئەتراپلىق، تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن. شۇنىڭدەك قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىچكى - تاشقى قىياپەت، مىجەز - خۇلقىنى جانلىق، ئوزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن تولۇق ئېچىپ بېرەلىگەن. ئۇ ئەنە شۇنداق يۈكسەك تېمىسى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

ئومۇمەن، ل. مۇتەللىپنىڭ بېسىپ ئوتكەن ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ بىر قەھرىمان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر جەڭچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۈرەش ئىچىدە ياشاپ بارلىغىنى كۈرەشكە ئاتىغانلىغىنى ئېنىق كورىمىز. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ كۈرەش ئىچىدە ئوسۇپ يېتىلىپ، كوپ مىللەتلىك جۇڭخۇا ئەدەبىيات گۈلزارلىغىدا خۇشپۇراق چېچىپ ئېچىلدى.

ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئاختامىسىغا ئۇرۇق سالدى. ئۇ، شىنجاڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ ئىنقىلاپ بىلەن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئاۋانگارتىدۇر. ل. مۇتەللىپ ئاز ياشىدى، ئەمما ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈلىك ئۆلگىسى بولۇپ قالدى. مەشھۇر شائىر تيەنجەن ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىپ مۇنداق يازدى:

"ھاياتىڭ گوياكى قىزىل خەت بولدى،
يېزىلدى توچمەسكە ئاق قارلارغا ئۇ،
ھەم قىزىل دولقۇن ئۇ بىر جەڭ بايرىقى،
ئارايدۇ بۇ قىزىل گۈلشەننى ئەبەت."

بۇ، ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ خۇلاسىسى بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىنى زامانىمىزدىكى ئاتاغلىق ئەدىپ جاڭ جۈمىن: "مۇز داۋانغا ھۇجۇم قىلىش بايرىقى، تارىمغا يورۇش قىلىش سىگنالى" دەدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. ل. مۇتەللىپ جەڭگىۋار، ئىنقىلابچى بولۇش بىلەن بىللە، ئىجادىيەت سېپىدە شائىر، يازغۇچى، دراماتورگ، رەسسام ۋە تالانتلىق ئارتىست ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق زور تالانتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخى بىلەن يەنى ئۇ، بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار مۇساپىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، كۆرەشكە تولغان دەۋردە ياشىدى، كۆرەش بىلەنلا ئازاتلىققا چىقىش مۇمكىنلى-

گى، گەرچە بۇ يول ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ، خەۋپلىك
ۋە ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى،
ئۈچۈن مۇشۇ يولدا مېڭىشنىڭ زورۇرىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا
چۈشەندى. شۇڭلاشقا، ئوركەشلەپ ئۇرغان كۈرەش قاينىمى-
رىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ئۆچ-
مەس تۆھپە ياراتتى. خەلق بۇ باتۇر پەرزەنتىنى ئەسلەيدۇ.

### ئون ئىككىنچى لېكسىيە

# بىلال ئېزىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى

بىلال ئېزىزى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ۋە گۈزەل شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

بىلال ئېزىزى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ھوشيارلىق بىلەن بايقاپ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى توغرا تونۇپ، خەلقنىڭ رايى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، جەمئىيەتكە كەڭ نەزەر سالدى ۋە ئەتراپلىق كۆزەتتى. ئاندىن ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قەدەر ئاكتۇال تېمىلارنى ۋە زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۆز قەلىمىنى ئۆتكۈر قورال قىلىپ، فېئوداللىزمغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ياپون جاھانگىرلىگگە قارشى دادىل كۆرەشتى، جاپاكەش خەلقنىڭ ئازاتلىق تېگىنى، ۋەتەننىڭ نۇر كېلەچىگىنى كۈيلىدى. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى

ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن كەڭ جاماﺋەتچىلىككە تونۇلدى. ئۇنىڭ ئەشۇ كۆرەش قاينامىلىرىدا تۇرۇپ خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان ئەسەرلىرى، خەلقنى نادامەت ئۇيقىسىدىن ئويغىتىش، ھور كېلەچەكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كورەشكە قوزغىتىش ۋە ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئەپسۇسكى ئاپەتلىك يىللارنىڭ توپان بالاسى بۇ ياش شاﺋىر بىلال ئېزىزىدىنمۇ ئۇرغۇنلىغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ژۇتۇپ كەتتى.

شاﺋىر بىلال ئېزىزى 1921 - يىلى تۇغۇلدى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى ناھىيىسىدە كەمبەغەل ئاﺋىلىدە ئۆستى. ئۇنىڭ مالىمىتى ئۆزبېك بولۇپ، ئانىسى نامرات بولسىمۇ خېلى ئوقۇمۇشلۇق، مولىلاردىن ئىدى. بىلال ساۋادىنى ئۆز ئاﺋىلىسىدە چىقارغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپتە ئوقىدى. بۇ چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ناۋايى، لۇتپى، نوۋېتى قاتارلىق كىلاسسىك شاﺋىرلارنىڭ ئەسەرلىرى رەسمىي دەرس قىلىپ ئوقۇلاتتى. كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياقى چۈشكەن بىلال، بۇ مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ شېئىرلىرىنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋېلىپ يادلاپ ئۆگەندى. بۇ ئارقىلىق شۇ يول بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشتى.

ئۇ، ئىجادىيەتكە كىرىشكەن 1936 - يىللىرى خوتەننىڭ سىياسى ۋەزىيىتى جىددى ھالەتتە تۇراتتى، شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ۋە شىڭشىسەينىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئەسكەرلىرى بىلەن يەرلىك

مىللىتارىست ماخۇسەن ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ئۇرۇش ھەم-
مىنى پاراكەندە، پاتىپاراقچىلىققا سېلىۋەتكەن ئىدى. بىر تە-
رەپتە ماخۇسەننىڭ قاچقان ئەسكەرلىرى خەلقنى بۇلاڭ-تا-
لاڭ قىلىپ، ئەلنى قاقشاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە بۇ
ئەسكەرلەر رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇلۇپ، ئەل تىپچىلان-
دۇرۇلىۋاتاتتى. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى ماخۇسەن قوشۇنى
پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى تىكلەندى. شۇ-
نىڭ بىلەن خوتەن قالايمىقانچىلىقى بېسىقتى.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى
شەھىرىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، مىللى تە-
لەپچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قوغداش ئاممىۋى ھەر-
كىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. يەنە ۋە شاڭ-
خەيدە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار، سىياسى، ئەدەبىي
كىتاپلار 30 - يىللار ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلام-
لىرى، لۇشۈن، گومورۇ، ماۋدۈن قاتارلىق جۇڭگو يېڭى مە-
دىنىيەت ھەركىتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ نادىر ئەسەر-
لىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ماركسىزم - لې-
نىنىزم كىلاسسىكلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزىرىيىلىرى،
روس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، سوۋېت ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تاتار، قىرغىز يازغۇ-
چىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىدى، سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن كىنو فىلىملىرى كۆپلەپ قويۇلدى.
ئۇندىن باشقا ئۈرۈمچىدە يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق يېزىق-

لىردا «شىنجاڭ گېزىتى»، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ»، «يېڭى نۇر» قاتارلىق گېزىت - ژورناللار نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت - ژورناللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى خىتاپنامىلىرى، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى ھەققىدىكى يۆنىلىش، سىياسەتلىرى، خەلقارا ئوبزورلار، جاھان خەلقىنىڭ پاشىزمغا قارشى كۈرەش پائالىيەتلىرى، ئۈرۈمچىدىكى كەڭ زىيالىلار ۋە ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ يۇقارقى مەزمۇنلار ئاساسىدا يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. ھەر قايسى جايلارغا ئوخشاش خوتەندىمۇ مائارىپ، مەدەنىيەت، مەتبۇئات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ۋىلايەتتە «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئىلغار مەدەنىيەت تەشۋىقاتى يولغا قويۇلدى. 1938 - يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىم دارىلتام مەكتىۋى ئېچىلغاندا، بىلال ئېزىزى بۇ مەكتەپنىڭ يۇقۇرى يىللىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇدى. 1939 - يىلى خوتەندە ئېچىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەزالىرى خوتەنگە بېرىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن يولداش ماجاۋسۇڭ خوتەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلەيتتى. بىلال ئېزىزى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن

كېيىن، يولداش ماجاۋسۇلىك ئۇنى «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

بىلال ئىزىزى قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت - ژورناللارغا بېسىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خوتەندىكى ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگەندى. ئۆزىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بىلال ئىزىزى «خوتەن گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىلا چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بىرمۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلدى. شائىرنىڭ بۇ يىللار ئىچىدە ئېلان قىلغان شېئىرلىرى بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، مەدەنىي ئاقارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش جۇڭگونى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت يېڭىچە ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدى. شائىرنىڭ «بىرلىك»، «مەكتەپ»، «ئوقۇش بىلەن»، «ئاپرىل قىزىغا»، «دۈشمەن نىمە قىلماقچى»، «گۈزەل شىنجاڭ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەشۇ يىللاردا يېزىلغان.

بىلال ئىزىزىنىڭ ئىجادىيىتى، بۇ يىللاردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، مەرىپەت ئىگىلەش تېمىسىدا ئەسەر يېزىشتىن باشلاندى. چۈنكى شائىر، ئالدى بىلەن جەمىيەتنى كۆزىتىپ، خەلقنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئويغىتىپ، خەلققە نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ زەھرىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، جاھالەتكە قارشى غەزەپ قوزغاش، كۈرەش ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ تولىمۇ

زورۇر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

خوتەن گەرچە قەدىمقى زاماندا مەدەنىيەتنىڭ گۈللىگەن مەركەزلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەپسۇسكى يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن فېئوداللىق ئاسارەت، بەگلىكلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ كۈچىيىشى ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بۇ رايوننى ئىقتىسات، قاتناش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالدۇردى. شۇڭا، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن قالاق، نامرات تۇرمۇش ئىچىدە ياشايتتى. فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ بېسىمى ئاستىدا دەرت ئۈستىگە دەرت تارتىپ، ئۆز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان ئىدى. مەھكۇم خەلق بوزەك قىلىناتتى، خورلىناتتى، كەمسىتىلەتتى، گەرچە ھۆكۈمرانلار خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتا قالدۇرۇپ، قاتمۇ - قات زۇلۇم سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ قەلبى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە ئادالەتكە تەلپۈنەتتى، شۇڭا ئۇلار زۇلۇمغا قارشى قوزغۇلۇپ چىقىپ ئىسيان كۆتەرگەن ۋە ئىنقىلاپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن توغرا يېتەكچى پارتىيىنىڭ بولمىغانلىقىدىن غەلىبە مۇۋەسى ئاخىرى يەنىلا ئەزگۈچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، قوزغىلاڭچى خەلق تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەت ئىچىگە چۆككەن. بىلال ئېزىزى جەمىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مانا مۇشۇ ھالەتنى چۈشىنىپ، زالىملارغا نەپرەتلەندى. خەلق ئامىسىغا ھەمنەپەس بولدى. خەلق ئامىسىغا دوست بىلەن

دۈشمەن، ھەق بىلەن ناھەق، ئېزىش بىلەن ئېزىلىش، ئا-
دالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ نىمىكەنلىگىنى تونۇتۇشنى
زورۇر دەپ بىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى
ئىلىم - پەن ئۈگىنىشنى تەشۋىق قىلىشقا بېغىشلىدى. ئەمە-
لىيەتتىمۇ خەلق ئاممىسى مەلۇم دەرىجىدە ئاڭ سەۋىيىگە ئې-
گە بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن جەمىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى، ھو-
قوق ھاكىمىيەتنى توغرا تەھلىل قىلالايدۇ. ئىلىم - پەن جە-
ھەتتىكى كۆرەشتە غەلىبە قىلىش — بەخت - سائادەتلىك ھا-
يات قۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئىلىم - پەن-
نىڭ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ كىشىلىك ئۆزگەرتىشتىكى رولىنى خە-
لققە تونۇتۇش تولىمۇ ئېھتىياجلىق ۋە تولىمۇ زورۇر ئىدى.
بىلال ئېزىزى 1936 - يىلى ئۆكتەبىردە يازغان «مەكتەپ»
دىگەن شېئىرىدا، مەكتەپنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىكى رولىنى، ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئەكىلى-
شتىكى ئەھمىيىتىنى ئاممىباپ، ئاددى تىللار بىلەن كۆرسى-
تىپ بېرىپ، كىشىلەرنى بۇ ھورىيەت باغچىسىغا بېرىپ، ئى-
لىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگەللەشكە چاقىردى:

مەكتەپ نۇرلار باغىدۇر،
دىل چىراغى ياغىدۇر،
مەرىپەتلەر تاغىدۇر،
جانغا راھەتتۇر مەكتەپ.

ئۇلۇقتۇر مەكتەپ شانى،
ھورىيەتنىڭ مىزانى،

مەدەنىيەتنىڭ مەيدانى،
جايى ئىبرەتتۇر مەكتەپ.
مەكتەپ دۇنيا زىننىتى،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى،
جاھاندا بار ھۆرمىتى،
قەدرى قىممەتتۇر مەكتەپ.

مەكتەپ بىلىم گۈلزارى،
تەرەققىياتنىڭ باھارى،
گوھەرلەرنىڭ بازارى،
ئەجەپ ھەيۋەتتۇر مەكتەپ.

ئاتا - ئانام بولدى چال،
ئاكا - ئۇكام بىلىم ئال!
بارچە دوستلار بىلىپ قال:
چوڭ سائادەتتۇر مەكتەپ.

شائىر بۇ شېئىردا مەكتەپنى ھۆرمەتلەپ ۋە قەدىرلەپ "نۇرلار بېغى"، "مەدەنىيەتنىڭ مەيدانى"، "يەر - يۈزىنىڭ جەننىتى" "تەرەققىيات باھارى" ۋە "چوڭ سائادەت" دەپ ئەڭ چىرايلىق ئوخشىتىشلار بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بەردى. شائىر «ئوقۇش بىلەن» دېگەن شېئىردا بۇ پىكىرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئالدىنقى شېئىردا مەكتەپكە يۇقىرى باھا بېرىلىپ مەكتەپنىڭ ئەۋزەللىكى كۆرسىتىپ بېرىلسە، كېيىنكى شېئىردا بۇ "بىلىم گۈلزارى" نىڭ ۋەتەننى ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇپ

ئازاتلىققا يەتكۈزىدىغانلىقى تەنتەنە بىلەن جاكالىنىدۇ. بىز-
بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ بىلىم ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ بىلىم-
گە بولغان ئېتىقادىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئىكەنى-
لىكىنىلا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ئىشەنچىسىنىمۇ كۆرۈپ ئالا-
لايمىز. ئۇ، ئىلىم- پەنگە ئەنە شۇنداق شەك - شۈبھىسىز ھال-
دا ئېتىقاپ قىلغان ۋە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلگەن.

دەل ئۇ، مۇشۇنداق تەشنالىق ئىچىدە تۇرغان 1942-
يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.
ئۈرۈمچىدىكى جۇشقۇن ھايات، مەرىپەت ئۈچۈن بولغان
كۈرەش ياش شائىرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇڭا
ئۇ، بۇ ھاياتتىن زور ئۈمىت كۈتتى ۋە مەمنۇن بولغان ھالدا:
"ئىلىم - پەن، مەرىپەت قوينىغا كىردىم، ئەمدى شېرىيەت
گۈللىرىنى كوكسۈمگە تاقايمەن" دېدى.

بىلال ئېزىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەي شا-
ئىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشتى ۋە مەڭگۈ بۇزۇلماس
ئىنقىلاۋىي دوستلۇق ئورناتتى. بىلال ئېزىزىنىڭ ئۈرۈمچى-
دىكى ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالىيلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى
ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇشى ئۇنىڭ ئىدى-
يىسىدە يەنىمۇ زور بۇرۇلۇش ۋە يۈكسۈلۈش ھاسىل قىلدى.
نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ماركسىزمچە سىنىپىي
چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى. ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە
بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسى كۈچەيدى. ۋەتەننىڭ كەلگۈ-
سى ئۇنىڭ ئۈچۈن بارغانچە روشەنلىشىپ، گۈزەل ۋە كور-

كەم كۆرۈندى، قەھرىمان خەلقىگە مۇھەببىتى، خەلقىنىڭ بىرلىك كۈچىگە بولغان ئۈمىدى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلاپ، قەلبىگە پاتماي پارتلاپ چىقىپ، يالقۇنلۇق شېئىر-مىسرالىرىنى ھاسىل قىلدى. بۇ خىل ھېسسىيات «ۋەتەن خىسلەتلىرى» دېگەن شېئىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى:

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ كەڭ تۇپرىغىدا،
باغۇ-بوستانلار چېچەكلەپ ياتىدۇ،
ئېسىل پەسىللىرى، كۆكلەم باھارى،
ساپ ھاۋالىرى تەنگە ياقىدۇ.

خۇاڭخې، چاڭجياڭ كوۋرۈكلەر ئېتىپ،
كۈمۈشتەك ھەريان شاقراپ ئاقىدۇ.
شاقراتمىلار - سۈرلۈك قايناملار،
دۈشمەن كېمىسىنى كۆمۈرۈپ ئاتىدۇ.

ئۇ، ئەنە شۇنداق مۇقەددەس ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ، دەريالىرىنى قوغداۋاتقان باھادىرلىرىنىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇق دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پىداكارانە روھىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

بىزنىڭ ۋەتەننىڭ باھادىرلىرى،
تەنتەنە بىلەن فىرونتقا ئاقىدۇ.
ئىنسانىيەتنى قايىل قىلدۇرۇپ،
دۈشمەن سېپىنى ئۆرۈپ-چاقىدۇ.

ئۇ، ۋەتەن كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ تېخىمۇ يۈكسەك

روھقا تولۇپ:

دىللارغا ھوزۇر پارلاق كەلگۈسى،
كۈندىن يورۇقتۇر بىزگە شەرەپ - شان.

دەپ ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچە-سىنى ۋە ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەتەن دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەزەلدىن ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ ھەر بىر مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا مۇئەييەن كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تا-رىخىغا قارايدىغان بولساق، ئاجايىپ قەيسەر ۋەتەنپەرۋەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئەينى دەۋر روھى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. بىلال ئىزىزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتتە خارلىنىۋاتقان خەلققە كۆيۈنۈش ھەمنەپەس بولۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىككى يۈز-لىمىلىكلىكى تۈپەيلىدىن مۇنقەرىزلىكتە تۇرغان ۋەتەننى يا-پون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇشتا. جاھانگىرلىكنىڭ زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھەممە نەرسە ۋە ھەممە شەيئىگە ۋەتەن مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ باھا بېرىدۇ، ئادەملەرنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنىمۇ، خۇشال - خۇ-راملىقىنىمۇ، پەسىللەرنىڭ قىش ۋە يازلىرىنىمۇ ۋەتەنگە باغ-لايدۇ. قاراڭلار:

ۋەتەن يۈرەك - باغرىڭ ۋە مېھرىڭ سېنىڭ،
ۋەتەن ئۈچۈن قايغۇر، ۋەتەن ئۈچۈن كۈل.
ۋەتەن يولىدا تامچىلاپ ئاقسۇن قېنىڭ،
بەخت ئۇ، ۋەتەن ئۈچۈن قانلىق جەڭدە ئۆل.

فىزىولوگىيە ئىلمى يۈرەكنى ئادەم گەۋدىسىنىڭ مەركىزى دەپ قارايدۇ. ئۇ، گويا بىر بولاقتەك ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تومۇرلار ئارقىلىق ھايات نۇرىنى چاچىدۇ. ئۇ، توختىسا ئادەممۇ ھاياتتىن توختايدۇ. شائىر بۇ يەردە ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ يۈرەكنىڭ ئەركىن سوقۇشى ئۈچۈن ھاياتنى بېغىشلاش بەخت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ھەتتا ئۇ، ۋەتەننى "ھايات تارازا" دەيدۇ، ۋەتەننى دەرەخكە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىقىنى "سايەۋەن" دەيدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن:

ۋەتەن ئۈچۈن توكۈلگەن قان زادى سۇۋۇماس،
ۋەتەن ئۈچۈن دەسسىگەن ئىزغا زادى كىر قونماس.
ۋەتەن ئۈچۈن تەۋرىگەن خەلق زادى يېڭىلمەس،
ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان ئەزەلگە ئۆلمەس.

دەيدۇ. روشەنكى، لۇشۈن ئېيتقاندەك، بولاقتىن چىققاننىڭ ھەممىسى سۇ، تومۇردىن چىققاننىڭ ھەممىسى قان. ۋەتەنپەرۋەر شائىردىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇرغۇپ تۇرغان مانا مۇشۇنداق يالقۇنلۇق شېئىرلار چىقىدۇ.

ئەپسۇسكى، شىنجاڭنىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇزۇنغا بارمىدى. شىڭ شىسەي قارا يۈزلۈك بىلەن قىرغىنچىلىق، زوراۋانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئەمما ۋەتەنپەرۋەر شائىر بىلال ئەزىزى بۇ زوراۋانلىق، بۇ قىرغىنچىلىق ئالدىدا بوشاشماي، زەبەردەس تۇردى. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە كۆرەش سەھنىسىگە چىقىپ، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. دۈشمەنلەر غالجىرلاشقانسېرى ئىنقىلابىي شائىرنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ، جۇشقۇن كەيپىياتى، ئۈمىتكە تولغان يۈرەك ھېسسىياتىنى سۆزلەشتۇرماي ۋەتەننىڭ ئازات بولۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ زۇلمەتنىڭ يوقىلىپ سۇبھى يېقىنلاشقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. شۇڭلاشقا شائىرنىڭ بۇ خەتەرلىك يىللار ئىچىدە يازغان شېئىرلىرى كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلدى. شائىرنىڭ «يولدىشىمغا»، «غەزەل»، «مۇستەھزات»، «ئۆلۈمگە» دېگەن شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سىياسىي ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى پاشىستىك ئاق تېررورلۇق قاپلىدى. مىللەتنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تۈرمىگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار بىلەن بىر قاتاردا بىلال ئەزىزىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى ھەمدە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاقسۇغا

هايدالدى، بىلال ئاقسۇغا كېلىپلا ئۆزىدىن بۇرۇنراق كەلگەن لى مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ، جاپالىق ئىنقىلاۋىي كۈرەش پائالىيىتىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

بىلال ئېزىزى ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر قەلبىنى ئويغۇتىدىغان «كوكۇل»، «مارت شامىلىغا خىتاب» «نېمە بولدى»، «يىللارغا سوئال»، «بۇرادىرىمگە» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ياخشى، جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇزىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە تېررورلىقىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان جۈرئىتى ۋە ئىرادىسىنى جاكالىدى، بۇ خىل ئىرادىنى ئۆز شېئىرلىرىدا ياراتقان لىرىك قەھرىمانلار ئوبرازى ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «مارت شامىلىغا خىتاب» ناملىق شېئىرىدا "جۇڭگو سوقۇش فرونتى" دىكى "قايناق جەڭ" لەردە "كۈرەش ئىشقىدا" دۈشمەنلەر بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان "جەڭچى قىزلار" نىڭ ئۆچمەس ئىش ئىزلىرى ۋە قەيسەر روھىنى زوق - شوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارغا بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ قىزغىن سالام يوللايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە مەدھىيىلەيدۇ؟ شائىر بۇ مەسىلىگە مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

چۈنكى ئۇلار جاندىن كەچكەن نومۇس ئاقلاشقا،
بەل باغلىغان كېچە - كۈندۈز ۋەتەن ساقلاشقا.

مەرتلىك بىلەن قوراللىنىپ ئەرلەر بىلەن تەڭ.
ئوت ئىچىدە قانلار كېچىپ قىلماقتىدۇر جەڭ.

شائىر بىلال ئىزىزى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھىمايە قىلغان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۈممىت بىلەن قارىغان. شۇڭلاشقا ئۇ، شېئىرلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدىكى كۈرەش غەلىبە قىلىدۇ، ئۇ، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى قولىغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى دەپ قارىغان، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى «نېمە بولدى» دىگەن شېئىرىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. شائىر بۇ شېئىرىدا ۋەتەن تارىخىغا نەزەر تاشلايدۇ، جاھانگىرلارنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىگى، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى، كارغا كەلمىگەنلىگىنى ۋە ئاخىرى غۇلاپ كەتكەنلىگىنى، "كۆڭلى بۇزۇق" ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي - شىمالىنى بېسىۋالغانلىقى، ئەمما "ئۈچ ئايغىچە جۇڭگونى يۇتىمەن" دەپ مەغرۇرلانغان بولسىمۇ، لوگوچياۋدا "تۇمشۇغىغا قاتتىق مۇش يەپ" ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىغىنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىپ، ۋەتەننىڭ "ئۆز قوينىدا تۇغۇلۇپ

ئۆسكەن پەرزەنتلىرى پاسىۋان بولدى" دەپ سۆيۈنۈش بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇ، پاسىۋانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

1945 - يىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاقسۇنىمۇ مۇدھىش قارا بۇلۇت قاپلىدى. تېررورلۇق ھەركىتى بۇ "خىلۋەت" جايغىمۇ يېتىپ كەلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دېموكراتىك كۈچلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. خەلقنى تالان - تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. بىلال ئېزىزنىڭ ئارقىسىغىمۇ يوشۇرۇن پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما ھوشيار جەڭچى بۇ زۇلمەت ئىچىدە تەمتىرىمەي كۈرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى. بۇ يىللاردىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىشى ئۈچۈن «يىللارغا سوئال» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يازدى. شائىر چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە چىرىگەن زۇلمەتلىك دۇنيا بىلەن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانانە يۈرەك خىتاۋىنى جاكالىدى:

سىلەر كېلىپ ئومرۇمگە قەست قىلغاندا،
مەنمۇ ھازىر كۈرەش ئۈچۈن دەل شۇ مەيداندا،
جەڭ قىلىمەن غەيرىتىمدىن ھوسۇل ئېلىشقا،
دۈشمەنلەرنىڭ قەستلىرىنى بىت - چىت قىلىشقا.

شائىر قەھرى - غەزەپكە تولغان بۇ مىسرالىرىنى خەنجەر قىلىپ رەھىمسىز يىللارنىڭ كوكسىگە سانجىدى. بۇ شېئىر

شائىرنىڭ مۇدھىش يىللارغا بولغان نارازىلىقى سىڭگەن خە-تاپنامىسى بولۇپ، بۇ خەتاپنامە ئارقىلىق دۈشمەننى پاش قىلدى، يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلەرنى ئاشكارىلىدى، خەلق-نى بۇ مۇدھىش يىللارغا ھەرگىز بوزەك بولماسلىققا ئۈندىدى:

ساپ ۋىجدانلار، بۇ يىللارنى ئويلاپ قاراڭلار!
يىللارغا بوزەك بولماي جەڭگە ياراڭلار!
چۈشىنىڭلار ھەر بىر ئىشنىڭ قائىدىسىگە،
كۆيىنىڭلار ۋەتەن، خەلق پايدىسىگە.

سېكونت ئومۇر غاپىللىققا دەرىغ كەتمىسۇن،
يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۇنى خاراپ ئەتمىسۇن.

شائىر بۇ يەردە تەبىئەت قانۇنى بويىچە ئۆتۈدىغان يىللارغا ئەمەس. بەلكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياۋۇز-لۇق، تېررورلۇق بىلەن تولغان ئاپەتلىك يىللارغا "خاراپ" بولماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ھەققانى، توغرا تەشەببۇسى خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە مەدەت بېرىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. جەمى-يەتتە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. شۇڭلاشقا شائىر ل. مۇتەللىپمۇ ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا ھەمنەپەس بولۇپ، ئۇنى كۈچلۈك تۈردە قوللىدى. قوللىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسە-تىش ئۈچۈن، بىلال ئېزىزى يازغان شېئىر ماۋزۇسى ئىزى-دىن مۇشائىرە قىلىپ «يىللارغا جاۋاپ» دىگەن مەشھۇر شېئىرىنى ئېلان قىلىپ، قارا يىللارنىڭ ئەپتى-بەشىرى-

ـسىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىـ نىڭ بۇ زوراۋان يىللارنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان مەردانە ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى.

بىلال ئېزىزى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر بولۇپلا قالـ ماي، ئەينى يىللاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى ئىدى. ئۇ، 1945 - يىلى مايدا يازغان «بۇرادىرىمگە» دىگەن شېئىرىدا ئۆز ئىرادىسىنى كەسكىن ۋە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇ:

ھەقىقەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن،
ۋەتىنىڭ ئۈچۈن جانىنى قۇربان قىل.
كۆڭۈللەر ئارا، قانمىسۇن قارا،
سىناشقا يارا ھەقنى مىزان قىل.

يىراقنى كۆزلەپ، ھەققانى سۆزلەپ،
كۆڭۈلنى كۆزلەپ، تارىخنى شان قىل!
ئېزىزى چاققان يېڭىنى تۇرۇپ،
ئازاتلىقنى تاپ دىلنى قۇربان قىل!

بىلال ئېزىزى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلاپـ چىلار بىلەن بىللە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى بىلال ئېزىزىنى 1945 - يىلى 9 - ئايدا ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈر-

دى. بىلال ئىزىزى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا، ئىنقىلاۋىي روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن قىممەتلىك ئەدەبىي مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىلال ئىزىزىنىڭ شېئىرلىرى، خەلقنى نادانلىق ئۇيقىسىدىن ئويغىتىپ فېئوداللىققا قارشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ شانلىق خاتىرىسى. شۇنداقلا ئۇ، ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەرنىڭ شانلىق سەمەرىسىدۇر.

### ئون ئۈچىنچى لېكسىيە

# قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

قاسىمجان قەمبىرى (ئىناق) ئىنقىلاۋىي شائىر، دىراماتورگ، ئۇستا چالغۇچى ۋە ئارتىست ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرى ۋە سەھنە سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

قاسىمجان قەمبىرى 1910 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت دېگەن يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتتى. كېيىن ئاتىسى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلبىسى بىلەن روسىيىدە شەكىللەنگەن يېڭى تۇرمۇش قاسىمجان قەمبىرىنى يېڭىلىق ۋە يېڭى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات سەنئەت، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە ئەلنەغمىچىلىك قاتارلىق پائالىيەتلىرى

بىلەن شۇغۇللاندى، مەكتەپ سەھنىلىرىدە قويۇلغان ئويۇنلاردا مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ سەنئەتچىلىك قابىلىيىتى خېلىلا يېتىلىپ، كۆزگە كۆرۈنىشكە باشلىدى.

قاسىمجان قەمبىرى 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. بۇ، مۇدھىش يىللار، جاھالەت ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ قارا تۇمانلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خەلق ئادالەت ۋە مەرىپەتكە تەشنا بولۇپ تۇرغان مەزگىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ چاغلاردا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن دېموكراتىك كۈچلەر ئويغۇنۇپ، ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان مەزگىل ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى شىنجاڭ زېمىنىدا بولۇۋاتقان فېئودالىزىمغا ۋە جاھالەتكە قارشى ئويغىنىشلارنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالدى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى مەڭگۈ جاھالەتتە قالدۇرۇش قارا نىيىتىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. نەتىجىدە خەلقنى مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك ئېتىشكە چاقىرىپ، «ئىناق» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازدى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، خەلقنى مەرىپەت ئىگىلەشكە، ئىناقلىشىپ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئۈندىدى.

1932 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشى ئارقىلىق شىڭشىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىر بېرىشى بىلەن "ئالتە بۈيۈك سىياسەت" نى جاكالىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋەزىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر يۈكسۈلۈشلەر بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى- "ئاقارتىش ئۇيۇشما" لىرىنى قۇردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن غۇلجىدا ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان "ئۇيغۇر ئۇيۇشما" لىرى بىرىنچى بولۇپ "سانائى نەپىسە" (سەنئەت ئۆمىكى) تەشكىللىدى، "سانائى نەپىسە" نىڭ قۇرغۇچىسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئوبدان ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. قاسىمجان بۇ ياخشى پۇرسەتتە پۈتۈن ئىجتىھادى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ يىللاردا شىنجاڭ شارائىتىدا تېخى مەخسۇس ئويۇن قويىدىغان كلۇب، بىر يۈرۈش سەھنە جازىلىرى، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىك سەھنە بۇيۇملىرى يوق ئىدى. مەيلى قەشقەر، مەيلى غۇلجىدا بولسۇن "سانائى نەپىسە" ئويۇن كۆرسەتمەكچى بولسا، خەلق باغچىلىرى، سەيلىگاھلار، شەخسلەرنىڭ قورالىرى ۋە چايخانا (ساماۋارخانا) لاردىن پايدىلىناتتى. سەنئەتچىلەر كىيىملىرىنى باشقىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ

كىلىپ، ئاددىلا سەھنىلەرنى ياسىۋىلىپ ئويۇن كورسەتتى.
ئۇلار قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئوزلىرىنىڭ قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئوزلىرىنىڭ سەھنە سەنئەت تالانتى ۋە تەجرىبىلىرىنى تەدرىجى ئوستۇ-رۇپ، ناخشا - ئۇسۇل ۋە ھەر خىل قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئەلنەغمىلەردىن تەدرىجى ھالدا رەسمىي ئوپېرا، دىراما ئويى-ناشقا كوچتى.

1936 - يىلى قاسىمجان بىر قانچە زىيالىلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك داستانى «غېرىپ - سەنەم» ئا-ساسىدا «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىنى يېزىپ سەھنىلەشتۇر-دى. تالانتلىق شائىر قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئوپېرانى ئىش-لەش جەريانىدا، ئەسلى نۇسخىسىدىن سەھنىلەشتۇرگچە كوپ-لىگەن تېكىستلارنى ئىجادىي تېكىست سۇپىتىدە يېزىپ چىق-تى. ئۇ، بۇ ئوپېراغا دادىل ھالدا رېژىسسورلۇق قىلىپلا قال-ماي، بەلكى ئەسەردىكى باش قەھرىمان غېرىپنىڭ رولىنى ئوزى ئويناپ چىقتى. جەمىيەتتىكى ھەر خىل پىتنە - ئىغۋا-لارغا پەسەنت قىلماي، ئوز ئايالىنى سەنەم رولىغا تەر-بىيلەپ، سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خوراپى كوز قاراشلارغا پەشۋا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتى تارى-خىدا ئاياللار سەھنىگە چىقىپ رول ئېلىپ، ئويۇن كورسى-تىش باشلاندى.

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىغىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ غۇل-جىدا «مىللەتلەر كلۇبى» ياسالغاندىن كېيىن، چوڭ تېپتىكى

يېرلىك سەھنە ئەسەرلىرىمۇ ئوينىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، «نوزۇگۇم»، چەتئەل كومېدىيىلىرىدىن «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق تىياتىرلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە راۋاجلانغانلىقى خەلقنىڭ روھى جەھەتتىن ئويغانغانلىقى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقا زور ئىشتىياق بىلەن ئىنتىلگەنلىكى، يەرلىك خاقان شىڭشىسەينى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستىرتتىن ھەر خىل بوھتانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئىلغار زىيالىلارغا ۋە ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قاسىمجان قەمبىرىمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىندى، دەسلەپ غۇلجىنىڭ كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ تۈرمىلىرىگە سولاندى. ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق تۈرمە ھاياتى، تۈرمىدىكى ئېغىر قىيناش، قىستاش ئازاپلىرى — ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۈستۈن روھنى ۋە ئىنقىلاۋىي كەيپىياتىنى سۇندۇرالمىدى. سوراق قىلىنىش جەريانىدا كوپ قېتىم ئۇرۇلدى، ئېسىلدى، ھەر خىل ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىينالدى. ماڭغىدەك دەرمانى قالمىغان ھالدىمۇ كامېرغا كىرىپلا يەنە ناخشا ئوقۇش، ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى قىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ دەرت - ئازاۋىنى يېنىكلىتىپ، ئۇلارنى چۈشكۈنلۈك، مەيۈسلۈك روھى كەيپىياتىدىن خالى قىلدى. ئۇ، ئىنقىلاپ يولىدا دۇچ كەلگەن مۇشكۇللەرنى پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىغا خاس بولغان يۈكسەك ئۇمىت-

ۋارلق بلەن يەتكدى. ئۇ، شڭشسەي تۈزمىدن بوشۇ-
تلغاندن كېيىن يەنلا نازارەت ئاستدا سەنئەت خزمتى
بلەن شۇغۇللاندى. شۇ ھالدمۇ ئازاتلق ۋە دېموكراتيە
ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى توختاتمدى. ئنقلاۋي مەزمۇنغا
ئگە شېئر ۋە ناخشلارنى يېزىپ ئاھاڭغا سالدى ۋە سەھ-
نلەردە ياڭرتىپ ئنقلاۋي ئدىيەنى تەشۋىق قلدى. ئۇ،
بۇ مەزگلدە «زەينەپكە توھمەت»، «شانلق غەلبە» قاتار-
لق سەھنە ئەسەرلرنى يازدى. ئۇ، تياتىرچلق پائالىيتى
جەريانىدا ئۇرغۇنلغان مۇشكۇللۇكلەر ۋە قىينچلقلارغا دۇچ
كەلدى، ئۇنى يېڭشكە زۇلمەتلك جەمىيەتنڭ خۇراپى
ئدىيە توسالغۇلرنى باتۇرلۇق بلەن بوسۇپ ئۆتۈشكە
ۋە تىل ھاقارەتتن قورقماي نەدۇنە كورسىتشكە توغرا
كەلدى. قاسمجان قەمبەرى بۇ جاھالەت توساقلرى ئالدىدا
ئككلنىپ تۇرماي مەردانلق بلەن كوكرەك كېرىپ چقىپ،
ئۇيغۇر تياتىر سەنئتنڭ يېڭى يولنى ئېچىش ئۈچۈن
كۈرەشتى. ئۈرۈمچىدە «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسنى ئوينى-
غان چاغدا غېرىپ رولنى قاسمجان قەمبەرى، غېرىپنڭ
ئانسنڭ رولنى ئۇنڭ رەپىقسى، ئاتاقلق ئۇسۇلچى
قەمبەرخانم ئېلىپ چقىدۇ. ئوپېرادا غېرىپ باغداتتن سە-
نەمنى ئىزدەپ مېڭش ئالدىدا ئانسغا "خوش ئانا دەي-
دۇ"، ئانسى بولسا غېرىپقا "خوش بالام" دەيدۇ. مانا
بۇ ئوپېرادكى ئوبرازلارنڭ دىالوگى بولۇپ، بۇ قاسمجان
قەمبەرنڭ شەخسى ئائلە تۇرمۇشى بلەن مۇناسىۋەتسز

ئىدى. ۋاھالەنكى جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچىلەر بىر ئوچۇم فېئودال كۈچلەرگە يەل بېرىپ: «ئىككىلىك ئەر - خوتۇن تۇرۇپ "خوش ئانا، خوش بالام، دېيىشتىلىك، بۇ شەرىئەتكە خىلاپ ئىش. ئىككىلىك نىكادىن ئاجراشتىلىك" دەپ ئۇلارنى "شەرىئەت قائىدىسى" بويىچە ئۈچ كۈنلۈك نىكادىن مەھرۇم قىلىپ بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ ھەم قاسىمجان قەمبىرىنى دەررە بىلەن ئۇرۇپ جازالاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈلسىزلىك سېلىپ، خىزمىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل تەھدىت، زەربىلەرمۇ بۇ قەيسەر مەدەنىيەت جەڭچىسىنى روھسىزلاندۇرالمىدى، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. ئۇ، بۇ خىل مەسىلىلەرگە ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەردە قاراپ، ئاڭلىق تونۇغاچقا، تېخىمۇ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، ياش سەنئەت قوشۇنىنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

بۇ دەۋردە شىنجاڭدا تېخى ھەر خىل نوتىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەش قاناتيايمىغان ئىدى. كىشىلەر ئۇچۇن بۇ بىر خىل سىردەك تۇيۇلاتتى. قاسىمجان قەمبىرى مانا شۇ دەۋردىن باشلاپلا سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا نوتا ئۆگىنىشنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۆگەتتى.

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى نوپۇزى ۋە ھۆرمىتىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چىشىغا تەگدى. شۇڭا، ئۇلار "غەيرى ئۇسۇل"دىن بىرنى ياساپ چىقىپ، بۇ سەنئەتكارنى "جىرىمانە ئالغان قەرزنى تۆلىمىدىلىك ۋە خىيانەت قىلدىلىك" دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ،

قايتىدىن تۇرمىگە قامىدى. تۇرمىدە ئۇنى ھاجەتخانا تازى-
لاشتەك مەينەت ئىشلارغا سېلىپ، ئۇنىڭ خەلق ئى-
چىدىكى بۈيۈك ئىناۋەت، ئابرويىنى چۈشەرمەكچى بولدى.
بۇنداق رەزىل قىلمىشلارمۇ خەلقپەرۋەر سەنئەتكارنىڭ شان-
شوھرىتى، ئىناۋىتىگە قىلچە دەخلى يەتكۈزەلمىدى. ئەكسىچە
خەلقنىڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرگە بولغان نەپرىتى ئۇلغى-
يىپ، قاسىمجان قەمبەرگە بولغان مۇھەببىتى ئاشتى. ئاخى-
رى ئۇنى خەلق تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاپ-
زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقى
نى ئاتلانغاندا قاسىمجان قەمبەرمۇ 1944 - يىلى 3 - ئاي-
دا ئاق تېررورلۇق قاپلىغان گومىنداڭ رايونىدى-
كى قامال ۋە تۇزاقلاردىن پەخەسلىك بىلەن ئۆتۈپ، ئۈچ
ۋىلايەتكە باردى. ئۇ يەردە مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە،
خەلق سوتى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىپ ئىشلىدى.

1945 - يىلى قاسىمجان قەمبەرى ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلاۋىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېۋەتىلگەن
كىچىك پارتىزان ئەترىتىگە باشلامچىلىق قىلىپ، جەنۇبىي شىن-
جاڭغا باردى. بۇ پارتىزان ئەترىتى مۇز داۋاندىن ھال-
قىپ ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن تەبىئەتنىڭ قەھرىتان قىشتىكى
ھۇجۇملىرىنى يەڭسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىدىن نەچچە
ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان مۇنتىزىملاشقان گومىنداڭ

ئارمىيىسى بىلەن ئېلىشىپ، باي ناھىيىسىنى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازات قىلدى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا "11 ماددىلىق بىتىم" تۈزۈلگەندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بولدى. بۇ دەۋردە ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جىددى ۋە ئۈتكۈر سىياسى كۈرەشلەر ئېلىپ باردى.

1947 - يىلى 21 - ئىيوندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۈمىتى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تۈزگەن "11 ماددىلىق بىتىم"نى يىرتىپ تاشلاپ، قاسىمجان قەمبىرى باشلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلاپچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ، تۈرمىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۈزەل تاڭغا، ئازاتلىق - ھۆرلۈككە بولغان تەشنالىقىنى ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئىشەنچىنى مۇنداپ يازدى:

يار سالام قىلدى ماڭا
ئوكزىدە ئوز ئويىدە.
ئاي يۈزىنى چالا كوردۇم
چۈنكى ئۇ، دېرىزىدە.

ئوك قولى بىرلە ئىشارەت...
قىلدى قولىدا ئۈزۈك،
توختىغىن دەپ ئەمر قىلدى،
ئۈنلىرى ئاندىن تۈزۈك.

مىنىڭ مۇشەققەت بىللە مەن
بولسام مۇيەسسەر ئۆزىگە؛
توختىماي مۇمكىن بولۇرمۇ
دىلدىن ئېيتقان سۆزىگە.

باشقا دەرت يەتمەسمىدى،
باشىمغا چۈشتى يەنە غەم.
كۆزۈڭنى تەكرار كۆرەي،
بولمىسۇن ماڭا ئەلەم.

باشقىلاردەك بىۋاپا
بولما جېنىم ئەسلا سەن ھەم.
بەس، ئىناق بىر توختۇۋالغىن،
سايرىسۇن سۆيگرە قەلەم.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ جان تالىشىۋاتقان، شىنجاڭ رايونى بولسا، ئازات بولۇشقا ئازلا قالغان پەيتتە، قاسىمجان قەمبىرى باشلىق ئىنقىلابچىلار تۈرمىدىن بوشىتىلدى. قاسىمجان قەمبىرى ئەكسىيەتچىلەر تازا غالجىرلاشقان، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان جاپالىق يىللاردا بىر ئىلغار ئەدىبىياتچىدىن قەيسەر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىلدى. ئەشۇ يىللاردا ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ خەلقنىڭ قايغۇسى، خۇشاللىقى بىلەن قوشۇلۇپ، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولدى. قەلبىدە خەلققە بولغان مۇھەببىتى يالقۇنلاپ ياندى، غايىسى تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئو-

زىنىڭ سەنئەت بىلەن، سەنئەتكە تەشنا خەلقى بىلەن بىر تەن بىر جان ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلغان ئىدى:

مەن دۇتار بىرلە تۇغۇشقان بىر غېرىپ دىۋانىمەن،
ئول تۇغۇشقانىم بىلەن بىر ئوتتا دائىم يانىمەن.
مەن دۇتارنىڭ پەردىسىگە بېكىنىپ چالسام ئەگەر،
پەرىلەرنىڭ ھەر بىرى بەرگەي تۈمەن غەمدىن خەۋەر.
يوق ئىشىم ھاكىم، ئەمەلدار، شاھى - خاقانلار بىلەن،
بىرگىمدۇرمەن دائىما غەم - دەردى بولغانلار بىلەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولدى. 1954 - يىلدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېپوتاتى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ج، ك، پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت مىراسى بولغان 12 مۇقامنى رەتلەش، لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىدا تۈرتكىلىك ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سادىق پەرزەندى ۋە تالانتلىق سەنئەتكارى قاسىمجان قەمبىرى كۆپ يىللىق كۈرەش تۇرمۇشى

جەرياندا ئازاپلىنىپ يۈرەك كېسەلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى. شۇ كېسەل بىلەن 1956 - يىلى 3 - مارتتا قەشقەردە 46 يېشىدا، جىق ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ۋاقىتسىز ۋاپات بولدى. بىز ئۇنىڭ تىرىشچان، چىدامىلىق، جۇشقۇن ۋە پىداكارلىق روھىدىن ئۆگىنىپ، سەنئەت بېغىدا يېڭى - يېڭى، رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

ئون تۆتىنچى لېكسىيە

# نىمشېھىت ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى

نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 - يىلى باي ناھىيىسىدىكى سايرام يېزىسىنىڭ "تېزەك قاغا" مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىلاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

نىمشېھىت ئۆز يېزىسىدىكى كونا مەكتەپتە ساۋات چىقاردى. 1920 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە باي ۋە كۇچاردىكى مەدرىسىلەردە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى ئاتاغلىق خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇدى. ئۇ، كلاسسىك شائىرلاردىن ناۋايى، سەككاكى، لۇتپى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، نوبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش ۋە ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى.

نىمشېھىتنىڭ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلى، قەشقەردە ئىنگلىز ۋە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ بىراخما دىنىنى تەرغىپ قىلىۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، بۇ ئەمدىلا كۆزى

ئېچىلىپ كېلىۋاتقان زېرەك نىم شېھىتقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ، قانداق قىلىپ بولسۇن بۇ سىياسىي غەرەزدىكى يالغان دىنىي تەشۋىقاتقا پەشۋا بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت سەھنىسىگە كوكرەك كېرىپ چىقىپ، بۇ ئېقىمغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. ئەنە شۇندىن كې- يىنلا ئۇ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ، ئەشۇ مەز- گىللەردە «مادار ئەزىم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىر- لار توپلىمى ۋە «ئەنۋەر ۋەلھۇدا» (توغرا يول نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىسىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كورۈش- تۈردى. ئۇ، بۇ ئەسەرلىرىدە شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇ- زۇمنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى خېلى چوڭقۇر پاش قىلدى.

1933 - يىلى قەشقەردە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەك- سىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ چىقتى. نىم شېھىت بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ يار- دار بولدى. شۇ چاغدىن باشلاپ شائىرغا «نىم شېھىت» دې- گەن سوز ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ سىڭىپ قالدى. شائىر- نىڭ 1933 - يىلى 8 - ئايدا يازغان «ئومۇر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرى مانا شۇ جەڭنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى.

30 - يىللار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ماركس- زىم - لېنىنىزىم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يولۇنۇش- سىياسەتلىرى بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇشقا باشلىغان يىللار بولدى. ئىلغار ئىدىيىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان نىم شې- ھىت ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئوز

ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى.

ئىم شېھىت 1935 - يىلى ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، 1945 - يىلغىچە «ئاقسۇ گېزىتى»دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. بۇ يىللاردا ئاقسۇغا سۈرگۈن ئورنىدا ئەۋەتىلگەن شائىر ل. مۇتەللىپ، بىلال ئېزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇردى. 1945 - يىلى ئاقسۇغا چۈشكەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەركىزى ئىلىغا چىقىپ كەتتى. ئىلىدا 1950 - يىلغىچە تەشۋىقات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلدى. شائىرنىڭ شېئىر، ھېكايە، ماقال، مەسەل داستانلىرى ئۈچ ۋىلايەتتىكى گېزىت - ژورناللارغا ئۈزۈلمەي بېسىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇردى.

شائىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە دېموكراتىك ھەركەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى. شائىر 1956 - يىلى جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ چەتئەلگە چىقىپ، ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولدى.

ئىم شېھىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» جەريانىدا لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

شائىر ئىم شېھىت دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە

دەۋرنىڭ تەلىۋىگە دەل ۋاقتىدا ياخشى جاۋاپ بەرگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى: «بۈيۈك جۇڭگو»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ئالدىدا»، «خىيانەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «ئويغان»، «قەۋرىدىن ئاۋاز» قاتارلىق مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر. شائىر 1942 - يىلى يازغان «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىنى ئالغا سۈردى. شائىر بۇ شېئىرىدا:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار، پايانسىز ئورمان،
باغلىرىڭ بار،
تۈرلۈك مەدەن - نېفىت، كومۇر، ھېچ تۈگىمەس
بايلىقىڭ بار،
يەرشارىنى تويغۇزغىدەك كەڭرى، مۇنبەت تۈپرىقىڭ بار.

دەپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بايلىقى، گۈزەللىكىنى زوق-شوق بىلەن كۈيلەپ، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانسا، كېيىنكى كوبلېتلىرىدا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنىڭ قان دەرياسىغا ئايلانغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكى ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى:

سۇندۇرالماس كۈچىمىزنى شەرقنىڭ ياۋۇز چايانلىرى،
تىز چۆكمەيمىز قانچە بولسا زەھەر لەشكەر ئىلانلىرى،

تېخى مەھكەم بىرلەشتۈردى بىزنى ئۇنىڭ زىيانلىرى،
چوقۇم يېڭىمىز، بىردە ئۇلۇغ خەلق كۈچى - يۆلەنچى بار.

دېگەن جەڭگىۋار مىسرالىرىدا فاشىزىمنىڭ جەزمەن ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى، قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئېلىگە تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلىرىنى چوقۇم تار - مار قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئالا جاكالىدى. جاھانگىرلارنىڭ ئۇرۇشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە زور ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ؛ ئىم شېھىت يەنە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە يۆلىنىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت ياغدۇرغان ئەكسىيەتچى فېئودالللار سىنىپىغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلدى. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىدى.

1945 - يىلى غۇلجىدا يازغان «ئېلىمگە ئاۋازىم» دېگەن شېئىرىدا، گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىقى، زومىگەرلىكى ۋە چىل بۆرىدەك تەبىئىتى رەزىل ئەمەلىيەت ئارقىلىق پاش قىلىندى، ئۇ، دەرغەزەپ بىلەن شۇنداق دەيدۇ:

يىگۈزمەي تارتىۋالغان پۇل ۋە ماللارزادى كىمنىڭكى؟...
ۋە يا ئەمگەك بىلەن تاپقانمۇ گومىنداڭ ئىپلاسى!
زۇلۇمنىڭ قامچىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆتەرگەن يوق،
بۇ سوزنىڭ ھەقلىقىغا شاھىدىم ئىنسانى دۇنياسى.

شائىر خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، ۋەتەننىڭ ئازاتلىقىنى پەقەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ، قوز-

ئۆلۈپ چىقىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلى-
غاندىلا ئاندىن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ:

قورال تۇتماي، كۈرەش قىلماي، پەقەت ئەركىن ياشالمايمەن،
جاھان بازاردا شۇنداقلا ئازاتلىقنىڭ سوداسى.

دەيدۇ. روشەنكى، شائىر بۇ يەردە ئىنقىلاپتا پەقەت قوراللىق
كۈرەش ئارقىلىقلا ئازاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن
ماركسىزىم - لېنىنىزىمچە توغرا پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.
ئۇ، مانا شۇ ئىدىيە ئاساسىدا خەلقنى ئىنقىلاۋىي ھوشيار-
لىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ، دۈشمەننىڭ ھەر خىل
نەيرەڭلىرى، سۈلھى - تەنپەنلىرىگە ئالدانماسلىقنى، بۇ ھايات-
ماماتلىق كۈرەشتىن تايماسلىقنى، ئۈزۈل - كېسىل، ۋە ئاداق-
قىچە جەڭ قىلىپ زۇلمەتلىك دۇنيا، ئادالەتسىز ھۆكۈمران-
لىقنى ئاغدۇرۇشقا چاقىرىدۇ:

ئۇ بەدبەخلەرنى ئىنساپقا كېلۇر دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كۈرەش قىلماق بۇ كۈندە بولدى ھەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.
دىلىڭغا ئەسلا ئۇقسان يەتمىسۇن تۈرلۈك گۇمانلاردىن،
گۈلۈڭنى سولدۇرمىسۇن ھەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى.

نىم شېھىت بۇ مەزگىل ئىچىدە يالغۇز ۋەتەنپەرۋەر-
لىك، ئىجتىمائى ئازاتلىق تېمىسىدىلا ئەمەس يېزىپ قالماي،
ئىلىم - پەن، مەرىپەت ئۆگىنىش توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ
شېئىرلار يازدى. نادان خەلقنى ئىلىم - پەن ئىگەللەشكە

چاقىردى. 1936 - يىلى 2 - ئايدا يازغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن مەشھۇر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

جاھان رەنالىرى ئىچىدە بىلىمدەك ھېچ گۈزەل يار يوق.
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق،
قارا - قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن
يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار
يوق.

بۇ شېئىردا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن، كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقىقەتنى — پۇلغا، مۇھەببەتكە بېرىلگەن نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىلىمگە بېرىلگەننىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى جانلىق كەۋدىلەندۈرۈپ، بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئىلىم - پەن ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى: نىم شېھىتنىڭ بۇ دەۋردە يازغان شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋىلىكى خېلىلا ئىلغار، بەدىئىلىك جەھەتتە مۇكەممەل بولۇپ، خەلقنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاشتا، ئۇلارنى ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىگە جەزمەن ئىشىنىپ كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا تەربىيىلەشتە مۇھىم ۋە ئاكتىپ رول ئوينىدى. نىم شېھىت خەلق بىلەن ئىدىيىۋى ھېسىياتتا، ئارزۇ - تىلەكتە،

كۆرەشتە باشلامچى بولۇپ، خەلقنىڭ ھايات - ماماتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان جىددىي، ئېھتىياجلىق مەزمۇنلارنى يۈكسەك ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭا ئۇ، بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچىغا ۋە يۈكسەك ئىنقىلاۋى ئىدىيە بىلەن چىنىققان ئىنقىلاپچىغا ئايلاندى. چوڭقۇر ئىنقىلاۋى مەزمۇن، يارقىن ئىدىيىنى ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات ۋە گۈزەل تىلى، لىرىك ئۇسلۇبى بىلەن رىئال تۇرمۇشنىڭ كونكرېت، جانلىق ۋەقە - ھادىسىلىرىگە باغلاپ، ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈردى ۋە مۇشۇ دەۋردىكى ئىنقىلاپنىڭ مەزمۇنى، دەۋرنىڭ روھى، خەلقنىڭ باتۇرانىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلارغا، ئەكسىيەتچىلەرگە، تەسلىمچىلەرگە قارشى كۆرەش ئىچىدىكى سىماسىنى ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تېپىكلەشتۈرۈپ سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ بەردى.

نىمشېھىت ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ھالدا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نىمشېھىت ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە مول ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەر بىر ئىنقىلاۋى دەۋر تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ماھىرلىق بىلەن قوللاندى ۋە راۋاجلاندۇردى.

كلاسسىك شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ مۇڭ-

زارى، ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، كەلگۈسىگە
بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ-
دەك زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى، ۋەھشىلىكلى-
رىنى پاش قىلغان ئىدى. شۇ يول بىلەن ئازاپ - ئوقۇ-
بەت دېڭىزى ئىچىدىكى خەلققە ھېسداشلىق، ھەمنەپەسلىك
قىلغان. ئەمما ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ ئازاپ - ئوقۇبەت دېڭىزىدىن
قانداق قۇتۇلۇش، ئارزۇ - ئارمىنىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش يول-
نى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. ھەر خىل تارىخى، سىياسى چەكلىمىلەر
تۈپەيلىدىن كۆرسىتىپمۇ بېرەلمەيتتى. نىمشېھىت خۇددى كلاسسىك
شائىرلارغا ئوخشاش خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش
بولدى. خەلقنىڭ ئۈستىدىن تاغدەك بېسىپ تۇرغان ئەزگۈ-
چى سىنىپلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى غەزەپ
بىلەن پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنى ماركسىزم-
لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان ئىنقىلاۋى پارتىيىنىڭ رەھبەر-
لىگىدە ئۇيۇشۇپ ۋە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت،
بىر مەقسەتكە كېلىپ، مورىنى - مورىگە تىرەپ كۆرەش قىلىشقا،
كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشكە
ئىلھاملاندۇردى.

كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ-
نى ئۆز يۇرتىنى، يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تەسۋىر-
لەش، مەشۇقىنى سېغىنىش، ۋەتەننى قوغداپ، ئەلگە ئاسا-
يىشلىق تىلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنى تەسۋىرلەش بىلەن
ئىپادىلىگەن ئىدى. شائىر نىمشېھىت بولسا، بۇ خىل ئىدىي-

يۈسۈپ مەزمۇننى رىساللىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى، سۆيگۈ ھېسسىياتىنى، سېغىنىشى ۋە قەدىرلىشىنى ئۆز شېئىرلىرىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرگە ئۆزى بىۋاستە قورال ئېلىپ قاتناشتى. جانپىدالىق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈردى.

نەمشىبھەت يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تېما — بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدرەككە ئىگە بولۇش، نادانلىقنى تەرك ئەيلەش، بىلىملەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەرىپەت ئىگەللەش، بىلىم ئېلىش ئارقىلىق قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە بولۇپ، مەۋجۇت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى كۆمپەيكوم قىلىپ پاچاقلاپ تاشلاپ، يېپ - يېڭى دۇنيا يارىتىش ئىدىيىسىنى، كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى.

داستانچىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتىمۇ قەدىم زامانلاردا پەيدا بولغان بىر خىل شەكىل. نەمشىبھەت داستانچىلىقتىن ئىبارەت شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ چوڭ تۈرىدىمۇ ئەسەرلەر يېزىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شائىرنىڭ خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن يازغان دەملىك ئۆي

ۋە پەرھادى - شىرىن» ناملىق داستانى يالغۇز شېئىرىيەت سەھەپىسىدىلا زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

داستاندا مىڭ ئۆي توغرىسىدا يەرلىك خەلق ئارىسىدا تارىلىپ يۈرگەن ھەر خىل ئەپسانە، راۋايەت ۋە قىياسلارنى ئاساس قىلىپ، پەرھاتنىڭ خوتەنلىك، شىرىننىڭ كۇچارلىق ئىكەنلىكى، مىڭ ئۆينى پەرھات ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى قېزىپ، تامىرىغا زىننەت بەرگەنلىكىنى زور ماھارەت ۋە چېرايلىق بەدىئىي تىل بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شائىر راۋايەتلەردىن رىياللىقتا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ھېكايىنى تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

نىمشېھىت ئۆز شېئىرلىرىنى كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئارۇز ۋەزنى ھەم خەلق قوشاقلىرىنىڭ بارماق ۋەزنى شەكلى بىلەن يازدى. كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغىنى: نىمشېھىت ئارۇز شەكلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئۇستىل بىلەن تېخىمۇ جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ شېئىر ئۇسلۇبى ئىدىيىسىنىڭ روشەن ۋە چوڭقۇرلىقى، بەدىئىي تىلىنىڭ ئويناق ۋە رەڭدارلىقى، شېئىرىي رىتىمىنىڭ راۋانلىقى ۋە جۇشقۇنلۇقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، ئۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىر نىمشېھىت بولسا ئۆز ئىدىيىسىنى رىئال تۇرمۇش مەزمۇنىغا باي بولغان كورۇنۇشتە،

كونكرېت دېتاللاردا ناھايىتى ھاياجانلىق ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ تەقلىد قىلىش، ئۆگىنىش، سىڭدۈرۈش ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا بەدىئىي كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەپ يازغان «ئەسلەيمەن» دېگەن شېئىرىدا بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. شائىر ئۆزىنىڭ مۇتەللىپنى ئەسلىشىنى ئادەتتىكى مەۋھۇم سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن ياكى تولىمۇ ئاددىي سۆزلەر بىلەن تۈزلا ئېيتماي، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئوخشىتىش، سوئال، جانلاندۇرۇش ۋە قىلىقلاندۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئوبرازلىق، جەلىپ قىلارلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. قاراڭلار:

ھايات بېغىدا سەيىر ئەتكەندە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن،
قىزىلگۈل خۇشپۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن،
چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلنى ئەسلەيمەن،
باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چېۋەر ئوغۇزلىنى ئەسلەيمەن.

ئۇ، شۇنداق بىر گۈلكى غۇنچە دەۋرانىغا يەتكەندە،
ئېچىلماققا سەنەمنىڭ ئارزىدەك تەبەسسۇم ئەتكەندە،
تومەن جانلار تەلمۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆزىنى تىككەندە،
غەزەپ بىرلە ئۇنى ئۈزگەن زەھەرلىك قولنى ئەسلەيمەن.

نىمشېھىت ئىنقىلاۋىي قۇربان ل. مۇتەللىپنى يېڭىدىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىل گۈلگە، قىزىل گۈلنىڭ

ئىچىلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا تېنىمسىزلىق بىلەن سايرىغان بۇلبۇلغا، كۈرەش بەيگىسىدە ئوزۇپ چىققان دۇلدۇلغا.... ئوخشىتىپ، خۇددى ئۇستا رەسسامدەك، ياش تالانتلىق شائىرنىڭ مەردانە قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئېغىز تىلى، ماقال - تەمسىللىرى، ئوبرازلىق سوزلىرىدىن ئوز ئەسىرىگە سىڭدۈرگەن مەركىزى ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ ئۇنى ئوستىلىق بىلەن ئوز ئورنىغا چۈشۈرۈپ قوللىنىپ، شېئىرلىرىنىڭ تەسىرچانلىقىنى، ئاھاڭدارلىقىنى ۋە يېقىملىقلىغىنى كۈچەيتتى.

قاپىيە - شېئىري ئەسەرلەرنىڭ رىتىمى، مۇزىكىلىقى، ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، چۈشىنىۋېلىشقا، يادلاپ ئېلىشقا، دېكلاماتسىيە قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىمشىھەت جۈپ قاپىيە، ئاراش قاپىيە، ئىچ قاپىيە، تۇتاش قاپىيە، ئالماش قاپىيە، سەكرەتمە قاپىيە، ئاچ قاپىيە قاتارلىق قاپىيە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بىمالال پايدىلىنىدۇ.

ئىمشىھەت ئىجادىيىتىدىكى خاراكتېرلىك بەدىئي خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى، ئۇنىڭ بەدىئي تەسەۋۋۇر، پانتازىيە ۋە مۇبالىغە بايلىغىدا كورىلىدۇ. ئەگەر شائىر رىئال تۇرمۇشتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن تەشكىللەشتۇرمەي، ئوبرازلاشتۇرماي ئوز پېتىچە قەغەزگە كوچۇرۇپ قويۇپ "تۇرمۇشنى ئىپادىلىدىم" دەپ ھېسابلىسا، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ

پىكرى، ھەياتى تۇرمۇش بىلەن ژۇغۇرۇلمىغان ۋە بىرىك تۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇ شېئىر ئەمەس بىر نەرسە بولۇپ چى- قىدۇ. مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر شېئىرنى تېخىمۇ ھەققىي، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە گۈزەل قىلىدۇ. مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، نىم شېھىت ناھايىتى ئۈستۈن بەدىئىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە تالانتلىق شائىر. 1947 - يىلى يازغان «قەۋرىدىن ئاۋاز» دېگەن شېئىرى مانا مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرگە تولغان.

نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ئىنقىلاۋىلىق شائىر- نىڭ جەڭگىۋار روھى، يۈكسەك سىياسىي ئىزغىنلىقى، خەلق- پەرۋەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ، دەۋرنىڭ ھاياتى، خەلق- نىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزىگە خاس بولغان ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن مۇكەممەل ئىپادىلەپ كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى- دىكى ھېسسىيات خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھېسسىياتىغا ۋە- كىللىك قىلالىدى.

دېمەك، نىمشېھىت ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك قاراش- لىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسى، غايىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى بېيىتقان ۋە ئۇنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتەرگەن تالانتلىق ئەدىپ ۋە داڭ- لىق شائىردۇر.

ئون بەشىنچى لېكسىيە

# شىنجاڭنىڭ 40 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەھۋالى

40 - يىللار خەلقارا ۋەزىيەتتە ناھايىتى جىددىي ۋە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرى بولدى.

1940 - يىلى جاھان فاشىستلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئاچكۆز گىتلېر گېرمانىيىسى بىراقلا ياۋروپانىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋەتتى؛ ئىتالىيە بىلەن ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى تۈزۈپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشىۋالماقچى بولۇشتى؛ 1941 - يىلى 6 - ئايدا گېرمانىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىردى؛ دۇنيا خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى، تەڭداشسىز جاپالىق يىللارنى باشتىن كەچۈردى. ئىنسانىيەت فاشىزمغا قۇل بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. سوۋېت قىزىل ئار-

مىيىسى تېخى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتمىگەچ، گېنېرال گېرما-
نىيىسى تولىمۇ كورەڭلەپ لېنىنگراد، موسكۋا ۋە ستالىن-
گرادقا ھۇجۇم قىلىپ، ۋاقىتلىق ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىدى.
ياپون جاھانگىرلىكى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوز-
غاشنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭگونى يۇتۇۋېتىشنى خام خى-
يال قىلىپ، جۇڭگونى ئۆزىنىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى
كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر تە-
رەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تەسلىم قىلدۇرۇش ھەرىكىتىنى
داۋاملىق چىڭ تۇتتى، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگوغا ھۇ-
جۇم قىلغۇچى ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن بارلىق قورچاق
ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئازات رايونلارغا ئارقىمۇ - ئارقا
"تازىلاش" ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دەھشەتلىك "ئۈچ تۈ-
گىتىش" سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. جۇڭگودا چوڭ پومىشچىك
چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جىياڭ-
جيېشى بولسا ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىر بۈرۈن-
دىن نەپەس ئېلىپ، بىچارە قىياپەتكە چۈشۈپ قېلىپ، يا-
پونىيىگە پاسسىپ قارشى تۇرۇشتىن كوممۇنىستلار پارتىيى-
سىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇشقا ئۆزگىرىپ، نەچچە ئون مى-
ڭون ئەسكەر ئەۋەتىپ، قورچاق ئەسكەرلەر ماسلىشىپ، ئا-
زات رايونلارنى قورشاپ ۋە قامال قىلىپ، كوممۇنىستلار
پارتىيىسىگە قارشى ئارقا - ئارقىدىن دولقۇن كۆتۈرۈپ،
جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنى لەرزىگە سالغان "ۋەنەن ۋەقەسى"
نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1942 - يىلدىن كېيىن دولىتىمىز ئىچىدىكى سىنىپىي كۆرەش ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دۈشمەنگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەسلىم بولۇپ، ۋەتەن سېتىش ھەركىتى بىلەن نومۇسسىزلارچە شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە تارىخنى بۇرمىلاپ كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە، خەلققە قارشى ئىزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. 1943 - يىلى جياڭجيېشى كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قارشى ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇن قوتۇرۇپ، ئىنتېرناتسىونالنىڭ تارقالغانلىقىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىشپىيونلارغا "ئامما" دىگەن قالپاقنى كەيدۈرۈپ، "كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىمىز"، "شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز" دەپ داۋراڭ سېلىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان ئەسكەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ، "يەنئەنگە چاقماق تېزلىگىدە ھۇجۇم قىلماقچى" بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى. جياڭجيېشى قانلىق پاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ دېموكراتىك ھەركەتنى باستۇردى. ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئىلغار ئەدەبىيات ھەركىتىنى بۇزغۇنچىلىق، توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىتىپ ۋەيران قىلدى. ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالىلار، مائارىپچىلار، ئەدىبىيات - سەنئەتچىلەر، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئۆزلۈكسىز باستۇردى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللاندى.

شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى سىياسى ۋەزىيىتىمۇ، گومىنـ

دىكى ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى.

قارا نىيەت، ساختىپەز شېڭ شىسەي، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 12 يىل مابەينىدە، دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىش نىقابىنى قوللاندى. 1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22- كۈنى گېرمان فاشىستلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جىنايى قىلمىشىنى غالجىرلىق بىلەن كېڭەيتىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكىرى قىسىملىرىغا قاراپ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. موسكۋا جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغان، شۇنداقلا جىنجوگاڭ پۇرتى ۋەقەسى پارتىلاپ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان، چۇڭ-چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىدىن چوڭ ئۈمىت بولىۋاتقان چاغدا، شېڭ-شىسەي يۈزىگە تارتىۋالغان ماركسىزملىق يالغان نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، يىرگىنىشلىك، ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ، قىپ - يالىڭاچ ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ماركسىزمدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى مەتبۇئاتتا ئوچۇق ئېلان قىلدى. ھەمدە ماركسىزمغا ئېتىقات قىلغۇچى ھەر مىللەت شىنجاڭ ياشلىرىدىن بۇ يولدىن قايتىپ، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، قارا يۈزلۈك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىقتى. شۇندىن كېيىن جياڭجيېشىنىڭ بۇ مۇستەبىت خاقانىنى قول-

غا كەلتۈرۈش خىزمىتى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى. 1942 -
يىلى ئەتىيازدا جياڭجېيشىنىڭ ئىشەنچلىك ئەربابى جۇشياۋ-
لياڭ چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭشىسەي بىلەن يۈزمۇ-
يۈز سۆزلەشتى. جۇشياۋلياڭ ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ قويۇپ،
چۇڭچىڭگە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋاللارنى خوجايىنىغا دوكلات
قىلدى. جۇشياۋلياڭ بىر نەچچە قېتىم قاتراپ يۈرۈپ شىن-
جاڭدىكى ئەھۋالنى خوجايىنى جياڭجېيشىگە دوكلات قىلغاندىن
كېيىن جياڭجېيشى شېڭشىسەينى 8 - چەك رايونىنىڭ مائاۋىن
قوماندانى دەپ ئېلان قىلدى. شېڭشىسەي بۇ قوماندانلىقنى
باركاللا بىلەن قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتت-
تىپاقىغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قارشى
تۇرۇش، جياڭجېيشىگە يېقىنلىشىش سۈيقەستلىرى ئاشكارىلاندى.

شېڭشىسەي شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا
كەلگەن نارازىلىق ۋە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوزغىلىشلى-
رىنى ئويلاپ، بۇ مۇرەككەپلەشكەن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇ-
رۇشنىڭ قىيىنلىقىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ ۋەزىيەت-
نى ئوڭشايمەن دەپ موللاق ئېتىپ چۈشكەندىن كورە، شىن-
جاڭ ھاكىمىيىتىنى مەركەزنىڭ چوڭ ئەمەلىگە تېگىشكىنىم تۇ-
زۇك دىگەن يەرگە كەلدى - دە، "شىنجاڭنى ۋە 50 مىڭ سەر
ئالتۇننى سوغا قىلىپ بىر مىنىستىرلىك ئورنىغا ئېرىشىش-
نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياڭجېيشىمۇ ھەر قايسى
تەرەپلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈشىگە قارىماي، بۇ

مۇددىئىنى قىلىشقا قوشۇلدى"①. "سۇڭمېيلىڭ شېڭشىسەيگە
جياڭجيېشى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئالاقىنى تاپشۇر-
دى. بۇ ئالاقىدا شېڭشىسەيگە دىخانچىلىق - ئورمانچىلىق
مىنىستىرلىكىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قى-
لىشقا ۋەدە قىلىنغان ئىدى"② سۇڭمېيلىڭ شىنجاڭغا كې-
لىشتىن خېلى بۇرۇنلا شېڭشىسەينىڭ جاللاتلىق ھەركەتلى-
رى باشلىنىپ، شۇ ئارقىلىق جياڭجيېشىگە قەلبىنىڭ سا-
دىقلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. سۇڭمېيلىڭ، ۋۇجۇڭ-
شىنلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، جۇشياۋلياڭنىڭ بىر نەچ-
چە قېتىملىق قاتناشلىرى، شېڭشىسەينىڭ ئىنقىلاپقا، ئىنقى-
لاۋچى خەلققە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، قارا
نىيىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇپ، ۋەھشىلىك، ياۋۇزلۇقتا
ھەددىدىن ئېشىشىغا زور مەدەت بولدى. سوۋېت ئىتتىپاق-
غا، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، جياڭ-
جيېشى بىلەن يېقىنلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىپ،
ئالدى بىلەن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپا-
قى كومپارتىيە ئەزالىرىغا (بۇلارنىڭ كوپ قىسمى مەسلى-
ھەتچى ئىدى) "تىروتسكىچى دەپ تۆھمەت قىلىپ، قايتىپ
كېتىشكە مەجبۇرلىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى شىنجاڭ-

---

① زېڭشياۋلۇ: «ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمران-
لىق قىلىش جەريانى» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»
(1) 161- بەت).

② يۇقۇرقى ماتېرىيال 158 -بەت.

دا خىزمەت ئىشلەشكە ئۈۋەتكەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئە-
زالىرى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100
دىن ئارتۇق ئادەمنى ھەتتا پارتىيە سىرتىدىكى مەشھۇر
زات دۇڭ جۇڭيۈەن ئەپەندىنىمۇ "ۋەتەن ساتقۇچ جاسۇس"
دەپ بەدنام بىلەن يوقاتتى؛ شىڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شىڭ-
شىچى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە ئونۋېرسىتېتىنى پۈت-
تۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ
ئىشلەۋاتاتتى. شىڭ شىسەي ئۇنىمۇ ئۇزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جېيشىگە يېقىنلىشىش سىياسىتىگە پاي-
دىسىز دەپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇ، پاشىستىك دىكتاتۇرىسىنى تېخىمۇ
كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى دىگىدەك قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلاپ ئاراپلىدى.
شىڭ شىسەي "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇپ ئۆت-
كەن" ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور تۈركۈمدىكى مۇتە-
خەسسىلەرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ، شۇنىڭدەك جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتچى خادىملى-
رىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت
ياشلىرى ۋە زىيالىلىرى ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئىگە
بولغان ئىدى. شىڭ شىسەي مانا مۇشۇ زور تۈركۈمدىكى
ياش كۈچلەرنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تەقىپ ئاستىغا ئالدى.
ئۇزىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەت، يامان نىيەت، رەزىل
ئۇقتىمىنەزىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ماركس، ئېن-
گېلس، لېنىن ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىلغار ئىدىيە-

لەرنى ۋە كوممۇنىزملىق ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب - ژۇرناللار، گېزىت ۋە رەسىملەرنى مۇسادىرە قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىدا كۆيدۈردى؛ مۇھىم تەشۋىقات ئورۇنلىرىنى قايتىدىن تەشكىللىدى، ياكى ئۇ جايلارغا ئۆزىگە سادىق ئادەملىرىنى سەپلىدى. شىڭشىسەي "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغان" مەزگىللەردە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرى «تاس» ۋە «شىنخۇاشې» دىن قوبۇل قىلىناتتى، شىڭشىسەي جىياڭجيېشىغە تەسلىم بولغاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرى «جۇڭياڭشې» (مەركىزى ئاگېنتلىقى) دىن ئېلىنىدىغان بولدى" ① شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بېتىنى جىياڭجيېشىنىڭ ياپون باس-
ملىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلار پارتىيە-
ئاكتىپ ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر - ما-
ر قاپلاپ كەتتى. شىڭشىسەي ۋەھشىلىكتە تېخىمۇ ئۇچ-
ا چىقىش ئۈچۈن زەھەرلىك قولىنى ئۈرۈمچىگىلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇزاتتى. ئاق تېررورلۇق، قىرغىنچىلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇش ۋەھىمىسى ھەممە جاينى قاپلىدى. ئادەملەر ئۇشتۇمتۇتلا يوقاپ كېتىدى-

---

لى فەنچۈن: «گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (3)).

غان بولۇپ قالغاچقا، ھەر بىر كىشى ئەنسىزچىلىك ئىچى-
دە قالدى. غەم - غۇسسە، قايغۇ - ماتەم ئىچىدە ئۆتىدى-
غان ھالەت شەكىللەندى. ئالەم قاراڭغۇلاشقانسىرى يۇل-
تۇز شۇنچە يورۇيدۇ، زۇلۇم ئېغىرلاشقانسىرى قارشىلىق
كۈچىيىدۇ. بۇ ھەقىقەت شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئىنقى-
لاۋىي تارىخىدىمۇ ئىپادىسىنى تاپتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ چىرىك ئەمەلدار-
لىرىنىڭ قولىغا قالغان شىنجاڭ خەلقى سىياسىي جەھەتتە-
قاتتىق زۇلۇمغا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر بۇلاڭ - تالاڭ-
غا، تۇرمۇش جەھەتتە خورلۇق، كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىگە سال-
غان قاتمۇ - قات زۇلمى چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ
خەلقىنىڭ سەۋرى - تاقىتى قاچىسىمۇ غەزەپ - نەپرەت بە-
لەن تېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەمەلىي جاۋابى تىرىقسىدا،
1944 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا ۋىلايىتىنىڭ نىلقا نا-
ھىيىسىدىن پارتلاپ چىقىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئىلى، چۆ-
چەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭەيگەن گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلاۋى قوزغالدى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى بولغان
شىڭشىسەينىڭ زۇلمى ۋە زوراۋانلىقى ئۈچ ۋىلايەت خەل-
قىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۈچ
ۋىلايەت خەلقى تېز سۈرئەتتە ئىنقىلاپ قىلىپ، پۈتۈن شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئاقسۇ،

قەشقەر، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالـ
غان كەڭ دائىرىدىكى ئىنقىلاپ بورىنى جياڭجيېشى باشچىـ
لىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەنجىڭ ھوكۇمىتىنى
زىل - زىلىگە كەلتۈرۈپ، ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شۇۋاقىتتا،
سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى قايتارما ھۇجۇمغا ئوـ
تۈپ، گېتلېر تاجاۋۇزچىلىرىنى سوۋېت زېمىنىدىن سۈرۈپ
قوغلاپ ماڭغان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىگىـ
دىكى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن يەۋاتقان ئەجەللىك
زەربە، شىنجاڭدا بولسا، ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان زۇـ
لۇمغا قارشى قوزغالغان مىليونلىغان خەلقنىڭ قوراللىق
ئىنقىلاۋىي زەربىسى ئۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سەل ئويلاۋراق
ئىش قىلىشى ئۈچۈن يوغان بىر سوراق بەلگىسىنى قويغان
ئىدى. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوزىنىڭ مەشـ
ھۇر سىياسەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان جاڭجىجۇڭنى شىنجاڭغا
ئەۋەتىپ، تېچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ بىرلەشمە
ھوكۇمىتى تەشكىل قىلىش تەكلىۋىنى قويۇشقا مەجبۇر بولـ
دى. دېمەك شىنجاڭغا ئوزى بەگ خان بولىۋېلىپ،
قىلمىغان جىنايى شۇملۇقلىرى قالمىغان جاللات "شىڭشىـ
سەينىڭ تەختتىن غۇلاپ چۈشكەنلىگى، ئاساسەن ئۈچ ۋىـ
لايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن بولغان ئىدى.
بۇ توھپىنى باشقا ھېچقانداق كىشى ئوزىنىڭ قىلىۋالالمايـ
دۇ. شىنجاڭ جىياڭجيېشىگە ئوتكۈزۈپ بېرىلمەدى، ئەكسىچە
بىر نەچچە يىل ئوتكەندىن كېيىن خەلققە ـ ئەسلى ئىگىسىگە

ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. «چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن» شىڭ شىسەي تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىپ، خەلق تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلاندى." ①

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەتەن ساتقۇچلىقى، جاللاتلىق سىياسىتى يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يۈرگىزىلىۋاتقاچقا، ئۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى.

ياپونىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشتە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىپ، مىسلىسىز دەرىجىدە داغدۇغىلىق قانات يايغان ئاممىۋى دېموكراتىيە ھەركىتىنى، گومىنداڭ فاشىستلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، "ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللى ئازادلىق ئۇرۇشىغا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران-

---

① جېن شاۋشەن: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (5) 329 - بەت).

لىق ئاستىدىكى دېموكراتىيە ھەركىتىگە، ئازاتلىق ئۇرۇش-
قا ئاكتىپ تۈردە تۈرتكىلىك ۋە ماسلىشىش رولىنى ئوي-
نىدى "①

بۇ چاغلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون-
لاردىكى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتى گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتتىق - قات ئېزىشى ھەم ۋەيران قىلى-
شى ئاستىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، جىياڭ
جېشىغا قارشى تۇرۇش، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي
ۋەزىپىلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىش ئارقىلىق، قەيسەرلىك بىلەن
كۈرەش قىلدى، كۈندىن - كۈنگە يۇقۇرى ئۆرلەۋاتقان دېمو-
كراتىيە ھەركىتىگە قاتناشتى، ئۇرغۇلىغان دېموكراتىيە
يىغىلىشلىرى، لېكسىيە ئوقۇش، دىكلاماتسىيە قىلىش، خاتىرى-
لەش سوھبەت يىغىنى ئېچىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق جۇڭگو
مىللەتلىرىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقى، شۇڭا
دېموكراتىيە ۋە ئىتتىپاقلىقنى بىردەك تەلەپ قىلىدىغانلىقى-
لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يازغۇچى، شائىرلار دېموكراتىيە
ھەركىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئۆتۈپ، سىياسى، ئىجتىمائى پا-
ئالىيەتلەرگە قاتناشتى. قىسقا، ئۆتكۈر سىياسى ھەجۋى شېئىر

---

① ماۋدۇن: "جۇڭگو مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە توپلىمى" "ئەك-
سىيەتچىلەرنىڭ زۇلمى ئاستىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ۋە تە-
رەققى قىلىۋاتقان ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت".

لار، فىدائىيەتونلارنى قورال قىلىپ. مەردانىلىق بىلەن كوكـ
رەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ فاشىستلىق ھوكۇمرانلىقىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا زەر-
بە بەردى. خەلقنى ئويغۇتۇپ ۋە قوزغىتىپ بۇ ئۇلۇغ كۆ-
رەشكە سەپەرۋەر قىلدى. تۆۋەندە ئەنە شۇ تېرورلۇق ئې-
چىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم ناما-
يەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشىمىز.

ئون ئالتىنچى لېكسىيە

# زۇنۇن قادىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى

زۇنۇن قادىر — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئەدەبىياتىمىزغا رېئالىستىك پروزىنى ئېلىپ كىرگەن، دراماتۇرگىيەمىزدە بىرىنچى بولۇپ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتىشنى باشلاپ بەرگەن تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگدۇر.

زۇنۇن قادىر 1915 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيەسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق يىللىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۇمران بولۇشقا، تۇرمۇش جەھەتتىن نامراتلىشىشقا قاراپ ماڭغان ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئۆتكەن. ئوسمۇرلۇك دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە چارۋىچىلىق كەسپىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئەمما، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تىياتىرچىلىق ۋە مائارىپ ساھەلىرىدە ئىش-

لىگەن.

زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادى پائالىيىتى 1937 - يىلى باشلانغان. شۇ يىلى خەلق ئېغىزىدا تارىلىپ يۈرگەن «غېرىپ - سەنەم» داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى فېئوداللىققا قارشى بولغان دراممىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، ئۇزىنىڭ روشەن دېموكراتىك ئىدىيىسىنى نامايەن قىلدى.

زۇنۇن قادىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە دېگۈدەك ئىشلىدى. ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجادىي ئەمگىكى ئۇنى ئۆز خەلقى بىلەن مۇستەھكەم باغلىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يورۇتۇپ بەرگەن بىر قاتار ئەسەرلىرى خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يەنە بىر پارلاق سەمەرىسى بولۇپ قالدى.

زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا: «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «تويى» قاتارلىق 10 غا يېقىن دراما؛ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدىر كەتكەندە»، «چېنىقىش»، «گۈمان» قاتارلىق 20 دىن ئوشۇق ھېكايە؛ «چىمەنگۈل»، «تىڭشا دۇنيا»، «قوشچى بىلەن چاشقان» قاتارلىق 10 غا يېقىن شېئىر، مەسەل؛ «پولكلورغا قانداق نۇقتىنەزەردە قاراش كېرەك»، «بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق 10 غا يېقىن ئەدەبىي ئىلمىي ماقالا

بېرىپ، ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ئا. م. گور-
كىنىڭ «ئارخىپ بوۋا ۋە لېونكا»، سوۋېت ئۆزبېك
يازغۇچىسى مىركەرىم ئاسىمنىڭ «ئاستىرابات»، سوۋېت تا-
تار يازغۇچىسى ئادىل قوتۇيىنىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەت-
لەر»، شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى شائىر
ئاقىجارىقىنىڭ «گۈندىپاي» قاتارلىق داستان، پوۋېست، ھې-
كايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، شۇنداقلا بىر مۇنچە چۆچەك،
قوشاق، ماقال-تەمسىللەرنى توپلاپ ئېلان قىلىپ، ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور
تۆھپە قوشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان، يېزا ئىگىلىكىدە كو-
ئوپىراتسىيىلىشىشنى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان «توي» نا-
مىلىق دراممىسى 1956-يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مە-
ملىكەتلىك دراما كۆرىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق دراما ئۆمىكى تەرىپىدىن ئوينۇلۇپ، ئۈچىنچى
دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يۇقۇرقىلاردىن كۆرۈۋ-
ئېلىشقا بولىدىكى، زۇنۇن قادىر كۆپ ئەمگەك سىڭدۈر-
گەن، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن تا-
لانتلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچى. ھازىر ئۇ، ياش-
نىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ،
داۋاملىق تۈردە ئەسەرلەر ئېلان قىلماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى
مەزمۇن ۋە بەدىئىلىك تەرەپلەردە كۆپلىگەن ئارتۇقچىلىقلارغا
ئىگە. شۇنىڭدەك، تەلەپچان يازغۇچىنىڭ كەشىپ قىلىش ۋە

ئىجات قىلىشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى بىلەن تولغان.

زۇنۇن قادىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولـ
غان «غۇنچەم» ناملىق دراممىسى 1939 - يىلى يېزىلـ
غان بولۇپ، قويۇق مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىر قەدەر
مۇكەممەل بەدىي تىل يارىتىلغان دراما بولۇپلا قالما ـ
ستىن، يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا خې ـ
لى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشـ
غا ئېرىشكەن ئەسەردۇر. درامىدا ئەلى يېزىلىرىدا 30 ـ
يىللاردا سادىر بولغان ئۇيغۇر ئەمگەكچى دېھقانلىرىنىڭ
ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ
پەرزەنتلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە پومېشچىك، بايلارنىڭ، زالىم بەگ ـ
لەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، چىرىك تۇرمۇش
ئىستىلىنى پاش قىلىش مەزمۇن قىلىنغان.

دراما 3 پەردىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، درامـ
مىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە نۇقتىلىق ھالدا پەزىلەتلىك
گۈزەل قىز غۇنچەم بىلەن ئوت يۈرەك ۋىجدانلىق يىگىت
نۇرۇمنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ھەقىقىي، سەمىمىي سۆيگۈ ھە ـ
ياتى، ساپ كۆڭۈللىكى، مەردانىلىكى ۋە بۇ ئىككى ياشـ
قا بولغان مېھرىۋان ئانا زورىخاننىڭ خەيرىخاھلىقى، ئىنـ
داشلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنسان قېـ
لىپىدىن چىققان نومۇسسىز زومىگەر ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ئۇنـ

پەمنى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق مۈلۈك بېغىنى قولغا چۈ-
شۈرۈشنى پىلانلىغان قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ. دراممىنىڭ
سېۋېت تەرەققىياتى ئىككىنچى پەردىگە ئۆتكەندە زىددى-
يەت توقۇنۇشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئۆمەر شاگىيو
ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شەرۋانەمنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرى-
سى تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ. دراممىنىڭ ئۈ-
چىنچى پەردىسى دراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئەڭ يۇ-
قۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، كۆرەش يەنىمۇ چىڭ-
دىلەشكەن، ۋەقە راۋاجىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتى-
سى بولۇپ، بۇ بولەكتە شۇنچەم، نۇرۇم ۋە ئۇلارنىڭ
يېقىن يار - يولەكلىرى تۇرغان، ئامانتاي، ياقۇپ، پاتەم-
خانلار بىلەن ئۆمەر شاگىيو، شەرۋان، باسىت، ھاشىمباي-
لار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۆرەش تازا ئەۋج
ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوست - دۈشمەندىن ئىبارەت سى-
نىپىي چەك - چېگرا روشەن ئايرىلىدۇ. سەمىمىي، خوش پېئىل،
ئاقكۆڭۈل، قەيسەر نامرات دېھقان قىزى شۇنچەم ئۆزىنىڭ
سۆيگەن يىگىتى نۇرۇم ۋە باشقا سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ
ياردەم بېرىپ، يار - يولەك بولۇشى ئارقىسىدا، زالىم باي-
نىڭ ماڭقا ئوغلى سېيىتقا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزماس-
تىن، ئاخىرى چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە جان
ئۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دراما ۋەقەلىكى ئىنتايىن ئېچى-
نىشلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

دراماتورگ زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ پىشقان، ئوت-

كۆر قەلەم كۆچى بىلەن «غۇنچەم» دراممىسىدا زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ - ئۈتەك پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، فېئوداللىق چىرىك تۈزۈمنىڭ تومۇرىغا پالتا ئۇرىدۇ. باتۇر، پاراسەتلىك ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىسيانكارلىق روھىنى، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، يورۇقلۇققا بولغان ئۈمىد ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەلۇمكى، سەھنە ئەسىرىدە رىئال تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسەن توقۇلغان توپ ماھىيەتلىك زىددىيەت، توقۇنۇشلار گەۋدىلىك ھالدا، جىددى قارمۇ - قارشىلىقلار ئىچىدە بايان قىلىنىدۇ، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىمۇ مۇرەككەپ ۋەقەلەر ئارقىلىق تەدرىجى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دراماتىنىڭ توقۇنۇشنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، دراماتىك توقۇنۇشلار سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى. دراماتىك توقۇنۇشلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، سەھنە ئەسىرىنى ياخشى يېزىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىدىكى ئاپتورنىڭ توپ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا مەركەزلىشىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن، ئەسەردىكى ئاساسلىق قەھرىمان جەزمەن تىپىك شارائىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كەسكىن، مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە ياشىغان بولۇشى كېرەك. «غۇنچەم» دراممىسىدا ئەمگەكچى ئۇيغۇر دېھقانلىرى-

نىڭ ساپ دىل، ئۈمىتۋار ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان غۇنچەم بىلەن ئۇردۇم ئوبرازى ھەرگىز تەسادىپى مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئاپتور بۇ ئىككى تىپىك ئىجابى ئوبرازنى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ھالاكەتكە قاراپ يۈز تۇتقان، يېڭى بىر نۇرلۇق دۇنيانىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى يېقىنلاشقان بىر پەيتتە، يەنى ئۇيغۇر يېزىلىرى ئېلىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئوخشاشلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ھايات - ماماتلىق كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلىنىۋاتقان تىپىك شارائىتتا ياراتقان.

«غۇنچەم» دراممىسىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ئەركىن، ئازادە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان غۇنچەم بىلەن ئۇردۇمغا ئوخشاش ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىغا ھېسداشلىق قىلدى. ئەمدى ئەشۇ ئادەمخور كونا جەمئىيەتتە مېھنەتكەشلەرنىڭ قەلبىنى زەردىگوش قىلغان ياۋۇز چىل بۆرىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان ئومەر شاڭيو، شەرۋانلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەسسىلەپ ئۆرلەيدۇ.

گەرچە «غۇنچەم» دراممىدا غۇنچەم ۋە ئۇردۇمدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدىكى كۈرەشلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن مەر-

گۆزەشتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى سىنىپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش سىڭدۈرۈلگەن.

ئاپتور ئەسەردە مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى سىنىپىي كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سىنىپنىڭ تەقدىرى ھەل بولغاندىلا، ئاندىن مۇھەببەت تەقدىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ-دېگەن ئۇقتىنەزەرنى ئامايەتتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

بىز دىرامىمىنىڭ ئىككىنچى پەردىسىدىكى غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ، ئوزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى ئومەر شاڭيو، شەرۋانلار بىلەن يۈز تۇران تۇرۇپ ئېلىشقان مەيداندىكى قورقماس، باتۇرانە ھەركىتى، مەردانە سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى:

شاڭيو: باغلاڭلار بۇ قارا نىيەتنى! (باستى يايى بىلەن
باغلاشقا تۇتۇنغاندا، نۇرۇم يايىنى ئىتتىرىپ،
باستىنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىدۇ.)

نۇرۇم: نىمە گۇنايىم ئۈچۈن باغلايسەن؟ مېنىڭ يازى-
چە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئاغچىنىڭ (شەر-
ۋاننىڭ) شەرمەندىلىكىنى ئاشكارا قىلغانلىقىم
ئۈچۈنمۇ؟ ياكى غۇنچەمگە قۇرغان تۇزاقلىرىڭنى
يۇشۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ ھەي شاڭيو، كىم قارا
نىيەت ئىكەنلىكى ھەقىقەت ئالدىدا، پۈتۈن خەلقى-

ئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ.

شاڭيو: قورقۇنچاقلار، نىمە قارىشىپ تۇرىسەن؟ باغلا! (نۇرۇمغا يېقىن كېلىپ قامچا سالىدۇ).

يايى: (قېلىچىنى سۇغۇرۇپ) ھەي ئوغرى، قارشىلىق قىلساڭ قېلىچ بىلەن سالىمەن!

نۇرۇم: كەل! قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش!

[ھەممىسى نۇرۇمنى تۇتۇپ باغلايدۇ.]

شاڭيو: ئاپارغىن قارىياغاچقا باغلا!

[نۇرۇمنى قارىياغاچقا تاڭىدۇ.]

نۇرۇم: قولۇڭدىن كەلسە ئاسماننى ئورنۇەت!

ھەقىقەت ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

شاڭيو: ئۇر مۇناپىقنى!

[يايى نۇرۇمنى قامچىلايدۇ، ئۆيدىن غۇنچەم يۈگرەپ چىقىدۇ.]

غۇنچەم: نۇرۇم (يايىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ) ھەي جاللات، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەمسەن بىچارىنى؟!

نىمە قىلدى سىلەرگە شۇنچە؟

شاڭيو: (ئەشرەپكە) ھوي - ھوي، ماقىزنى ئۆيگە تارت.

[ئەشرەپ "يۈرۈڭ" دەپ قولىدىن تارتقاندا غۇنچەم سىلكىۋېتىدۇ.]

غۇنچەم: شاڭيو ئاكا! نۇرۇمنى قويۇۋېتىڭ. (يىغلايدۇ)

نۇرۇم: يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان، غۇنچەم.

بىزمۇ ئەتىمىزنى ئالدىغان بىر پەيت كېلىدۇ.

يۇقۇرىدىكى دىئالوگلاردا غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ زىيالۇم ئالدىدا تېز پۈكمەيدىغان، قورقماس، قەيسەر، ئۈمىتۋار، كۈرەشچان روھىنى ئاپتور ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، «غۇنچەم» دراممىسىدا يالغۇز ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان چىن مۇھەببىتى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىردە قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ تاشلاپ، قاتمۇ-قات زۇلۇمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇزلىرىگە زۇلۇم سالغان جاللاتلاردىن ئۇزۇل-كېسىل ئىنتىقام ئالىدىغان پەيتلەرنىڭمۇ يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۈمۈتۋارلىق روھمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان.

ئاپتور «غۇنچەم» دراممىسى ئارقىلىق سەلبى كۈچلەر، فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە ئۈستۈنلىكنى ئىگەللەپ ھوكۈم سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ھامان تارىخ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەسەردە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاپتور ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارىتا غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا كەڭرى زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئەسەردە مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يازغۇچىنىڭ توغرا دۇنيا قارىشى دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا، دراماتورگ زۇنۇن قادىر ئوتكۇر دراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئومەر شاڭيو بىلەن شەرۋانىدىن ئىبارەت ئېكسپلاتاتور سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ پەسكەش تىپىك ئوبرازىنى خېلى مۇكەممەل ياراتقان.

شەرۋان: ياق - ياق، بولدى. تولا ئاغزىمنى ئاچماي ئولتۇرسۇن.

شاڭيو: ھە، نىمانچە چىچاڭشىپ كەتتىڭ؟

شەرۋان: ھەي يەنە قايسى ئېغىزلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلدىڭلا؟

شاڭيو: بىر ئەرگە توت خوتۇن راۋا، ھازىر مەندە بولسا ئاران ئىككى خوتۇنغۇ؟

شەرۋان: بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇرىدىڭلا؟ مېنى ھېچنىمە بىلمەيدۇ دەيدىكەنلا - دە، يەرنىڭ تېگىدە ئىلان كوشىگەننى بىلىمەن مەن.

شاڭيو: كىم دىدى ساڭا، يوق گەپ.

شەرۋان: يوق گەپمىش، ئەمسە نېمىشكە ئالتە كۈندە بىر قېتىمرايلا ئۇ ياققا؟

شاڭيو: ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ توتكە يەتمەيدىغۇ.

شەرۋان: ئون ئىككىگە يەتتىغۇ! توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپلا، ھازىر ئەمرىلىرىدە ئۈچ خوتۇن بار. ئەمدى ئىنساپ قىلىش كېرەك. سا-

قالغا ئاق كىرگەندىمۇ ھەۋەس قىلىشۇپىرەمدۇ كىشى.

شاگىۋ: ساقالىنىڭ ئاقارغىنىغا قارىماي سەن (كۆكسىگە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ) كۆڭلۈڭگە قارا! بىز-نىڭ كۆڭلىمىز تېخى ياش يىگىتنىڭ كۆڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، ھويلىدا يۈرگەن خورازغا قاراپ باق. شۇ جىنىدا مۈشتەك تۇرۇپ ئۇ نەچچە مىكىياننى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. مانا شۇنداق ئاق خوراز دېسەك بولىدۇ بىزنى.

شەرۋان: ئۇ دېگەن توخۇ، سېلى دېگەن ئادەم.

شاگىۋ: مانا قارا، مەن تاغدەك ئادەم تۇرۇپ توخۇچىلىك بولالمايەنمۇ. توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن بولسام ئون بولۇپ كەتتۈن، ئەمە رىمدە ئۈچ خوتۇن بولغان بولسا توت بولۇپ كەتتۈن، ھساپمۇ توپ - توغرا بولىدىكەن.

مانا بۇ دىئالوگلاردا ئاپتور يۇمۇرلۇق ئىبارىلەر-نى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىپ، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزلىرىنىڭ تىلى، ئۆز ئىچىدە سادىر بولغان ئىچكى توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەر-گەن. شۇ يول بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئويناتقان زالىم بەگلەرنىڭ، پومىشچىك بايلار-نىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك شەھۋانە ئەخلاقىي پەزىلەتى، چى-رىپ كەتكەن تۇرمۇش ئىستىلىنى ئۆزلىرى ئىقرار قىلىپ

تۇرغان يىرگىنىشلىك قىلمىقلىرى ئارقىلىق چۈگۈپ تاشلى-
غان ۋە ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىقا يايغان.

«غۇنچەم» درامىسىدا يەنە كونكرېت سيۇژېت ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھەركىتى، دىئالوگلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئىنسانى ماھىيىتىگە ماس ھالدا بېرىدۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مەيدانى، كوز قارىشى، پوزىتسىيىسى، غەزەپ - نەپرىتى ۋە سۆيگۈ - مۇھەببىتى، ھېسداشلىقىنى كۈچلۈك ئىزھار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دراما سيۇژېتى ئىچىگە تىراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ خېلى جايىدا كىرگۈزگەن. بۇ مەسىلە كوپىنچە غۇنچەم ۋە سېيىتتىن ئىبارەت بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي قارمۇ - قارشى ئىككى پېرسوناژغا مەركەزلىشىدۇ. تاماشىبىنلار سەھنىدە ئاچچىق ھەجۋىلىك، ئوتكۈر يۇمۇرلۇق تىل ۋاستىسى بىلەن رەسۋاسى چىقىرىلغان سېيىتنىڭ ئاخمىقانە، تەلۋە ھەركەتلىرىنى كورگەندە، بىر - بىرىگە قولاشمىغان قالايمىقان سوزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە گۈزەل، ئېسىل پەزىلەتلىك، چېچەن قىز غۇنچەم تاماشىبىنلارنىڭ كوزىگە خۇددى بېپايان يېزىدا ئېچىلغان بىر تال خۇشپۇراق گۈلدەك كورۈنىدۇ. ئۇنىڭ جاھالەتلىك زۇلۇم دۇنياسىدا تارتقان ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتلىك كۈنلىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك ئولۇمى، تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتكە چومدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «غۇن-

چەم» دراممىسى ئېلىمىز ياشلىرىنىڭ ئازاپلىق كۈنلەر-
نى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بەختىيار دەۋرنىڭ قەدر-قىممىتى-
گە يېتىشتىكى بىر ياخشى دەرسلىك دېيىشكە بولىدۇ.

كونا جەمىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقىۋالغان
ئەمەلدار ئۆمەر شاگيوغا ئوخشاش ئېكسپىلاتاتور سىنىپ
ۋەكىللىرى، پەقەت بىر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭلا ئە-
شەددىي دۈشمىنى بولۇپ قالماستىن، شۇ زېمىندا بىللە
ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭمۇ ئورتاق
دۈشمىنى. شۇڭلاشقا قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ئۆمەر شاگيوغا ئوخشاش فېئودال پومىشچىكلارنىڭ قېرىنداش
ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلىشى قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. درامىدا ئەكس ئەت-
تۈرۈلگەندەك، قازاق يىگىتى ئامانتاينىڭ تۇرغان، يا-
قۇپ، پاتەمخانلارغا زىچ ماسلىشىپ، جىددىي ھايات-ما-
ماتلىق كۈرەشلەردە باشتىن-ئاخىر ئۇلار بىلەن بىللە
تۇرۇپ، غۇنچەم، نۇرۇملارغا ئوخشاش سىنىپي قېرىنداش-
لىرىغا ياردەم بېرىشى؛ چىن قەلبىدىن ھەمداشلىق قىلىپ،
مورىنى-مورىگە تىرەپ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى
كۈرەش قىلىشى — ئۇيغۇر-قازاق مىللەتلىرىنىڭ چوڭقۇر
مېھرى-مۇھەببەت بىلەن تولغان سىنىپي دوستلۇقىنى ئە-
پادىلەپ بېرىدۇ.

ئاتاغلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىل سەنئەتكارلى-
رىدۇر. ئۇلار رىئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەت-

تۈرۈپ، بىر پۈتۈن جەمىيەتنىڭ تولۇق كارتىنىسىنى بە-
رىپ بېرىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق
ھەجۋى تىل ئىشلىتىپ چىرىك، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ
پەسكەش روھى دۇنياسىنى پاش قىلسا؛ گۈزەل، ئوبراز-
لىق، راۋان، جانلىق، ھىسسىياتلىق تىلدىن پايدىلىنىپ، ئى-
جابىي ئوبرازلارنىڭ پاك قەلبىنى، گۈزەل ئىچكى دۇنيا-
سىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى، ئۈمىت ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمەن «غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ تېمىسى، مەزمۇن
دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر پۈ-
تۈن كۆرۈنۈشى، رەڭدار، قىزىقارلىق، تەسىرلىك يېزىلغان.
دىراما زىچ، جىددى ۋە ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تۇر-
مۇش ھادىسىلىرى مەركەزلىك ھالدا تىپىكلەشتۈرۈلگەن.
گەرچە جاھالەتلىك فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ قۇربانى بولغان
غۇنچەم زۇلمەتلىك دەۋر ئىچىدىكى قىستاڭ مۇھىتتا ياشى-
غان بىر شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، تاكى دەۋرىمىزگە كەل-
گىچە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي، ئۆلمەس ئوبراز بولۇپ
ياشاپ كەلمەكتە. ئۇ، كۆپ قېتىم تەكرار قويۇلۇپ، رادى-
يودا كۆپ قېتىم تەكرار ئاڭلىتىلسىمۇ، يەنىلا زېرىكىشلىك
تۇيۇلمايدۇ. مانا بۇ خەلق كۆڭلىگە ياققانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

زۇنۇن قادىر گەرچە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە
تۈرىدە ئەسەرلەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادى-
يىتىدە سالماق ئورۇننى ئىگىلىگىنى پروزا بولۇپ، ھېكا-

يە ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئىنقىلاۋىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان يازغۇچى. رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلاردىن ئوبيېكتىپ دۇنيانى، تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقى بويىچە ھەقىقىي ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاج-لىنىشى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى، روھىي ھالەتلىرى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۆزگىرىشى، گەپ - سۆز، تەقى - تۇرقىنىڭ ھەم-مىسى ئوبيېكتىپ ۋە جىددىي تۇردە تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلى بويىچە ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىلىشى، بۇ خىل تەس-ۋىرلەش يۈكسەك دەرىجىدىكى چىنلىق ۋە ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭدىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى كېلىپ تۇرۇشى، كىتابخانلاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك تۇيغۇ پەيدا قىلالىشى كېرەك. بىز يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ 1945-يىلى يازغان «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەنە شۇنداق ھەقىقىي، جانلىق، كونكرېت ھېس قىلغىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلى-رىنى كۆرىمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ يىللاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتتىق ۋەھىمە، ساراسىملىقتا چۈشكەن بو-لۇپ، جان تۇمشۇققا كەلگەندە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكلەر ئارقىلىق خەلق بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى. بو-

لۇپ، ئۇ مەرىپەت گۈلزارىنى ۋاقىتسىز ۋەيران قىلىپ، باغۋەنلە-
رىنى قاتتىق خورلاۋاتاتتى. ھېكايىدە ياشلىق گۈللىرى خازان
قىلىنغان ئىككى ئۇيغۇر مۇئەللىمىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقى-
لىق رىئال ھاياتنىڭ بەدىئي كۆرۈنىشى ئوبرازلىق ھالدا
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھېكايە باشلىنىشى بىلەن "چامغۇرغا
ئورنىتىپ قويۇلغان شامنىڭ پىلتىسى ئۇسۇپ، ئېلىشقان
زەي ئۆينىڭ ئىچى" دە چىگىش خىياللارغا پاتقان روزى
مۇئەللىم ۋە ئۇنىڭ ھايات، ئىستىقبال ئۈستىدىكى ئەندى-
شىلىك ھالىتى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ، خىيال دېڭىزىغا غەرق
بولۇپ كەتكەن "ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمۈپ، پۈتۈن ئەت-
راپتا ئوۋۇم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن" قاراڭغۇ كېچىدە،
ئۇنىڭ ساۋاقدىشى سادىق پەنجىرىدىن تۈۋلەيدۇ. سادىقنىڭ
ئاۋازى روزىنىڭ ئەندىشىسىنى بىردىن دەھشەتلىك قورقۇ-
نۇچقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ - دە، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپلا
قالىدۇ. "چۈنكى، مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جال-
لات شىڭشىيىنىڭ خەلققە كۆرسىتىۋاتقان دەھشەتلىك،
قانلىق كارتىنىلىرى ئۆتۈشكە باشلىغان ئىدى:

مىڭلاپ - مىڭلاپ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا كۆك ماشىنىغا
چۈشۈپ غايىپ بولاتتى. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلدى ۋە نەگە
ئېلىپ كېتىلدى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن تۈرمىلەر-
دە بولۇۋاتقان ھاقارەت، زورلۇق، زۇلۇم، ۋەھشىلەرچە
قىيناشلار، ئادەم سۆيۈدىغان قۇشخانىلاردا ئوتتۇرا ئەسىر-
نىڭ قانلىق پاجىئەلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىك

قىلىپ ئولتۇرۇشلىرىنى سېزەتتى.

مۇئەللىمنىڭ بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ تولى-
سى بىر كېچىدىلا كوك ماشىنىغا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن
ئىدى. ئەنە ئۇلارنىڭ بىرىنى ئادەم ئوغرىلىرى بېشىنى
چۆككەپ ھايۋاندەك يېتىلەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنى بۈگۈن
سويىسا كېرەك."

ھېكايە — يۈزبېتىنىڭ تەدرىجى راۋاجلىنىشى بىلەن
سادىقنىڭمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ئازسان-
لىق مىللەتلەر ماڭارىپىغا قىلچىمۇ ئېتىۋار بەرمەيدىغانلىغى،
بۇ ماڭارىپنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان ئادەمنى ھەر
خىل يوللار بىلەن توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ، ئاخىر خا-
راپ قىلىپ تاشلايدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ سەرسانلىق
سەرگەردانلىق ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان
ۋە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەھلىيىتى ئارقىلىق گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، زوراۋانلىق
سىياسىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى غەزەپ-
نەپرەتكە كەلگەن ياش ئىكەنلىگى ئايان بولىدۇ:

"— ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، ھەر نېمە بولمىزدە-
دىدى سادىق بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇ، غەزەپلىنىپ مۇشتىنى
تىزىغا ئۇرۇپ سوزىنى داۋام قىلدى، — بۇ گومىنداڭچىلار-
نىڭ پەيلى مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىزنى
بەخت — سائادەتكە، مەدىنىيەتكە ئېلىپ بارىمىز، دىگەنلىگى
مەلۇم بولدى. خەلق ئاچ — يالىڭاچ قېلىپ، خورلۇق، گا-

دايىلىق، ناداندىق ئاپەتلىرىگە ئۇچرىدى. خەلقنى مەدەنى-يەتكە باشلايدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئەھۋالى مانا مۇ-شۇنداق".

ئاپتور بۇ يەردە ئەشۇ زۇلمەتلىك ئىچىدە بىر-بى-رىگە دەردۇ-ئەھۋالىنى توكۇۋاتقان ئىككى ياش ئوقۇتقۇ-چىنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى پاشىستىك تېرورلۇقنى پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پاشىستىك ما-ئارىپ تۈزۈمى ئۈستىدىن، ئوزى ياراتقان ئوبرازلار تىلى ئارقىلىق شىكايەت قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاپتور جاھالەتلىك جەمىيەتنىڭ مىللىي مائارىپ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، ما-ئارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىل-غان مائارىپچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەينەن سۈرەت-لەپ بېرىپ، بىزنى مائارىپ ھەققىدىكى سىنىپىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلەپ غايەت زور تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ھىكا-يىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان بۇ ياشلار بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەت ئىچى-دە ئوقۇپ، مىڭبىر مۈشكۈللەرنى يېڭىپ مەكتەپ پۈتتۈ-رۇپ، مائارىپ سېپىگە ئاتلانغان ئىدى. ئەمما جاھالەتلىك تۈزۈم، زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمىيەت ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل غايىسىغا يول بەرمىدى، بەلكى تامامەن بەربات قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇلار دەھشەتلىك تېرورلۇق تۈپەيلىدىن، ئوز ئىرا-

دىسىنى يوقىتىپ، دەم - ئەندىشىگە چۈشۈپ قايغۇرۇپ قال-
غانلاردىن ياكى ئۆز مەقسىدى، ئۆز ئىرادىسىدىن يانغان-
لاردىن ئەمەس. ئۇلار ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمىچۈن مۇشۇنداق
بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىق چۈشىنىدۇ. ئۇنى "ئەگىز جەمىيەت،
ئۇ - ئىستىبدات ھاكىمىيەت" دەپ بىلىدۇ. ھەمدە يورۇق،
پارلاق كۈنلەرنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا، بۇ كۈن-
لەرنىڭ كۈرەش ئارقىلىق نۇر چاچىدىغانلىقىغا جەزىم قى-
لىپ ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ياشاۋاتقان ئادالەتسىز
جەمىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلايدۇ. روزى-
نىڭ خۇلجىدىكى مېھرىۋان ئانىسىغا يازغان خېتىدىكى
"مەنمۇ ئازاتلىق يولىدا، بەخت يولىدا كۈرەشكە تەي-
يار!" دېگەن جۈملىلىرىدىن بۇنى ئېنىق چۈشىنىمىز.

ئاپتور «مۇئەللىمنىڭ خېتى» دېگەن بۇ كىچىككىنە
ھېكايىدا تۇرمۇشنىڭ ئۆتمۈش جەمىيەتكە ۋە ئەشۇ ئەنىز
ۋەزىيەتكە خاس بولغان ھەر خىل كۆرۈنۈش، دېتاللىرى،
ئادەملەرنىڭ پىسخىك (روھى) ھالەتلىرىنى ئېنىق سۈرەت-
لەپ بەرگەن. ئەسەردىكى ئەنە شۇنداق جانلىق، ھەققى،
ئېنىقلىق، تونۇش، ئېنىق تەپسىلاتلار تەسۋىرى ۋە مۇھىت
تەسۋىرلىرى، ئەسەرنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن
مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ تەپسىلاتلار ژىغىلىپ، بىر پۈتۈن
دەۋرنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى زۇلمەتلىك
دۇنيانى گۇمران قىلىش ئۈچۈن كۈرەشكە سەپەرۋەرلىك
سىگنالىنى ياڭراتقان.

«ماغدۇر كەتكەندە» زۇنۇن قادىرنىڭ 1948-يىلى يازغان ھېكايىسى. بۇ چاغدا يازغۇچى پروزا ئىجادىيىتى ساھەسىدە رەسمىي كۆزگە كۆرۈنگەن، خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن چاغلىرى ئىدى.

زۇنۇن قادىر «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا، روھى ۋە جىسمانى تەرەپتىن يەنجىلىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىزىپ بەردى. ھېكايىنىڭ دەسلەپكى تەسۋىرى ئارقىلىق بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشى نامايان بولىدۇ. تىرىكچىلىك ئازاۋىدا قەددى پۈكۈلگەن چاپاكەش دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى قۇلىقىمىز تۈۋىدە جاراڭلايدۇ. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى باقى كىشىدە ئېغىر ۋە ئازاپلىق سېزىم پەيدا قىلىدىغان ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەر ئىچىدە بەدىئىي سەھنىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەنە، خوجايىنىنىڭ ئاياق سېلىنغان خامىنى، ئات ئايلىنىشتىن توختاپ ھەدەپ ئۇنچە يىمەكتە، ھالىدىن كەتكەن باقى ئارىسىنى قولتۇقلىغىنىچە بىر چەتتە ئۇخلىماقتا. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، چىرايى كىشىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرگىدەك دەرىجىدە سەت ۋە كۆرۈمسىز. ئۇ نېمىشقا بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟

ھېكايىنىڭ كېيىنكى بولۇملىرى باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى تەقدىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ. ئاپتور باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلىگەن چېغىدا يېزا تۇرمۇشىنىڭ چوڭ ئالاھىدە تەرەپلىرىگە، ئۇقۇم تۈسىدىكى ئابستراكت تەسىراتلارغا بېرىلمەي، ئوقۇغۇچىنى بىۋاستە تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىگە، پېرسوناژنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىرلىگە، ئۇنىڭ ساددا ۋە پاكىز روھى دۇنياسىغا يەنى تۇرمۇشنىڭ كونكرېتلىقىغا ئىگە بولغان ئەھمىيەتلىك تەرىپىگە باشلايدۇ. باقىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن تۇرمۇش رىياللىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى، ئۇنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ھايات پاجىئەسىنى جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئومۇمى خۇسۇسىيەتلىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەشۇ ئومۇمى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان دېخان تۇرمۇشىنىڭ جانلىق ۋەقەلىكلىرى نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. ھېكايىدا باقىنىڭ تۇرمۇش بىرلىكى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرەر دېتالنى ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىرەر ئالاھىدە ۋەقەنى تاپقىلى بولمايدۇ. باقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېلىنغان ئۇششاق، لېكىن ئەھمىيەتلىك ئۆزۈندىلەر، بەكمۇ ئادەتتىكىچە بولغان، لېكىن ئوقۇغۇچىنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك ۋەقەلەر ئوقۇغۇچىنى توپ-توغرا

تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە، باقىنىڭ ھايات پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ئىجتىمائى سەۋەپلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ھال ھېكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ بەدىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەمدى باقىنىڭ خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ ئاپتورنىڭ ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز. باقى تۇرمۇشقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ساددا ۋە ئاقكۆڭۈل يىگىت. ئۇ، يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىمىغان، ئۆز ئەتراپىدا كۈندە دىگىدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى قاراڭغۇ. ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى شەكلەن، ھادىسىلەردىن قايمۇقۇپ، ئاسان ئۈمىتلىنىدىغان دىخان خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى بولغانلىقتىن، ھايات دولقۇنلىرى بىلەن تۇرمۇش تاسادىپىلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق روھى تەييارلىق يوق. ئۇ، شۇ كىچىككىنە زەربىگە يولۇقىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ھالاكەت گىردابىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇنچە مۇشەققەتتە ئېرىشكەن قەدىرلىك نەرسىلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئاسان قولدىن كېتىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەي ھەيران بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ خوشال ۋە بەختلىك مىنۇتلىرى ئۈستىدە سوزلىگەن چېغىدا ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا قولىدىن بېرىپ قويې-

غان ئەرسىلىرى گويا ھازىرلا قايتىپ كېلىدىغاندەك شات-
لىنىدۇ: "- راست بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز
بار چاغدا قانداق يىگىت ئىدۇق، ھە؟ بىزنىڭ پې-
شانىمىزگە ئۇ يەر پۈتكەن، - ئون خوچەيىرىم بار ئىدى مې-
نىڭ ...... - تورغاي چۈك چالمىغاندا قوپۇپ، تا ئەل ياتـ-
قىچە ئېتىزدا قوش ھەيدەيدىغان، كەتمەن چاپقان، ئورما
ئورىغان ئەزىمەت ئىدۇق، بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قورۇ-
رۇپ كۆتەرگەن چىنىنى ئىككى - ئۈچ ئادەم كۆتىرەلمەيدىغان
ئىدى. ناخشىنى مانا شۇ چاغلاردا ئېيتىپ ئارىلىشىپ كەت-
كەن دېگىنە بىز، ھەي... ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!"
گەرچە بۇنداق ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ قەلب يارىلىرىنى قوز-
غاپ، ئۇنى ھەسرەت ۋە نادامەت ئوتىدا كۆيدۈرىدىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يەنىلا مۇشۇنداق خاتىرىلەر بىلەن
ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئائىلە-
سىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائى ئامىل-
لارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچقانـ-
داق قارشىلىق كۆرسىتىش خىيالىدا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ،
ئۆزىدە بۇنىڭغا لايىق بىرەر ئىقتىدارنىڭ بولۇشى مۇمكىن-
لىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئاپتور باقىنىڭ خاراكتېرىدىكى يۇقۇرىدەك ئالاھىدى-
لىكلەرگە باشتىن - ئاخىر سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش
سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇنىڭغا ماس بولغان كونكرېت ۋەقە-
لىكلەر نېگىزىدە يورۇتۇپ بېرىپ، ئوتمۇشنىڭ ئازاپ - ئو-

قوبەتلىرىدە ھەقىقى ماغدىرىدىن كەتكەن جاپاكەش دېخان-
نىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى.

ئەمدى ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئىپادە قىلىش تەرىپىدىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى پىروزىمىزدا قېلىپ-لىشىپ قالغان ئومۇمى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى يول تۇتقان. ئۇ، باقىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلى بايان، ئىزچىل ھېكايە قىلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا تايانماي ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشى-تىكى بىر نەچچە ئەھمىيەتلىك ئۈزۈندىلەرنى تاللاپ تەس-ۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق سەكرەتمىلىك تەسۋىر ھېكايە سيۇژېتىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا ئىگە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەردىن ئۈزۈلگەنلىكى ئوبرازنى تېخىمۇ كۈچلۈك جانلىق-لىق ۋە ھەركەتچانلىققا ئىگە قىلغان. ئۇندىن باشقا ئاپ-تور ھېكايىسىدە بايان ۋە تەسۋىردىكى بەدىئىي ئورگانىل-لىققا ئۆزىنىڭ ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق دۇلاھىزىلىرىنى قو-شۇپ، ھېكايىنى قويۇق لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، مەنزىرە بىلەن ھاياتنىڭ تەبىي بىرلىكىگە ئېرىشكەن. ھې-كايىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ۋەزمىن ۋە ئېغىر ھايات بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، كىشىدە ئازاپلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان مۇڭ - قايغۇنىڭ ھېكايىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈل-گەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. گەرچە ھېكايىدا پېرسوناژ تۇرمۇشىنىڭ

دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خۇشاللىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەزىبىر ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچىدا ھېچقانداق بەختلىك سېزىم پەيدا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئويغانغان ئازاپلىق تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋە مۇڭلۇق بەدىئىي ۋەزىندە تۈزۈلگەنلىكى ئۇنىڭ تېمىسىغا يەنى ئۆتمۈش جەمىيەتتىكى ئازاپلىق تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھېكايىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، زۇنۇن قادىر بۇ ھېكايىدە پېرسوناژنىڭ ھەركىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، ئاپتور بايانى بىلەن پېرسوناژ ھېكايىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بولۇپمۇ باقىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئالاھىدە تەرەپلىرىنى كۆپرەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئاچقان. پىروزا ئىجادىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ، ھەقىقەتەن مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئىش. لېكىن ئاپتور بۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئاجايىپ تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى يارىتىپ، قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال نازۇكلىغىنى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەرگەن. بىز ھېكايىنىڭ بۇنداق سەھىپىلىرىدىن جانلىق ۋە ئوبرازلىق خەلق تىلى بىلەن چىن ۋە رىئال

بەدىي تەسۋىرنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى، يېزا تۇرمۇشىنىڭ ساددا ۋە رەڭمۇ-رەڭلىكى بىلەن دېخان پسىخىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى ناھايىتى ئوبدان كۆرەلەيمىز.

ئاپتور قانداق قىلىپ ئۇز ھىكايىسىنى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلىدى؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەۋى شۇكى، ئاپتور ھىكايىسىدا ئەڭ ئاۋال باقىدىن ئىبارەت تىپىك پىرسۇناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇز ئەسىرىنى يېتەرلىك جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلدى. مەلۇمكى، ئوبراز — جانلىق بەدىي ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ھەممىنى ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەش، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل زىددىيەتلەرنى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى نازۇك ۋە ئىنچىكە سىرلارنى، ئادەملەر روھى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ قارىمۇ-قارشىلىقلارنى روشەن ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش — بەدىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى. شۇڭا، يازغۇچى بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلىگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ ھەممە زېھنى-كۈچىنى ئەڭ ئاۋال بەدىي ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ تەلەپ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ھەر قانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇغۇچى قەلبىدە بەلگىلىك ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ھەقىقى بەدىي ئەسەر يارىتالمايدۇ. بىز زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدىر كەتكەندە» ناملىق ھىكايىسىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭ-

قۇر ھىس قىلىمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ ھېكايە ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىلىك تەرەپلەردىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پىروزىمىزنىڭ ئازاتلىققىچە قولغا كەلتۈرگەن ياخشى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئون يەتتىنچى لېكسىيە

# ئەنۋەر ناسىرى

ئەنۋەر ناسىرى — يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ژورنالىست ۋە مائارىپچى.

ئەنۋەر مەخپىر ئوغلى ناسىرى 1914 - يىلى تومۇرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كېيىن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ 7 - سىنىپنى تۈگۈتىدۇ. 15 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شەھەردىكى ئاشخانىلاردا ئۇچاققا ئوت يېقىپ، سەھرالاردا كىشىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەپ جان باقىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يەنى 1934 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» چىقىشقا باشلايدۇ. 1934 - يىلدىن باشلاپ ئەنۋەر ناسىرى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە كىرىپ دەسلەپتە نابورچىك، كېيىنرەك (1936 - يىلدىن باشلاپ) كوررېكتور ۋە

رەسمىي تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، ئەنۋەر ناسىرى، بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ ئۇرغۇنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

ئەنۋەر ناسىرى گېزىت ئىدارىسىدىكى خىزمىتىدىن باشقا، بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيۇشما ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نامىدىن ئاقارتىش ئىشىغا، "سانائى نەپىسە" گە قاتنىشىپ ئۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۇرىدۇ؛ خەلقىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن جاي - جايلاردا كەچ كۇرسلار ئېچىپ ساۋات چىقىرىشقا ياردەملىشىدۇ. قىرائەتخانىلار ئاچىدۇ. ھەمدە سەنئەت ئۆمەككە يېقىندىن ياردەملىشىپ، بىر قىسىم كونسېرت نومۇرلىرىنى رەتلەيدۇ، ناخشا تېكىستلىرىنى يازىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ياش يازغۇچى شائىرلارنى، سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى خىزمىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپىنىڭ: "مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى، ئۇ، مېنى ھەققەتەنمۇ مەلۇم قەلەم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈردى" دېگەن سۆزى تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

لۇتپۇللانىڭ ئېتقادلىق، ئۈمىتلىك بىر ياش ئىكەن-

لىگىنى سەزگەن ئەنۋەر ناسىرى ئۇنى سەنئەت ئۆمەكنىڭ بەزى ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ ئالغا بېسىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن تۇرمۇش ئۆگىنىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ، بىر قىسىم ئارتىست ۋە ئارتىستكىلارغا سەمىمى ھالدا مۇنداق دىگەن: "سىز ئارتىست، خەلق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر، ئوبدان ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، ئادەتتە كىشىلەر بىر كىشى جان ئۈزۈۋاتقاندا بەك قورقىدۇ، راست جان ئۈزۈش پەيتى بەك دەھشەتلىك. بىراق سىز ئارتىست، بۇنىڭدىن قورقماڭ، سىز شۇنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىڭ. سىز دەھشەتلىك پەيتنى ياخشى ئىگەللەپ، شۇنداق رول ئېلىش نوۋىتى كېلىپ قالسا، خۇددى رىياللىقتىكىدەك كۆرسىتىپ بېرىڭ ........

شائىر شۇ چاغلاردا كوزگە كورۇنگەن، تالانتلىق بىر ناخشىچىغا مۇنداق دەيدۇ: "سىز قارغوچا باققانمۇ، ھە، ئۇ، ئاۋال ئوزى بىلگىنىچە سايراۋېرىدۇ، بارا - بارا چوڭ بولغانسېرى ھەممە جان - جانىۋارلارنى دورايدىغان بولىدۇ، سىز ھازىر ئەنە شۇ بىلگىنىچە سايراش دەۋرىدە، جۇمۇڭ. بۇنى ئۇنتۇماڭ. كىچىك پېئىل بولۇڭ، خەلقتىن ئۆگىنىڭ ........"

ئەنۋەر ناسىرى 1937 - يىلىدىن باشلاپ "ياردەم مەكتەپ" (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەك-

تەپ) تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا مەشھۇر سەنئەتچى ۋە شائىر قاسىمجان قەمبىرى بىلەن تونۇشىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرى 1938 - يىلى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ هاياتى بارغانچە خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. شۇ هالەتتىمۇ ئۇ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلىدۇ. هەر دايىم ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى ئويلايدۇ. ئۇ، شېئىرلار يېزىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان قەهرىمان جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا مەدەت بېرىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ «كۈن چىقىش شامىلى» دىگەن شېئىرىدا ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىۋاتقان مەردانىلارغا پەخىرلىنىش ھىسياتى ۋە زور ئىشەنچ، ئومىتۋارلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

سالام ئۇرۇشنىڭ قانلىق سېپىدە،
كوكرەك كېرىپ ماڭغان ئالدىغا،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلىغا!
قانلىق تۇغنى تۇتۇپ قولىدا!

هەر قەدەمدە ئۇستۇنلۇك ئالغان،
قەهرىمان سەپداش جەڭچى دوستۇمغا!
دۈشمەن ئوقىغا ئۇچۇپ بىقىلغان،
قىزىل قېنىنى هەر يانغا چاچقان.

ئۇدۇرلۇپ قوپۇپ،
ئالغا ئاتلىغان،
شەپكىسى قولىدا «ئۇررا ......» توۋلىغان،
باتۇرلارغا بىزدىن سالام دە!
ئېيتقىن دوستۇمغا،
بىز بارىمىز سەپەرۋەرلىكتە،
ئالدىغا چۈشۈپ،
جەڭدە باتۇرلۇق قىلىپ،
تۆكۈلگەن قانلاردىن توپ، بومبا ياساپ،
دۈشمەن سېپىنى تارمار قىلىشقا.
ئۇزۇن سايلارنى،
چوڭقۇر غارلارنى،
چاڭجياڭ دەرياسىنى،
دۈشمەن قېنىدا بوياشقا!
قۇتقۇلدۇرىمىز،
دۈشمەن بېسىپ ياتقان يەرلەرنى،
چوڭ شەھەرلەرنى،
تۆمۈر يوللارنى ... ... ......
بېرىپ ئېيتقىن ئالدىنقى سەپكە،
بىزنى جەڭگە تەييار ھامان دە،
بىز بارىمىز يېقىندا،
سەن ئۇلارغا ئالدىن سالام دە.

ئەنۋەر ناسىرى مانا مۇشۇ خىل ئۇلۇغۋار روھ بىلەن قوراللانغانچقا، كېسىلىنىڭ شۇنچە ئېغىر بولىشىغا قارىماي خىزمەتنى، ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ: "سەلەر ئىنقىلاپ قىلىۋاتسىلەر، مەن ھەسسە قوشالمىدىم، ئەمەلىي ھەركىتىم بىلەن گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلاي" - دەيدۇ. ئەمەلىيەتتەمۇ ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ.

بۇ چاغدا شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ جاللاتلىق قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەرلىرى ۋە ئالىملار، پىكىرلىك كىشىلەرگە قارىتا قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئىنقىلابچىنىڭ ساپ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان ئىدى. ئەمما ئۆلۈشكە رازى بولىمۇ ئىنقىلاپ ئۈچۈن تىكىلگەن كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم ئىرادە، ئۇلۇغۋار غايىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز رازى بولمىغان ۋەتەننىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى، جاللات شىڭشىسەيگە، بۇ ئادالەتسىز دۇنياغا قارشى غەزەپ بىلەن چىشلىرى كىرىشكەن، كۆزلىرى ھومايغان، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈككەن ھالدا لەنەت بىلدۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتمەكتە ئىدى. شائىر كىشىلەرنى دۈشمەنگە قارشى كەسكىن ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان مۇشۇ خىل كەيپىياتنى ئۆزىنىڭ قايناپ - تاشقان ھېسياتى، ئوتلۇق ئىلھامى ۋە يۈكسەك يىغىنچاقلىق ماھارىتى بىلەن مۇنداق سۈرەتلەپ

بېرىدۇ:

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان،
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،
يۇتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

ئەنۋەر ناسىرى 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946 يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي دەۋرىدىكى ساقچى ئىدارىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. ئەمما كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە ئىشنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمىدى. داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1946 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجا شەھرىدە 33 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئەنۋەر ناسىرى ئۆز ئىجادىيىتىدە كۈچلۈك ئىنقىلاۋىلىققا ئىگە بولغان جەڭگىۋار، يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىنقىلاپ ساداسىنى ياڭراتتى. شۇنداقلا، ھازىرقى زامان ئەركىن شېئىرىيىتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇ، يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە مەخسۇس ماقالىلارنىمۇ يازدى. قىسقىسى ئۇ، ئەتراپلىق ئىزدەنگەن تىرىشچان شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئۈچۈن ئاز، ئەمما قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ياش شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ كىشىلىكىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق

كۆزىتىپ كىشىلىك ھاياتتىن يىغىنچاقلىغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرى، گوياكى ھېكمەتلىك سۆزدەك ھېلىغىچە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي ئەل ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرمەكتە:

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

## ئون سەككىزىنچى لېكسىيە

# نۇر بوساقوۋ

نۇر مەھەممەت ئىبراھىم ئوغلى بوساقوۋ، 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرى قولىغا قەلەم ئېلىپ، شېرىيەت گۈلزار-لىقىغا كىرگەن تالانتلىق شائىر ۋە ژورنالىستلىرىمىزنىڭ بىرى.

نۇرمەھەممەتنىڭ تولىمۇ قىسقا ئۆمرى ئاجايىپ قىيىن يىللار ئىچىدە ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يۈرەك قانلىرى سىڭگەن شېئىرلىرىمۇ كۈرەش ئىچىدە دۇنياغا كەلدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەينى زا-ماندا ئەمگەكچى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، جامائەتچى-لىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى قاراڭ-غۇلۇق ئىچىدە يالىلدىغان يورۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئۇ-زىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى نامايەن قىلىپ كەلدى، بەلكى تۇل-پارلار تاراسلاپ پەللىگە قاراپ چاپقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنى ئالغا باس، دەپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش-كە ئۈندىمەكتە. بىز شائىرنىڭ ئەنە شۇ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان-

دا ئۇنىڭدىن چەكسىز ھوزۇر ۋە ئىلھام ئالىمىز، شۇنداقلا شائىرنى ئىختىيارسىز ئەسلەيمىز.

نۇرمەھەممەت بوساقۇپ 1918 - يىلى كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم سوپۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈرەتتى. نۇرمەھەممەت نامرات ئائىلىدە، قىيىن تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ مەرىپەتكە ئىشتىق باغلاپ ئوقۇغان، ئۇ، باشلانغۇچ مەلۇماتىنى غۇلجا شەھىرىدە ئالغان. 1935 - يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە پىيادە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. نامرات ئائىلە، پەرزەندىگە ياردەم بېرەلمىگەچكە، ئۇ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن قاتتىق قىسىلغان، نامراتچىلىق ئۇنىڭ ئىلىم - پەن قويىندا غۇلاچ تاشلاشتەك كۆڭۈل ئارزۇسىنى ئورۇنداشقا ئىمكان بەرمىگەن. شۇڭلاشقا ئاخىرى ئوقۇشنى توختىتىپ 1936 - يىلى باسما زاۋۇدىنىڭ نابور بولۇمىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن.

نۇرمەھەممەتنىڭ شېئىرغا بولغان قىزىقىشى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەندىلا قوزغالغان. ئۈرۈمچىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ژورنالىستلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۇلاردىن تەلىم ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ھەمدە ناۋايى، مەشرەپ، موللا بىلال، سېيىت مەھەممەت قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئوقۇپ كلاسسىك ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولىدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى يازغۇچىلىرىنىڭ

ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزلىگىدىن تىرىشىپ رۇس تىلى ئۆگىنىپ گوركى، ماياكوۋسكى، پوشكىن، لېرمونتوپ، گوگول، چېخوپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. مۇشۇنداق بېرىلىپ ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىش، زېرىكمەي ئىزلىنىش — نۇرمەھەممەتنىڭ ئەدەبىي بىلىمىنى تولۇقلاپ، يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئاساسەن 1937 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، شۇ يىللاردىن تارتىپ ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

نۇربوساقوپ قولىغا قەلەم ئېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا 1941 - يىلى ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەھرىر بولۇپ كېلىدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ گېزىتخانىغا كېلىشى، نۇربوساقوپنىڭ ئىجادىيەتتە يۈكسۈلىشىگە زور ياردەم ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇلار پات ئارىدىلا بىر ئانىنىڭ قوشكېزەك ئوغلىدەك ئىجىل - ئىناق بولۇپ كەتتى، قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا باستى. ئورتاق مەقسەت، يۈكسەك ئىنقىلاۋىي غايە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىمۇ بىرلەشتۈردى، ئۇلار بىرلىكتە ئۆگەندى. شۇچاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە كىشىلەرنىڭ رايىنى مۇلاھىزە قىلىپ، نىمىنى يېزىش قانداق يېزىش، كىشىلەرنى قاياققا باشلاش ئۈستىدە باش قاتۇردى.

ئاندىن كېيىن جاھانگىرلىككە، فېوداليزمغا، مىللىي زۇلۇمغا، خۇراپاتلىققا قارشى ئۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغىتىپ، جاھانگىرلىككە، ئېزىش-ئېزىلىشكە، ئادالەتسىز تۈزۈمگە، ۋە مىللىي زۇلۇمغا، خۇراپاتلىققا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى، ياشلارنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ، نادانلىقنى تۈگىتىشكە چاقىردى.

1941-يىلى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى، شەرقتە ياپونىيىنىڭ ئۇنىڭغا ماسلىشىشى نەتىجىسىدە شىڭشىسەي ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كوممۇنىستلار، ۋەتەنپەرۋەرلەر، ۋە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى قاتتىق باستۇردى. ۋەزىيەت داۋالغۇپ، كۈرەش كەسكىنلەشتى. شىڭشىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئۈمىدىنى جاھانگىرلارغا باغلاپ تويدى. ئەمما يىراقنى كۆرەر شائىر نۇربوساقوپ، 1941-يىلى «يېڭىلمەس كۈچ»، 1942-يىلى «يات يوقىلىدۇ پات»، «ئۇرۇش دەھشەت» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ، بىرلىشىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چىلبۆرىلەرنىڭ پات ئارىدا يوقىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شائىر:

سويەن چىن دىلىمدا،
كويىدۇ شۇنىڭغا يۈرەك ئوتى.
سويگۈنۈم مەۋجۇت بولار،
ئەۋج ئۇرسا ئىنقىلاپ ئوتى.

..............................

ئېيتىڭلار دوستلار چىقىلسۇن
ئەزگۈچىلەر زۇلۇم تەختى.
يىقىلسۇن گەكسلەر تېزدىن،
ئېچىلسۇن مەزلۇملەر بەختى.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ نېمىنى سۆيىدىغانلىغى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىغى، كىمگە تىلەكداش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرى-غا قويىدى، كىشلەرنى زالىملارنىڭ كونا دۇنياسى، تەختى-بەختىنى كۆمپەيكۈم قىلىشقا ئۈندىدى. شائىرنىڭ بۇ شېرى جامائەت ئىچىدە زور تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدىيىسىنى نامايەن قىلدى. شائىر كەس-كىن كۈرەش ئىچىدە تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ئارزۇسى-نى ئىپادىلەيدىغان مۇشۇنداق شېرلارنى كوپلەپ يازدى. بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنى خەلق ئىچىگە قويغانلىغىنىڭ، خەلقتىن قىلچە داجىمايدىغانلىغىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەزىيەت بارغانسېرى جىد-دىلەشتى. شىڭشىسەي 1943 - يىلى يالقۇنلۇق شائىر ل. مۇتەللىپنى كوزىگە قادالغان مىق ھېساپلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى-گە سۈرگۈن قىلدى. ئۇربوساقۇپ بىر يارامەلىق جان - جى-گەر دوستىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ سىڭا قانىتى سۇن-دى. جاللات شىڭشىسەي ئىككى قولىنى شىنجاڭدىكى ھەرمىلە-لەت ئەزىمەتلىرىنىڭ ئىسسىق قېنىغا بوياپ، خورجۇن - قا-چىسىنى پۇل - دۇنياغا تولدۇرۇپ شىنجاڭدىن بىراقلا يو-

قالدى. لېكىن ۋەزىيەت ئۆزلۈكسىز يامانلىشىۋەردى. شىڭ-
شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىن كەلدى. ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى
يەنىلا ئوڭشالمىدى. بۇ ھالەتنى شائىر ئىخچام ۋە چۈشىنىش-
لىك قىلىپ مۇنداق يازدى:

شىڭشىسەيدىن قۇتۇلۇپ،
ۋۇجۇڭشىنغا تۇتۇلدۇق؛
زالىملارنىڭ قارنىغا،
تىرىك - تىرىك يۇتۇلدۇق.

ئۆربوساقوپ قەدىردان سەپداشلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن
ھەر جەھەتتىن قاتتىق سىقىلدى. ئاخىر 1944 - يىلى
ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئۈرۈمچىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيت-
تى. ئۆربوساقوپنىڭ ھالىغا يەتكىدەك بىرەر ئورۇن چىقمى-
دى. شائىر ئىشسىز قېلىپ، سوپۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كۆ-
چۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

1944 - يىلى نويابىردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى باشلانغاندا، شائىر ئۆربو-
ساقوپ ئاكتىپ تۈردە بىر قولىغا قەلەم يەنە بىر قولىغا
ئەلەم ئېلىپ، ئىنقىلاۋى سەپكە قاتناشتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن
ئۇرۇش ئوتلىرى يالقۇنجاپ، ئىس - تۈتەكلەر كۆككە كۆ-
تۈرۈلگەن جەڭ مەيدانلىرىدا يۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن
خەلقنى ئويغىتىش، ئىنقىلاۋى سەپكە ئۇيۇشتۇرۇش، دۈشمەن-
گە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش توغرىسىدا بار

ئاۋاز بىلەن تەشۋىق قىلدى. شۇ يىلى ئۇ يابىردا «بۇ نې-
مە دولقۇن؟»، دىگابىردا «ئاتلان كۈرەشكە»، «دېۋو قالغىن-
پات» دېگەن شېئىرلىرىنى يازدى. شائىر پۈتۈن دىققىتىنى
ئازاتلىق - ئەركىنلىك ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشكە قارات-
تى. ئائىلىسىنى، ئۆلۈمنى ئويلىمىدى.

گومىنداڭچىلار غۇلجا تەۋەسىدىن سۈرۈپ چىقىرىلغان-
دىن كېيىن، شائىر ئۇربوساقوپ گېزىتىگە كىرىپ تەھ-
رىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىنقىلاپ جىد-
دى داۋام قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. شۇڭا ۋاقىت، پۇل سۆ-
زۈشتە قىلماي ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇربوساقوپ زىم-
مىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغاندىن
باشقا، جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمانلار ھەققىدە ۋە ئالدىنقى
سەپكە ياردەم بېرىش ھەققىدە ئۆزىمەي شېئىر، ھې-
كايە، سىياسى ماقالىلارنى يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىپ،
خەلقنى قوزغاتتى، ئىلھام بەردى، ئەكسىيەتچى دۈشمەنلەر-
نى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىپ، ئۇلارغا زەربە بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش-
نىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى جەڭچىلەرنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ
قالدى.

كېيىنرەك غۇلجىدا ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق بىر
قەدەر يۈكسۈلۈپ، بىرنەچچە گېزىت - ژورنال چىقىشقا باش-
لىدى. كىتاپلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ تۇردى. شائىر-
لار، يازغۇچىلار، ژورنالىستلار تەرەپ - تەرەپتىن غۇلجىغا

كېلىپ، ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر- بىرىنى قوللاپ، بىر- بىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ قىز- غىن ئىشلىدى. نۇربوساقوپ ئۇچۇن ئەمدى ئۆگىنىش ۋە ئىجات قىلىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى توغۇلدى. ئۇ، ئوز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاش بىلەن بىللە، «ئەسەرلەر قويىندا تاۋلاندۇق»، «ئالغا باس!»، «سوزلە تارىخ»، «كۇدۇك»، «قەلەم» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، «قانلىق قى- ساس» دىگەن ھىكايىسىنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، تىلى ئاممىباپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، دەۋر ئالاھى- دىلىكىگە ئىگە بولۇپ، جاماەتچىلىكنىڭ سويۈپ ئوقۇشىغا سا- زاۋەر بولدى.

نۇربوساقوپ شېئىرىيەت ۋە ھىكايىچىلىقتىن سىرت يە- نە تەرجىمانلىق، ھەجۋى رەسىم سىزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئىنقىلاۋي ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قا- زىنىشى ئۇچۇن كوپلىگەن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ، يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ياردىمى بىلەن داڭلىق ئېغىز ئەدىبىيات نەمۇنىلىرىدىن بىرى، ئەرەپ خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدىبىي مىراسى بولغان مەشھۇر ئەسەر «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە ئون كېچىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇردى؛ رۇس شائىر- يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كىتاپخانلارغا تونۇشتۇردى. گېزىتتە

«غىدىق» دىگەن مەخسۇس ئىستوننى ئېچىپ، ماقالا ۋە خە-
ۋەرلەر يېزىپ، بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ رەسىملەرنى سىزىپ
تۇردى. «غىدىق» ئىستونى ئەينى ۋاقىتتا ناچار ئىللەتلەر-
نى تۈگىتىپ، ياخشى ئادەت تىكلەشتە مۇھىم ۋە زور رول
ئوينىدى؛ نۇربوساقۇپ يەنە ياشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ،
ئۇلارنى ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخباراتچىلىق ۋە رەسىم سى-
زىش، رەسىم تارتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلدى
ۋە تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ياشلار بۇ سا-
ھەگە قىزغىن ھالدا ئىنتىلدى.

نۇربوساقۇپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا قىزغىن ئىشلەپ
يۈرگەن مەزگىلدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدۇ. لېكىن
كېسەلگە پەسەن قىلماي، يېزىشنى، سىزىشنى داۋاملاشتۇردۇ.
خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ "داۋالىنىڭ، ئوبدان دەم
ئېلىڭ" دىسە، ئۇ: "تەندە جان بولىدىكەن، باش چوكۇ-
رۇپ ئىشلەش، ياخشى ئىشلەش، ئەۋلاتلارغا كۆپرەك نەر-
سە قالدۇرۇش كېرەك" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. نۇربوساقۇپ
لەۋزىگە تۇرۇپ، تاكى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىچە، ئۆز
ئارزۇسى بويىچە ئىشلەپ، دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى ئىچ-
دە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. نۇربوساقۇپ ئۇزۇندىن بۇ-
يان ئارزۇ قىلغان، ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن كىشىلەرنى قولغا
كەلتۈرۈشكە ئۈندىگەن ئازاتلىق تېڭى ئېتىشى بىلەن ئىنت-
تايىن خوشاللاندى ۋە ھاياجانغا تولدى، بىراق كېسەل
ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، 1950 - يىلى 18 - دېكابىردا

32 يېشىدا ۋاپات بولدى. دېمەك، ئۇنىڭ "ئازاتلىق"، "ئەركىنلىك" دەپ سوققان يۈرىكى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللا تېنىقتىن توختىدى.

شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئىچىگە ئالغان «يېڭىلمەس كۈچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1951 - يىلى بېسىلىپ چىقتى. ئەمما شائىر ۋە ژورنالىست نۇر بوساقوپ بىزدىن تولىمۇ ياش ئايرىلىپ كەتتى. بىراق ئۇ، ئاشۇ قىسقا هاياتىدا خەلقىمىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىشلارنى ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ كۆرەش ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن شېئىرلىرى، هېكايىلىرى ۋە ماقالىلىرى بىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دائىمى هەمراسى بولىدۇ. خۇددى ئۇ ئۆزى:

قىرىلسامۇ، ئۆلسەممۇ مەن بىللە دائىم،
هاياتتىكى كۆرەشلەردە ئىزىم ئۆچمەس.
ئاتاپ ماڭا شېئىر توقار ياش بوغۇنلار،
هېچ ۋاقىتتا مەندىن ئۇلار مېھرىن ئۈزمەس.

دەپ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن يازغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىزى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، خەلقىمىز ئۇنى مەڭگۈ يات ئېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆرەشچان روھىدىن داۋاملىق ئۆگىنىدۇ.

# ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن قەت كوتۇرۇپ، ئازات بولغان ئازات رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى بارغانسىرى كۈچەيدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدوڭ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت يونىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بەخش ئەتتى. بىپايان يېزىلار ۋە شەھەرلەردە ئاممىۋىي خاراكتېرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، بۇ ھەركەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئالقىشلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مىللىي ئۇسۇل، مىللىي تىياتىرلارنى ئويناش پائالىيەتلىرى راسا ئەۋجىگە كوتۇرۇلدى. ھەر بىر يېزىدا دېگىدەك تىياتىر ئومەكلىرى قۇرۇلۇپ، تە-

داتۇرخانىلار بارلىققا كەلدى. مەزمۇنغا باي، جەلىپ قىلىشى كۈچلۈك بولغان يېڭى خەلق قوشاقلىرى، لەپەرلەر ۋە ئېيتىشىشلار ئازات رايون يېزىلىرىنى قاپلاپ كەتتى. قەت كوتەرگەن ئاممە خەلق سەنئىتىگە ئۇزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق يېزىلاردىكى سىنىپىي كۆرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى خوشاللىق ئىچىدە بايان قىلىشتى، كوممۇنىسلار پارتىيىسىنى، داھىنى، پەرزەنت قوشۇندىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى مەدھىيىلەشتى.

خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە بىلەن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ شەھەرلەر ئارقا-ئارقىدىن ئازات قىلىنىپ، ئۇ يەرلەردىمۇ ئىشچىلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى كۈچلۈك ھاياتى كۈچىنى جارى قىلدى. بولۇپمۇ ئىشچىلارنىڭ ياڭگېر ئۇسۇلى، دراما-تىياتىر ئىجادىيىتى ۋە ئۇنى ماھارەت بىلەن ئويناش سەنئىتى روشەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيە دەۋرىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، جەڭچىلەر ئۇزلىرى ئىجاد قىلىپ، ئۇزلىرى ئويناپ چىققان سوز تالشىش، مىلتىق شېئىرلىرى كەڭ-كولەمدە مەيدانغا كەلدى. روتا-ئەترەتلەرنىڭ دىكلاماتسىيە ئوقۇش، ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قاناتيىدۇرۇلدى. بۇ ئەدەبىي پائالىيەتلەر قىسىملارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى كۈچلۈك ئەكس

ئەتتۇردى. ھەممە ئۇ قىسىملار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركۈۋى قىسمى بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە غايەت زور مەدەت ۋە ئىلھام بەردى.

ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئاممىسىنىڭ ئاممىۋى خا- راكتېرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى، ئۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، قايناق كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مول ئىجا- دىيەت خام ئەشيالىرىغا ئىگە بولدى، ھەممە دەۋر روھىغا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ياراتتى. يېڭى ماۋ- زۇ، يېڭى باش تېما، يېڭى پېرسوناژ، يېڭى ئەدەبىيات شە- كىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ دەۋر ئەدەبىيات - سەنئە- تىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ ھال تېما ۋە ژانىر- لارنىڭ خىلمۇ - خىللىقىغا سەۋەپچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل شەكىللىك ئەسەرلەر خۇددى يام- غۇردىن كېيىنكى باھارنىڭ مايسىلىرىدەك ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، مافېڭ بىلەن شى رۇڭ بىر- لىشىپ يازغان «لۈيلىياڭ قەھرىمانلىرى»، يۈەنجىڭ ياز- غان «يېڭى باتۇرلار»، كېيىن يازغان «چىلەك قىسسىسى» قاتارلىق رومانلاردا دىخانلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇزىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە زومىگەر - پومېش- شىكلار سىنىپىغا قارشى كۈرەشلىرى ئوخشىمىغان تەرەپتىن خاتىرلەنگەن؛ جاۋشۇلى يازغان «لىجيا جۇاڭدىكى ئۆزگۈ-

رۇشلەرى، «شاۋنېر خېنىمنىڭ ئويلىنىشى»، شاۋزىنەن ياز-
غان «يەر مىناسى»، غەربىي شىمال سەنئەت ئۆمىكى كول-
لىكتىپ يازغان «ليۇخۇلەن»، ليۇ بەييۈي يازغان «سى-
ياسى كومىسسار»، خۇاشەن يازغان «چاپان يېڭىدىكى قان»
قاتارلىق پوۋېست، ھېكايە، دراما، ئاخبارات ئەدەبىياتى
ھەر خىل شەكىل بىلەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيە قەھرىمان-
لىرىنىڭ جاسارىتىنى، ئىنقىلاپ ئىشلىرىغا، خەلق ئىشلىرى-
غا بولغان كويۇنۇشى ۋە چەكسىز ساداقىتىنى بىۋاستە ئەكس
ئەتتۈردى؛ جاۋشۇلىنىڭ «لىيۇيسەيىنىڭ قوشاقلىرى» ناملىق
پوۋېستى، جولىبونىڭ «بوران - چاپقۇن» ناملىق رومانى،
ئايال يازغۇچى دىڭلىڭنىڭ «ساڭگەن دەرياسى ئۈستىدىكى
قۇياش نۇرى» ناملىق رومانى، يېزىلاردىكى ئىجارە كې-
مەيتىش، يەر ئىسلاھات ھەركىتىنى ئوخشاش بولمىغان دا-
ئىرە ۋە ئوخشاش بولمىغان چوڭقۇرلۇقتا ئەكس ئەتتۈرگەن
بولسا، خې جىڭجۇ قاتارلىقلار ئىجات قىلغان «ئاق چاچ-
لىق قىز» ئوپېراسى، رۇۋەن جياڭجىڭنىڭ «جياڭخې سۇيى»
ناملىق داستانى، كاڭجۇننىڭ «مەن تۇرغان ئىككى ئائى-
لىنىڭ خوجايىنى» ناملىق رومانى قاتارلىق ئەسەرلەردە
يېزىلاردا قاتتىق خارلانغان، ئېزىلگەن ئايالارنىڭ فېودال-
لىق، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەشلىرى باش تېما قىلىنغان،
شۇنداقلا، ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى يېزا تۇرمۇشىنىڭ
يېڭى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەرلەرنىڭ تېما ۋە مەزمۇنىدىكى بۈيۈك ئۆزگۈ-

رۆشلەرگە ئەگىشىپ، ھەر خىل پېرسوناژلار ئوبرازى يارى-
تىلدى. بۇ قەھرىمان پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرى پرولېتا-
رىياتنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى، بەزىلىرى ئۆسۈپ - يېتىلمە-
ۋاتقان ياش ئاكتىپلار ۋە ئىلغار كىشىلەر، بەزىلىرى
ئاددى ئەمگەكچىلەر، بەزىلىرى بولسا قەت كۆتەرگەن ئا-
يااللار. يازغۇچىلار ئۇلارنىڭ سىنىپى كۆرەش، ئىشلەپچىقى-
رىش كۆرىشى داۋامىدا ئىپادىلىگەن ئالى پەزىلەت، يۈك-
سەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كىشىنى قالتىس ھاياجانلاندۇرى-
دىغان ئىش ئىزلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆ-
سۈپ - يېتىلىش جەريانىنى سۈرەتلەپ بەردى.

1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم
بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىقنى تەلەپ
قىلىش ھەققانى پىكرى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
كۆرۈنۈشتە تىنچلىق سۆھبىتىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئامې-
رىكا جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ئۇرۇش
قىلىشقا ئاكتىپ تەييارلاندى.

1946 - 7 - ئايدىن تارتىپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى
ئۇرۇشنى باشلىدى. دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان-
لىكى گېزىتخانا، نەشرىيات، كىتاب - ژورنال چىقىرىش
ئورۇنلىرى ۋە كىتاپخانا، قىرائەتخانىلارنى تاقىۋەتتى، مەن-
ئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان
رايونلاردىكى ئىلغار ئەدىبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ سىياسى

ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىكى
چەكلەندى، ئۇلار ھامان سۇيىقەست، زىيانكەشلىك، «ھېيغۇۋ-
لىش لاگېرى»غا قامىلىش خەۋپى ئاستىدا ياشىدى. ھەتتا گومىن-
داڭچىلارنىڭ ھەيۋىسى ئۆرلەپ، ئىلغار يازغۇچىلارغا ئوچۇق-
ئاشكارا ھالدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن زىيانكەشلىك قىلدى.
لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرى قانچىلىك ۋەھشىلىك بىلەن
بېسىم ئىشلەتمىسۇن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پار-
تىيىسىز رەھبەرلىك قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركىتى
ئاۋالقىدەكلا قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ھەر قېتىمقى ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك دېموكراتىيە ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئازات
رايونلاردىكى قايناق - تاشقىنلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە-
زىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، دېموكراتىيىنى تەلەپ
قىلىش، ئازاتلىق، ھۆرلىكنى تەلەپ قىلىش، ئىتتىپاقلىق، تىنچ-
لىقنى تەلەپ قىلىش، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پاشىستلى-
قىنى پاش قىلىش بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ئاچارچىلىققا قارشى كۈرەش
قىلىش، زىيانكەشلىككە قارشى تۇرۇش، "ئىسيانىنى تىنجىتىش"
قا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۈ-
رەشلەردە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلىپ، ئازانلىق ئۆ-
رۈشقا ئاكتىپ تۈردە ماسلاشتى. مەشھۇر شائىر ۋېن يىدۇ
"جوزىنى مۇشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ تاپانچى-
لىرىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى. ئۇ ئۆلۈشكە رازى بولدىكى،
تىز پۈكۈشنى خالىمىدى. جوزىچىڭ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ

قالغاندا. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولىدىكى، ئامېرىكىنىڭ خەيرىيەت ئاشلىقىنى ئالمىدى... ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى كۆرسەتتى.» ① گومىنداڭنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان ماۋدۇن: «مەن تارىختىن بۇيان بۇنداق زىندىيەتكە، نومۇسسىزلىققا، پەسكەشلىككە، جىنايەتكە تولغان ئىككىنچى بىر ئورۇننىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن» ② دېدى. زاڭ كېجيامۇ: «ھەجۋى شېئىرلار كۆپىيىپ كەتتى، بۇ شائىرلارنىڭ تۇيۇقسىز خۇشاللىقىدىن بولماستىن، بەلكى، يۈرەككە سانجىلىپ، كۆزگە قادالغان ئىشلارنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقىدىن. ئۇ شائىرلارغا سانجىلىپ كەتتى، شائىرلار يورۇغلۇقنى دەدمىيەلەشنى خالىمايدۇ-ئەمەس، يورۇغلۇق گويا كى ئېقىن سۇدەك باشقا ياققا ئېقىپ كەتتى.» ③ دېدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە ھەركىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يۇقۇرى دولقۇنغا ئۇرلىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن دېموكراتىك كۈرەش تېخىمۇ زىچ بىرلەشتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە ھەركىتىنىڭ جىددى ئېقىمىدا ئۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار، كۆپلىگەن ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەر بار-

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، 699-بەت.

②③ تيەن جۇڭجى، سۇن چاڭشى تەھرىرلىگەن «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» (ئۇيغۇرچىسى) VIII بابتىن.

لىققا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىلەشلەر بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىلدى. ئەشۇ رايونلاردا كۆرەش قىلغان يازغۇچى - شائىرلاردىن زاڭ كېجيا، ماۋدۇن، شادىڭ، ئەي ۋۇ، فىڭشۇېفىڭ، خۇاڭ گۇيېۋ قاتارلىقلار يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىلىك يىرگىنىشلىك ماھىيىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان، غەزەپ بىلەن پاش قىلىنغان، ئاچچىق سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە شەھەر ئاھالىسىنىڭ نارازىلىقى، قارشىلىقى ۋە يېڭى ئىستىقباللىغا ئىنتىلىش كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ياكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يېزىلارنىڭ قاراڭغۇلۇق، چىرىكلىكلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى ۋە قارشىلىغىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. قىسقىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدە زور ئۆزگىرىلەشلەر بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇ نەتىجىلەر ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى قىياپىتى ۋە يېڭى يۈكسىلىشىنىمۇ كۆرسەتتى.

ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدە-

ھىيات - مەمەتەن ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ دەۋردە شىنجاڭدا شېڭ شىسەي تەختتىن ئاغدۇرۇلۇپ، ۋۇجۇڭشىن سەھنىگە چىققان ئىدى. يەنى قارا ئىت ھويلىدىن چىقىپ كېتىپ، ئاق ئىت ھويلىغا كىرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇمۇ خەلققە ھەرگىز رەھىم - شەپقەت قىلمايتتى. ئەمما ۋۇجۇڭشىننىڭ بىر يۈرۈش ساختىپەزلىك سىياسەتلىرى ئويغىنىۋاتقان شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرالمىدى ۋە تۇسۇپ قالالمىدى. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەر باپ بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ ھەل قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئوسال ھالدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى مارتتا ۋۇجۇڭشىن تېخى مەركەزدىن يوتكەش توغرىسىدىكى پەرمان يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ قويرىقىنى خادا قىلدى — غىپپىدىلا نەنجىڭگە بېرىۋالدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، شىنجاڭغا گومىنداڭ گېنراللىرىدىن بىرى ھەم كۆچلۈك سىياسى - پائالىيەتچىسى جاڭجىجۇڭ رەئىس بولدى. بۇ چاغدا مىللى ئارمىيە غۇلجا، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيە ھەم شەھەرلەرنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئىشغال قىلغان بولۇپ، گومىنداڭ بىلەن مىللى ئارمىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ھەربى قىسىملىرى جىددى تىركىشىش ھالىتىدە تۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىنىڭ شىددەت بىلەن ئېلىپ بارغان ھۇجۇمى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ يانار

تاغ ھالىتىدىكى ئەلپازىدىن قورققان بىر قىسىم گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى جېنىنى قولغا ئېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ ھە دەپ قاچماقتا ئىدى. ئۇلار ئاپتوموبىل، ئايروپىلان بىلەن قېچىپ كېتىشىۋېتىپ، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئىنقىلاب يالقۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىقىۋاتقانلارغا، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغان ھالدا، ۋاي "ئىلى تەرەپتە مىللىي ئارمىيە ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەك قىلىۋەتتى. مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدە ھەر كۈنى كېچىسى ئوق ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ. تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئىنتايىن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، ۋەزىيەت داۋالغۇپ قالدى." دېيىشىپ شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزەتتى. شىڭكلاشقا، جاڭجىجوڭ مۇرەسسە - مادارا‌چىلىق ھۆنىرىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭنى ئىدارە قىلماقچى بولدى - دە، ئالدى بىلەن مىللىي ئارمىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى. 1946 - يىلى سېنتەبىرنىڭ بېشىدا سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئېزىزى قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مائاۋىن رەئىس، مائاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى. گەرچە بۇ دەۋردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ،

جاڭجېيشى خاندانلىقى قىلىنىڭ ئۈستىدە لېكشىپ قىلىۋاتسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيتتى. جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالسىمۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا يېنىپ بىر چىشلىۋېلىشقا ئورۇناتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ھەربى كۈچلەرنى يوتكەپ، قوراللىق قارشىلىقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىشتىن تاشقىرى، مەدىنى - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەشۋىق - تەرغىبات ھەتتا تەتقىقات ئىشلىرىغىمۇ قول تىقىپ، ئەكسيەتچىل سىياسىتىنى ھىمايە قىلىشقا ئۇرۇندى. تېباتىر ئومەكلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر خىل تىلدىكى گېزىت - ژورناللارنى چىقىرىپ، يالانما ئەدىبلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ لېكسىيە سوزلەش يىغىنلىرى ئېچىپ، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھالاتكە قاراپ ماڭغانلىقىنى يوشۇرۇش، قىستىراپ كېتىۋاتقان ئومرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى كەڭ ئاممىغا فېئوداللىق ئىدىيە، پانتۈركىستلىق ئىدىيىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى بېخۇتلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن مىللى، دىنى ۋە ئېرقى مۇناسىۋەتلەردىن، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ياشلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل نامدىكى گۇرۇھ ۋە ئومەكلەرنى قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ۋە كوممۇنىزىمغا قارشى سۇيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان ھەربى ۋە خەلق-

نىڭ كۈچلى ئاللىقاچان گومىنداڭنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى تۇ-
يۇپ، ئاغزىدا ھەدەپ قويسىمۇ، كۆڭلىدە باشقىچە چوت
سوقاتتى. بۈگۈن تەبرىكلەش بەزمىسى ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ
ئەتە ماتەم ھازىسى ئاچىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇراتـ
تى، ۋاقىت ئەھۋالى بويىچە ئېيتقاندا: بۇ ۋەزىيەت يورۇغـ
لۇق ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىدى. چۈنكى كوممۇنىستلار
پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قى-
لىش بىلەن ئالغا بېسىپ، يورۇغلۇق ئالدىدىكى قاراڭغۇ-
لۇقنى يېرىپ ئۆتۈپ، خەلقچىللىق، تېچلىق يېڭى ۋەزىيەت
مەنزىرىسى ئىچىگە كىرىپ بېرىشىنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكى ھە-
مىگە ئايان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتى كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلالماي
كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ
مېڭىسىدا كۈلۈپ مەسخىرە قىلىشقا ئۇچراپ، نەزەردىن چۈ-
شۈپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر-
مىللەت خەلقىگە ۋە ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خا-
دىملىرىغا يۈرگۈزگەن پاچىلىق زىيانكەشلىكى ۋە مەككار-
لىق، ئالدامچىلىق، ساختا تەشۋىقات ئۇسۇللىرى، بۇ تەرەق-
قىيپەرۋەرلەرنى ئىنقىلاپ يولىدىن توختىتىپ قالالمىدى. قول-
لىرىدىكى كۈرەش قوراللىرىنى تاشلىتالمىدى، بەلكى بۇ ئەدە-
بىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ زور تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ جەڭگى-
ۋار ئورنىدا خېيىم-خەتەرلەر ئىچىدە كۈرەشنى داۋاملاشـ
تۇردى. يەنە بىر قىسىملار ئازات ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆ-

تۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قايتىدىن ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇچ ۋىلايەتتىكى تەشۋىقات بولسا، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، قايناق-تاشقىنلىققا چۆمدى. بۇ رايونلاردا نەشرىياتچىلىق، مائارىپ ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردا كۆپلىگەن يەرلىك گېزىت ۋە ژۇرناللار باھار مايسىلىرىدەك تەرەپ-تەرەپتە بىخ سۈرۈپ ئۈنۈپ چىقتى. بۇ گېزىت-ژۇرنال، مەجمۇئەلەرنىڭ بېتى سەھىپىسىدە "شىنجاڭ ئازادلىقى" دىن بېرىلگەن جۇڭگو ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ شىددەت بىلەن ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىۋاتقانلىق خەۋەرلىرى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بولىۋرۇق خاراكتېرلىك ھوججەتلىرى، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم سۆزلىرى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تەشەببۇسنامىسى قاتارلىقلار كەڭ-كۆلەمدە ئېلان قىلىنىپ، كەڭ-كۆلەمدە تارقىتىلدى ۋە تەشۋىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلۈكسىز ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ۋە ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن سادىر قىلىۋاتقان قانلىق پاجىئەلەر، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يىرگىنچلىك سىنىپىي ماھىيىتى، ساتقۇنلىقى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىندى. ئۇچ ۋىلايەت تەۋەسىدە مەدەنىي ئاقارتىش، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بارغانچە ئۇلغىيىپ ۋە ئورلەپ، كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئازات رايونلاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايناق-تاشقىنلىق مەنزىرىسى ئۇچ ۋىلايەتنىڭ مەيدانىغا كېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى

مىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىگە زور مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتى، تېخى ئازات بولمىغان، جاھالەت ئاستىدا تۇرغان ۋىلايەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتىگە كۈچلۈك تەسىر بېرىپ، ئۇ رايونلاردىكى ئىنقىلاپنىڭ سۈرئىتىنى ئىلگىرىلەتتى، بۇ جايلاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت، تەشۋىقات پائالىيىتى ئىچكى جەبھەتتە ئۈچ ۋىلايەت تەشۋىقاتى بىلەن ماسلاشتى.

شۇنداقتىمۇ شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى خىلمۇ-خىل تارىخىي شارائىتلار چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئىتى تېگىشلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىشى تېخى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاكى مەملىكىتىمىز تولۇق ئازات بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، مىللىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە ھەقىقىي تۈردە تەرەققىياتقا ئىگە بولۇپ، يېپ-يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئومۇمەن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىر مۇنچىلىغان مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچى-شائىرلارنىڭ يېڭى ئىجادىيىتى ئار-

قىلىق ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن باغلانغان بول-
سا، ئەندى شۇ ئەسىردىكى 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەل-
گەندە زۇنۇن قادىر، نىم شېھىت، ئەخمەت زىيائى، سەي-
پىدىن ئېزىزى، خەلىل ساتتارى، قۇربان ئىمىن، ئەلقەم
ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق يە-
نە بىر تۈركۈم شائىر-يازغۇچىلار مەيدانغا چىقىپ، ھا-
زىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن
باغلاپ، كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئى-
جات قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسەن ئازاتلىقتىن كېيىنكى
دەۋر ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋ-
رىدىكى قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، مىللىي ۋە سىنىپىي كۆرەش-
نىڭ كەسكىن پەيتلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ جەڭ
قىلدى. شۇڭلاشقا بىز تۆۋەندە مۇشۇ دەۋردىكى بىر قىسىم
شائىر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاياتى ۋە ئىجادىيەت-
لىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئوتىمىز.

يىگىرمىنچى لېكسىيە

# ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ نامايەندىلەر

## 1 - قۇربان ئىمىن

قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ تورە ياۋاغ مەھەللىسىدە كەمبەغەل ھوپىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ۋە ئوقۇتقۇچىلار تېز پۈتتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ ئاساستا جەمئىيەت بىلەن تونۇشۇپ، ئەدەبىي پائالىيىتىنى باشلىغان. شائىرنىڭ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن چەكسىز ئىشەنچ ئىپادىلىگەن تۇنجى شېئىرى «كېلىڭ ياشلار» 1937-يىلى دىكابىردا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. قۇربان ئىمىن 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا بارغان. ئوقۇش جەريانىدا يولداش ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، شىن يەنبىڭ قاتار-

لىق ئىنقىلاۋىي ئەجدادلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىنقىلا-ۋىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، ئەجدادىيەتتە يېڭى بۇرۇلۇش ياسىغان.

شىڭشىسەي ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائى رىئاللىقتىن قاتتىق نارازى بولغان. شېھىردىن جەڭگىۋار قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ «شوخ. ئەركىن» تەخەللۇسى بىلەن ئاددى، چۈشىنىشلىك، يېقىملىق خەلق تىلىدا بىر قاتار شېئىر ۋە داستانلارنى يېزىپ، زۇلمەت-لىك ئىجتىمائى تۈزۈمنى، ئەكسىيەتچى ھوكۈمران سىنىپ-لارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن ۋە ئې-كىسپىلاتاتسىيە قىلغان جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز پاش قىل-غان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بول-غان ئىنتىلىشىنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا، ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ خەلقارا پاشىزىمغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا زەر-بە بېرىپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇۋېلىشتىن ئىبا-رەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا چاقىرغان. شا-ئىرنىڭ 1944 - يىلى «8 - مارت» خەلقارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «غۇنچەمگە خەت» داستانى، 1946 - 1947 - يىللاردا يازغان «ئاچ-چىق كۈنلەر»، «ھېيتكاردا ئۈچ قىز» ناملىق شېئىرلىرى بۇ جەھەتتىن خاراكتېرلىكتۇر.

قۇربان ئىمىن ئەشۇ جاھالەتلىك يىللاردا يالغۇز

شېئىر يېزىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالمىغان، بەلكى يەنە نۇرغۇن ئەدەبىي داستانلار، ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرىمۇ يازغان. ئۇنىڭ «گۈلقىز»، «ئىبرەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «توكيونىڭ تەقدىرى»، «ئارسلان»، «چېچەكىم»، «ئاشنامغا دەشنام». «قايىنغاندا ئوخشايدۇ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئامما ئىنتايىن قىزىقىپ ئوقۇغان ۋە كۆرگەن جەڭگىۋار ئىدىيىۋىلىككە، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي تۈسكە ئىگە ئەسەرلەردۇر. قىسقىسى، شائىر قۇربان ئىمىن ئادەمخور جەمئىيەتتە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، گومىنداڭ ساقچى مەمۇرلىرىنىڭ قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىشىغا ۋە قاتتىق سېنزورىغا پىسەن قىلماي، خەلق ئاممىسىنى ئويغۇتۇش مەقسەت قىلىنغان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، خۇددى "نالى تىلىنگىنى پۇلغا سېتىپ يەمەيمەن" دېگىنىدەك ئىش قىلدى. نەتىجىدە "زالىمغا كۆرۈندۈم يامان، زامان تار ئىكەن" دېگىنىدەك، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىق تاپىنىغا سانچىلغان تىكەن بولۇپ قالدى. ئۇلار پېكىرلىك شائىر «قەشقەر گېزىتى» دىكى تەھرىرلىك خىزمىتىدىن قوغلىنىپ، تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن قەلىمىنى تاشلىمىدى:

قوياش پارلاپ تارقىغاندا بولۇت، چاڭ،
شۇ چاغ مېنىڭ كۈتكەن باھارىم كېلىدۇ.

ئەنە، ئاستا سۈزۈلمەكتە يورۇق تاڭ،
بوۋاقلاردەك ياشلىق ئۆمرۈم كۈلىدۇ.

دېگەن ئۈمىت بىلەن ئازاتلىققا - تاڭغا تەلمۈردى...

تاڭ ئاتتى. 35 يىللىق ئۆمرى خارلىقتا ئۆتكەن بۇ خەلقنىڭ دىلكەش شائىرى ئۆز بەختىنى تاپتى. ئۇ، 1949-يىلى ئۆكتەبىردە «يېڭى دەۋرگە» دېگەن شېئىرىدا:

قوياش چىقتى ئۇپۇقتىن،
گۈللەر تىزدۇق ئۆتۈقتىن.
يېڭى ھايات باشلاندى،
قۇتۇلغاچ بىز قۇللۇقتىن.

دەپ يېزىپ، ئازاتلىققا تەنتەنە قىلدى. تاڭ ۋەسلىگە يەتكەن شائىر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجاتچىسى ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، يولداش ماۋزېدۇڭنى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى چوڭقۇر مۇھەببەت، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلگەن ھەر بىر غەلىبىنى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىدى.

قۇربان ئىمىن 1950 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شەنيەندە ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1960 - يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى-

نىڭ مەملىكەتلىك ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، بەخت-
لىك ھالدا رەئىس ماۋزېدوڭ، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي قا-
تارلىق پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى-
غا مۇيەسسەر بولدى. بۇنداق زور بەختتىن چەكسىز ئىل-
ھاملانغان شائىر قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
تېخىمۇ زور ئىجتىھات ۋە سەمىمى، ساداقەت بىلەن ئىش-
لەپ، يېڭى - يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلق ئا-
مىسى ئىچىدە تېخىمۇ يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشتى. «4 كىش-
لىك گۇرۇھ» ھۆكۈم سۈرگەن ئاپەتلىك يىللار ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن، شائىرنىڭ ھاياتى قىزىل دەريا سۈيىدەك
ئۇركەشلەپ، تارىم ۋادىسىدا ئېچىلغان گۈللەردەك جىلۋە
قىلدى. 1979 - يىلى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللى-
رىنىڭ مەملىكەتلىك تۆتىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، دۆلەت
رەھبەرلىرىمىز بىلەن يەنە بىر مەرتىۋە خۇشال - خۇرام
ئۇچراشتى. ھازىر ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزا-
سى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئىجرائىيە ھەي-
ئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.
شۇنداقلا، «قەشقەر ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ ما-
ئاۋىن باش تەھرىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

قۇربان ئىمىن ئۇزۇن يىللىق ئىجادى پائالىيىتى
جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ خب-

لى كۆپ شېئىرلىرى شەكىل جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن، تىلى ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇپلا قالماي، مەزمۇنى تۇتۇقلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ، دەبدەبەلىك سۆز - جۈملىلەردىن خالى، مىللىي پۇرىقى قويۇق، تۇرمۇشقا يېقىن بولغاچ، خەلق ئاممىسى ئىچىگە ئاسانلا ئۈزلىشىپ كېتىدۇ. بۇ، شائىرنىڭ ئامما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاممىنىڭ قەلب ساداسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

كۆز ئېچىپ ئەقلىم يېتىپ ئېيتتىم غەزەل تارىمدا مەن،
خەلق، ۋەتەننى كۈيلىدىم سازىم يۈرەك تارىمدا مەن.

بۇ ئىككى مىسرا شېئىر، شائىر قۇربان ئىمىننىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىجادىيەت يولىنىڭ توغرا باھاسى. شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجادىي ھاياتىدا يازغان نەچچە يۈزلىگەن شېئىر، داستان، دراما، كومېدىيە، ھېكايە، ئەدەبىي نەزەرىيىۋى ماقالىلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

ياشىنىپ قالغان شائىر 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زەپەر مارشى ياڭراۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە يېڭىۋاشتىن ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ:

بەختىيارمەن بۇ گۈزەل تارىمدا ئۆتكەچكە ھايات،
تەر تۆكۈش ئەھدىم مېنىڭ ئەلگە كۈچۈم بارىمدا مەن.

دېگەن جاراڭلىق قەسىمىنى ئاقلاش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلماقتا.

## 2. ئەلقەم ئەختەم

ئەلقەم ئەختەم 1922 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇديار يۈزى يېزىسىدا، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان. شۇڭا، باراخسان ۋە مۇزارلىق ئىلى سەھراسىنىڭ نامرات دېھقانلىرى ئېغىزىدىن كۆپلىگەن قىزىق چۆچەك، ھېكايە، جەڭنامىلارنى زوقلىنىپ ئاڭلىغان ۋە يادلاپ ئالغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئاساس بولغان. ئەلقەم ئەختەم مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن يازما ئەدەبىياتقا بېرىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن قىسسەلەرنى ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ ئەدەبىيات ئۇنىڭ سەبى قەلبىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ ئالدى.

ئەلقەم ئەختەم 1939 - يىلى 9 - ئايدا غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى. مەكتەپتە مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ ۋە بىلال ئېزىزى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن 1940 - يىلدىن تارتىپ ئىجادىيەت باغچىسىغا گۈللەر

تىرىشقا باشلىدى. 1942 - يىلى 6 - ئايدا دارىلمۇئەللى-
مىننى ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇ دەل مىلىتارىست شېڭشىسەي-
نىڭ گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئىنقىلابىي ۋەتەن-
پەرۋەرلەرگە قارىتا پاشىستىك ئاق تېرورلۇقىنى باشلىغان
مەزگىل ئىدى. جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن ئاجايىپ ئۆزگىرىش،
خىلمۇ - خىل ناھەقچىلىقلار شائىرنى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر
ئويلىنىش، تەھلىل قىلىش كەيپىياتى ئىچىگە ئېلىپ كىر-
دى. ئۇ، خىزمەتكە چىقىپ مائارىپ، مەتبۇئات، تەشۋىقات
ساھەسىدە ئىشلىدى. رىئال ئەھمىيەتكە چوككەنىرى، ئۇ-
نىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقى ئېشىپ ئادالەتسىز
تۈزۈمگە، ۋەھشى ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ئور-
لىدى، قارشىلىقى كۈچەيدى، ۋۇجۇدىنى ھۆرلۈك، باراۋەر-
لىك ۋە ئازادلىق ئارزۇسى قاپلىدى. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابىي پارتلاش بىلەن تەڭلا شائىر ئەلقەم
ئەختەمنىڭ ئىلھامى پارتلاپ چىقىپ، ئىجادىيىتىدە بىر
گۈللىنىش دەۋرى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ «ئۆچمەس تى-
لەكلەر»، «ۋەدە»، «ئارمان»، «قەشقەر قىزى»، «يارنى
سېغىندىم»، «بەخت ئىزدەپ كەل» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇ-
نىڭ تىپىك مىسالى:

ئاسماندا ئاي بار،
تەۋرەنمەستىن تىنچ
ئەمما ۋادىلار
ياتىدۇ نۇرسىز.

ئالدىمدا ئىش بار،
توسالغۇ بۇ قىش،
غەمكىن جەنۇپتا
بايلار كوڭۈلسىز.

يەنە كوز سېلىپ
ئاستا قارايمەن،
تارىم ئاقىدۇ،
غەمدە دولقۇنسىز......

شائىرنىڭ 40 - يىللاردىكى شېئىرلىرى نېۋدالىق زاھالەت ئۈستىدىن شىكايەت ئوقۇپ، مىللىي ئازاتلىق كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى "ئارمان" قىلىش ھىممىياتى بىلەن تولغان. «ئارمان» دېگەن شېئىرىدا شائىر ئوزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرى غايىسى ۋە ھىممىياتىنى شېئىرى يول بىلەن تولۇق ئوبرازلىق ۋە ئوتلۇق روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئىدىرنى، تاغنى
بوك يېشىل باغنى
سېرىق ئالتۇندەك
بويىدى ئاپتاپ;

ئېپەكتەك يۇمشاق
داۋالىق شامال،

بەردى پۇراقنى

ئەتىردەكلا ساپ.

مەن كەلدىم، كۆردۈم،

خۇشال بولدۇم بەك.

بۇ گۈزەل باغنىڭ

تېمىنى بويلاپ.

كۆڭلەر تولۇپ تاشىدۇ،

گويا مەڭۈ تىتەك.

باققا كىرىشنى

شۇۋاقتا ئويلاپ،

بۇ باغ گۈلزارلىق،

بوستانلىق جەننەم.

جەم - جەت ۋە تېنىچ

راھەت ئىچىدە،

كۆلدى، خوش بولدى،

ئۇتلۇق بۇ دىلىم.

غەمۇ قالمىدى،

كوڭۈل قېتىدا،

ئىگىز ۋە چەكسىز

يېشىل باغلىقنىڭ

بويى پەلەككە

تۇرىدۇ مەغرۇر.

كۆپ - كۆك مايسىدەك
ياپراقلىرىدىن،
ئالەمگە كۈندەك،
تۆكىدۇ چەق نۇر.

باغدا تاماشە،
ئويۇن ۋە كۈلكە.
قىپ - قىزىل چوغدەك
ياڭزا - ياڭزا گۈل.

ھورلىرى زىلۋا،
چاچلىرى سۇمبۇل،
خۇشخۇيلۇق بىلەن
سايرايدۇ بۇلبۇل.

گۈللۈك - چىمەنلىك
كۆكۈللۈك باغنى،
ئايلىنىپ زادى
كېتەلمىدىم مەن.

ئالمىلار ئېلىپ
يازدىم شېئىرنى،
تېخى شۇ باققا
يېتەلمىدىم مەن.

شائىر شۇ گۈل چىمەنگە تولغان، كۆكۈللۈك باغنى-
ئەشۇ بۇلبۇللار سايراپ، رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلغان،

ئالەمگە خۇددى كۈنگە ئوخشاش نۇر توكۈپ، پەلەكتە "مەغ-
رۇر" تۇرغان باغنى يارىتىش ئۈچۈن خەلقنى قوراللىق
كۈرەش قىلىشقا چاقىردۇ ۋە كۈرەشنىڭ ھامان يېڭىدى-
غانلىغى ھەققىدىكى كۈچلۈك ۋەدىسى، ئەمدى ھەم ئىشەن-
چىنى مۇنداق جاكالايدۇ:

قانلىق كۈرەشتىن
يانمايمىز ھەرگىز،
بولمىسا ۋەتەن
مەڭگۈگە ئازات.

ئاخىرقى ۋەدە
قايناق كوكۈلدىن،
يېڭىشكە قادىر
بولىمىز "غازات".

ئەلقەم ئەختەمنىڭ بۇ دەۋردە يازغان شېئىرلىرىنىڭ خېلى زور بىر قىسمىدا مىللى ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈش، خەلقنى ئەشۇ كۈرەشنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاھالاندۇرۇش مەزمۇنى سالماق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، يىللارغا مۇراجەت قىلىپ:

يىللار ئۇنۇتماي،
ئەندى سېخى بول!

چېلىشتىن بىزگە،
گۈللەر تېرىپ كەل.

ئۈمىدىم، كۆڭلۈم،
بۈگۈن سېنىڭدە،
ئىزدىگەنلەرگە
بەخت بېرىپ كەل.

دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شائىر ئۆز غايىسىنى ھەقىقى باھار بىلەن كۈتۈپ ئالدى.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «ئۈمىت دولقۇنلىرى» 1951 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1940 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە يازغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن؛ «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى بولسا 1957 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا ئازاتلىقتىن كېيىنكى بىر تۈركۈم شېئىر ۋە داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن.

شائىر ئەلقەم ئەختەم ئازاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئازاتلىق تېگىنى، كومپارتىيىنى، قەدىردان داھىيىمىز ماۋجۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، سوتسىيالىزمنى كۈيلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1950 - يىلى، ئەمدىلا ئازات بولۇشىمىز بىلەن يازغان «تاڭ ئاتقاندا» ناملىق شېئىرى، خەلقىمىزنىڭ داھىغا بولغان قىز-

غىنى قەلبى، چىن ۋە ساپ ھېسسىياتىنى، ھۆرمەت ئېھتىرامىنى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ناھايىتى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا، بۇ شېئىر يېقىملىق ئاھاڭغا سېلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلدى. بۇ جاراڭلىق ناخشا ھازىرغىچە توختىماي ياڭراۋاتىدۇ.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادى ئاساسەن شېئىر بولۇپ، ئۇ، ئۆزۈن يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىگە خاس، مۇستەقىل ئۇسلۇپ شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ئويناقلىقى، تەبىي ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. شېئىر شەكلى جەھەتتە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن بارماق ۋەزنىدىكى ئون بوغۇملۇقتا (بۇ خىل شەكىل ئەسلىدە خەلق قوشاقلىرىدىن كەلگەن) يېزىلغان بولۇپ، بىر مىسراسى بەش بوغۇمدىن سەككىز مىسراغا ئايلىنىدۇ. بارماق ۋەزنىدە ئون بوغۇملۇق شېئىر يېزىشمۇ ئاسان ئەمەس، لېكىن ئەلقەم ئەختەم بۇنداق يېزىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن سىرت، يەنە ئايرىغان مىسرالىرىنىڭ ھەر بىرىدە ئىمكانىقەدەر مۇستەقىل مىسرالىق خۇسۇسىيەتنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل شەكىل ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادى شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە بىر نومۇر مۇشۇ خىل شەكىل بىلەن شېئىر يازدى.

ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزۈن مۇددەتلىك تارىخي

تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇلارنىڭ مىللى تىلىنى شەكىللەن-
دۈرگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن باي ۋە رەڭ-
دار تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى مىللى
تىل مىللى ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە،
مىللى تۇرمۇشنى ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۈچلۈك ھالدا ئىپا-
دىلەپ، مىللى خاراكتېرنى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ جانلىق
سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بىرلىككە كەلگەن مىللى تىل بولمىسا،
مۇستەقىل ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان مىللى ئەدەبىياتنى يارىت-
قىلى بولمايدۇ. ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىنىڭ تىل جەھەت-
تىكى كىشىنى خۇشال قىلارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ
تىلى ئاددى، چۈشىنىشلىك، يېقىملىق ۋە جانلىق ھەققى
ئۇيغۇر تىلىدۇر. ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشتە ساپلىقى ۋە
مىللى تىل ئالاھىدىلىكىگە دىققەت - ئېتىۋارىنى بولگەن. ئۇيـ
غۇر تىل لۇغەت فوندىغا كىرمىگەن، خەلققە چۈشىنىكسىز
ئەمما دەبدەبىلىك ئەرەپ پارس تىللىرىنى ئىشلىتىشتىن
خالى بولغان.

ئەلقەم ئەختەم ئازاتلىقتىن كېيىن ئەدەبىي ماقالىلارمۇ
ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ مىللى ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزنى
قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا جان-
پىدالىق بىلەن ئىشلىدى، ياش ئاپتورلارنى تەربىيىلەشتە كوپ
ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ پىشقەدەم شائىر ھازىرمۇ ياشنىپ قالدىم
دەپ كۆرەشنى توختاتقىنى يوق، بەلكى ئۆزى ياشانغان-

ـەري قەلبى يالقۇنلاپ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشى مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرادە. يۈكسەك غايە ۋە ئۇلۇغۋار ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن كۈرەش قىلىپ داۋانلار ئاشماق-تا، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا.

## 3. تۇرغۇن ئالماس

تۇرغۇن ئالماس 1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر توققۇزاقتا، شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، باشلانغۇچ مەلۇماتنى قەشقەر شەھىرىدىكى مەكتەپلەردە ئالغان. 1939 - يىلى 7 - ئايدا دادىسىغا ئەگىشىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا بارغان، ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوز زاماندىشلىرى ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان.

شائىر تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1940 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان. 1942 - يىلى 8 - ئايدا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، قارا شەھەرگە خىزمەتكە بەلگىلەنگەن. كوپ ۋاقىت ئۆتمەي سىياسىي زىديالىكەشلەرنىڭ چىقىمچىلىقى بىلەن بۇ مەكتەپتىن يوتكىۋېتىلگەن. ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا ئاشكارا قارشى تۇرغانلىقتىن، ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن 1943 - يىلى 11 - ئايدا قولغا ئېلىنغان. 1945 - يىلى 10 - ئايـ

دا تۈرمىدىن چىقىپ، شۇ يىلى قىشتا قارا شەھەردىن پىيادە مېڭىپ قەشقەرگە كەلگەن. 1946 - يىلى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، دەسلەپ باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش كۇرسىغا مۇدىر، قوشۇمچە دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپكە تەرتىپ مۇدىرى بولىدۇ. مانا شۇ مەزگىللەردە ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قوللاشنى مەركەز قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قەشقەردىكى ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى ھەركەتكە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىزغىن قاتنىشىدۇ. چۈنكى شائىر ئۈچ ۋىلايەتتە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپقا ئۈمىدلىك كۆز بىلەن قاراپ، ئۇنى "ئازاتلىق مەشئىلى"، "باھارنىڭ شەپىسى" دەپ ئاتىغان ۋە بۇ مەشئەلنى شادىيانە ھېسسىيات، چوڭقۇر قىزغىنلىق كەيپىياتىغا چۆمگەن ھالدا؛

تاغلاردا ئازاتلىق مەشئىلى،
ياندۇ كېچىنى يورۇتۇپ.
كېلىدۇ باھارنىڭ شەپىسى،
تىيانشان باغرىنى ئويغۇتۇپ.

دەپ تەسۋىرلىگەن.

بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى قاينامتاشقىنلىق بىلەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مۇشۇ يىللاردا ئۇ، «مەكتەپكە»، «ئومرۇڭگە باق»، «ئۈمىدلىك خى-

يال»، قاتارلىق يالقۇنلۇق ئىنقىلاۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، مەردانىلىق بىلەن خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ جاللاتلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەكتەپكە» دېگەن شېئىرى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ شېئىر ياش شائىرنىڭ كۈچلۈك تالانتىنى، يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، خەلقنى نادانلىق، جاھالەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى:

تەنلىرىم ياپراق، تىترەپ توختىمىدى،
يۈرىكىم دەرتلىك - ئەركىن سوقمىدى.
چۈنكى ئەي يارىم، سىنىڭ ھالىڭنى،
كۆردۈم پىغاندا غۇنچە چاغىڭنى.

بويلىرىڭ نازۇك، كېلىشكەن زىلۋا،
ھەركەتلىرىڭ شوخ، قىلىمدۇ جىلۋا.
چاچلىرىڭ ئۇزۇن، ھەردەم يەلپۈنۈر،
قارا چاچلىرىڭ ھەريان تەلپۈنەر.

كۆزلىرىڭ خۇمار - جەۋھىرى ياناق،
ئايمۇ خىجىلدۇر جامالىڭ بەك ئاق.
لېكىن، بىلىمسىز - نادانلىقتا قۇل،
بۇلبۇل قونمىغان پۇراقسىز بىر گۈل.

خۇشبۇي پۇرىقى قېنى كۈلۈگىنىڭ.
بارمۇ قىممىتى ئۆتكەن كۈنۈگىنىڭ؟
ئۇيلا ئەي سىڭىل، نادانلىق يامان،
گەر ئوقۇمىساڭ يىغلىتۇر زامان.

تىڭشا كوچىنى، دوستلىرىڭ ئۆتەر،
دىللىرى يورۇق، مەكتەپكە يېتەر.
ئۆگىنىپ ئۇلار ھايات يولىنى،
ئۇستۇرمەكچىغۇ ئارزۇ گۈلىنى.

ئېلىپ سەن دەرھال ئۇلاردىن ئۈلگە،
تەخىرسىز يول ئال! ئانا مەكتەپكە.

1947- يىلى ماي ئېيىدا ئەخمەتجان قاسىمى، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭنى باشلاپ جەنۇبى شىنجاڭغا باردى. ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك غالچىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، "بىتىم" نى ئىجرا قىلىشقا كاپالەت ئېلىش يۈزىسىدىن قەشقەر خەلقى زور كولەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئۆتتۇرىسىدا سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقتى. سوھبەتكە قاتناشقان ۋەكىللەر 3 كىشى بولۇپ، شائىر تۇرغۇن ئالماسمۇ بار ئىدى. سوھبەت مەي-

دائىرىدىكى ۋە سىرتتىكى كۈرەشنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن
جاڭجېجۇڭ ئېغىزدا بولسىمۇ "يېتىم" نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا
كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.
شائىرغا ئۆلگىدەك ئۆچمەنلىك ساقلىغان گومىنداڭ دائىر-
لىرى 1947 - يىلى 21 - ئىيول كېچىدە قەشقەر دارىل-
مۇئەللىمىنىنى قورشاپ، شائىرنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى يې-
ڭىشەھەردىكى ھەربى تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ،
بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ تىز
پۈكتۈرەلمىدى. شائىر ھەربى تۈرمىدىمۇ جەڭگىۋار شېئىر-
لارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى كۈچلۈك نا-
مايان قىلدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن گومىنداڭ
دائىرىلىرى 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شائىرنى
تۈرمىدىن بوشۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. شائىر شۇ يىلى 8 -
ئايدا غۇلجىغا بېرىپ تاكى ئازاتلىققىچە «ئالغا» گېزىتى
تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، تۈرغۇن ئالماس قەشقەر ۋە
ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساھەسىدە خىزمەت قىل-
دى. 1953 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئەدە-
بىيات - سەنئىتى» ژورنىلىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى.
ئەدەبىي ئىجادى پائالىيىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.
ئۇنىڭ «قەشقەر»، «سايرام بويىدا»، «بوران يىغلايدۇ»،
«ساي بۇلاقلىرى»، «تاڭ سەھەر» قاتارلىق لىرىك ھەم

ۋەقەلىك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. «لەيلى گۆل» ناملىق داستانى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

شائىر ئۆز ئىجادى پائالىيىتىنى يالغۇز شېئىرىيەت بىلەنلا چەكلەپ قويمىدى. پىروزا ھەم دراماتۇرگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز تالانتىنى كۆرسەتتى. كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە بېغىشلانغان «قىزىل بايراق» ناملىق ھېكايىسىدە سېيىت ۋە لەيلىدىن ئىبارەت كوللېكتىپلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان يېزا ياشلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا بۇ ئەسەر خەنزۇ، ئېنگلىز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «پىچاق» ناملىق دراممىسىدىكى سارەم، قاۋۇل ئوبرازلىرى ۋە سەلبىي ئوبرازلاردۇ كىشىدە بەلگىلىك تەسىر قالدۇرىدىغان سېھرى كۈچكە ئىگە.

تۇرغۇن ئالماس ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق تۇر شېئىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس شېئىرى ئۇسلۇپ ياراتقان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، لىرىك ھەم ئېپىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ تۇرۇشى، شېئىرى تىلىنىڭ يارقىن ھەم ساپلىقى، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلىرى، شېئىر ۋەزنىنىڭ يەڭگىل، تۇراقلىرىنىڭ راۋانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر خىل مەردانە كەيپىيات، جۇشقۇن ھېسسىيات، كۈچلۈك بەدىئىي ماھارەت چاقناپ تۇرىدۇ.

## 4 . تېيىپجان ئېلىيوپ

تېيىپجان ئېلىيوپ 1930 - يىلى قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دادىسى ئۆز زامانىسىنىڭ بىلىم - مەرىپەتلىك، پازىل ئادەملىرىدىن ئىدى.

تېيىپجان 1937 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. تېيىپجاننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان ھەۋەسى ئېشىپ كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇ، تېخى 12 ياش چاغلىرىدىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، خەلق قوشاقلىرىنى خاتىرىلەش ۋە يادلاشقا كىرىشىدۇ. ئۆگەنگەنسېرى ئىشتىياقى ئېشىپ، بىلىم دېڭىزىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ۋە بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىگىدىن تىرىشىپ سلاۋيان يېزىقىنى ئۆگىنىۋېلىپ سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. 1944 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىدۇ. لېكىن دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، تۇققانلىرى ئۇنىڭ كۈچلۈك ئوقۇش ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ دىنى مەكتەپكە بېرىدۇ. ئۇ يەردىمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن پىردەۋسى، نا-

ۋايى، مەشرەپنىڭ شېئىر - نەزمىلىرى ئۇنى جەلپ قىلى-
ۋالدى. ئەمما ئۇ چاغلاردا دىندارلار تالىپلارنىڭ شېئىر
يېزىشىغا يول قويمايتتى. بىر كۈنى تېپىچان ھوجۇردا
ئولتۇرۇپ، سوۋېت يازغۇچىسى ئايبېكنىڭ «ناۋايى» روما-
ننى ئوقۇۋېتىپ، شېئىر يېزىشقا كىرىشىدۇ. بىراق مۇتەئەس-
سىپ موللا بۇ ھالنى كۆرۈپ قېلىپ، "شېئىر يازىدىكەن-
ەن، گېزىت - كىتاپلارنى ئوقۇيدىكەنەن..." ۋەھاكازالارنى
دەپ تەنبىھلەيدۇ. لېكىن موللىنىڭ ھەيۋىسى ياش ھەۋەس-
كارنىڭ جۈرئىتىنى توسيالمايدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن "جۈر-
ئەتى" دىگەن ئەدىبىي تەخەللۇس بىلەن شېئىرلار يېزىشقا
كىرىشىدۇ.

بۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىگە يۈزلىنىشى بىلەن خەلققە
بولغان قىرغىنچىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ،
يۇرتداشلىرى قاتارىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانلىق قىرغىن-
چىلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربى سەپكە قاتنىشىشنى
تەلەپ قىلىدى. ئەمما ئەسكەر ئېلىش كومسىيىسى ئۇنى
كىچىك دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. 1945 - يىلى يېزىلغان
«چەكچى ئاكامغا» دىگەن شېئىرى مانا شۇ ۋەقە ئاساسىدا
مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئارزۇسى ۋە
ئىرادىسى مۇنداق بايان قىلىنغان:

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومسىيە كىچىك دىدى يېشىمنى.

ئۆسكەن بولسا بويۇم يەنە بىر قېرىچ،
كۆرسەتەتتىم فرونتلاردا كۈچۈمنى.

بىلەلمىدىم كومىسسىيە دىگەنلەر،
ئىرادىنى ئۆلچەيدىكەن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دىمەي يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دىگەن نەس بىلەن.

تېيپچان ئېلىيۇپ 1948 - يىلىدىن باشلاپ، قورغاس ناھىيىسىدىن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى ۋە ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەلىماتىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭدەك پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىر قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمى، قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانى، شائىرنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن «كۆرەش»، «ۋىسال ئۈمىدى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «جانان ئۈچۈن»، «ئىشەنچ»، «شېرىن ئارزۇلار» قاتارلىق شېئىرلىرى مۇشۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

1949 - يىلى شەرقتىن قىزىل قوياش كۆتىرىلىپ، شائىر ئۇزاقتىن بېرىيان تەشنا بولغان قۇتلۇق تاڭنىڭ ئىللىق مېھرىگە چۆمىدۇ. 1949 - يىلى يېزىلغان «كۈن چىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى» دىگەن شېئىردا ئەنە شۇ شائىرنىڭ قەلبىگە سىغمىغان شاتلىقى ئەكس ئەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيوپ كۆچار، قەش-
قەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش،
يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەركەتلەرگە
قاتناشتى. بوران - چاپقۇنلۇق سىنىپىي كۈرەش جەريانىنى
باشتىن كەچۈرۈپ، مول ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولدى.
خەلقنى ئويغىتىش، زالىم پومىششىكلارغا قارشى كۈرەشكە
ئۈندەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان جەڭگىۋار
شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرىدا قەد
كۆتەرگەن دېھقانلار پارتىيە، ماۋجۇشىغا بولغان رازىمەن-
لىكى، تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تېيىپجان بىلەن
بىللە ئولتۇرۇپ رەئىس ماۋزېدۇڭغا خەت يازدى. ماۋجۇشى
خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، جاۋاپ خەت يازدى. خېتىدە
قەد كۆتەرگەن دېھقانلارنى تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەل-
تۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. داھىنىڭ بۇ غەمخورلىقى ياش
شائىر تېيىپجانغىمۇ كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيوپ ئۈرۈمچىگە
يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، پارتىيە
كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر باش-
قارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-
لۈك ئىدىيىۋىلىك ۋە ئاممىۋىلىققا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن
كۈندىن - كۈنگە ئىلگىرىلەيدۇ. ئىجادىيەت جەھەتتىنلا ئە-
مەس، ئىدىيە جەھەتتىنمۇ زور دەرىجىدە ئالغا بېسىپ 1953-
يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ.

1956 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدۇ، 1961 - يىلىدىن ئارتىپ كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاتىلدى. شۇندىن ئارتىپ ئۇ، مەركەزگە ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئاتاغلىق يازغۇچى، شائىرلىرى بىلەن قىلىن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇلارنىڭ باي ۋە مول تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. شائىر ئەي چىڭ، لى جى، گوشاۋچۈەن، بەيخۇا قاتارلىقلار ئۇنىڭ يېقىن ئۇلپەتلىرى، لى جى ئۇنىڭ «تېچلىق ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ پىكىر بەرگەن، گوشاۋچۈەننىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىدەك بولۇپ قالدۇ، شۇڭا ھەر قېتىم بېيجىڭگە بارغاندا گوشاۋچۈەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاتىھە قىلىدۇ، يوقلايدۇ. ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە باي بۇ شائىرلار ياش شائىرنى كۆپلىگەن ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ئىجادىيىتىدىن «شەرق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «تېچلىق ناخشىسى»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» قاتارلىق بەش شېئىرى توپلام نەشر قىلدۇردى.

ھەممىگە ئايانكى، بىر مەزگىل «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ پېشۋالىرىغا بوھتان چاپلاپ، خارلىدى، "زامانە زورىنىڭ تاماشە كۆرىنىڭ" بولۇپ كەتتى. يالغان راسىنىڭ، قارا ئاقنىڭ ئورنىغا قويۇلغانـ

لىغى ئۈچۈن ناھەقچىلىق، ئۇۋالچىلىق ئۇلغايدى. ئەنە شۇ
چاغدا تېيىپجان ئېلىيوپمۇ چەتكە قېقىلدى. سۈرگۈن قىلىپ
يېزىغا ھەيدالدى. ئاسمان قارا بۇلۇتتىن، زېمىن چوڭ
زىيانداشلاردىن پاكلاندى، تېيىپجان ئېلىيوپمۇ
ئاقلاندى. 3 - ئومۇمىيغىندىن كېيىن شائىرنىڭ قەلىمىدىن
نۇر چاقناشقا باشلىدى. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى
مەيدانغا ئاتتى. 1979 - يىلى ئېچىلغان جۇڭگو يازغۇچى-
لار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا، مەملىكەتلىك
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.
شۇنىڭدەك جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات كومىتېتى،
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتى قاتار-
لىق جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇل خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.
ئۇنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ماھارەت
بىلەن يېزىلغان، باي ۋە رەڭدار ئىجادىيىتى ھەر خىل
تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ غەز-
نىسىگە قوشۇلدى.

شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ھايات رىتىمىنىڭ
شائىر دىلىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىنكاسىنى، ئوقۇغۇچىلار كۆڭ-
لىگە سىڭدۈرۈپ، بىرەر كۈچلۈك تەسىرات پەيدا قىلىشتىن
ئىبارەتتۇر. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرلىرى كىشىلەردە يا
غەزەپ، يا خۇشاللىق ياكى ھەمنەپەسلىك تۇيغۇسىنى پەيدا
قىلالايدۇ، ئاسانلا ئەل ئارىسىغا تارقايدۇ، ئۇنىڭ نۇرغۇن-
لىغان شېئىرلىرىنى خەلق ئاھاڭغا سېلىپ، ئېلى ۋادىسىدىن

تەكلىماكان بوياملىرىدىكى بوستانلارغىچە جاراڭلىتىپ ئېيتماقتا.

تېيىپجان ئېلىيوپ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەر-قايسى تارماقلىرىغا بوسۇپ كىرىپ، ئۆز شېئىرلىرىدىكى پىكىرنى تولۇق ئىپادىلەپ ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە زور ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى ھەر خىل شەكىللەرنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشى، بۇرۇن كونۇلۇپ قالغان شەكىللەرنىڭ خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە تىرىشچانلىق بىلەن نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھىرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ چىقىپ، ئۇنى دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇپ، مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پارلاق مەنزىرىسى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىدىن، دۇنيا ئەدەبىياتى ئورمانلىقىدىن ئەڭ ياخشى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، جۇڭگوچە ئىستىل يارىتىش، جۇڭگو غورۇرىدىكى ئەسەرلەرنى يارىتىشقا چاقىرماقتا. ئۇنىڭغا نىسبەتەن تالەيچان ۋە تىرىشچان شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئەشۇ تالەيىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن شېئىرىيەتتە تېخىمۇ قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مىسلىسىز كۆركەم ۋە گۈزەل چوققىلارغا قاراپ ئۆرلىمەكتە.

ئوشۇمچە:

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

تاڭ تاۋ: «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» 1979 - يىل خەلق نەشرىياتى.

لىيۇ شۇسۇڭ: «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات تارىخى لايىھەسى» 1979 - يىل خەلق نەشرىياتى.

تيەن جۇڭجى سۈن چاڭشى: «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» 1980 - يىل شىنجاڭ رادىيو سىتەن داشۆبىسى باستۇرغان (ئۇيغۇرچە).

لياۋ گەيلۇڭ: «جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1954 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى.

«جۇڭگو يېڭى دېموكراتىزم ئىنقىلابى تارىخى» 1954 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى.

«ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» 1982 - يىل 1 - ، 2 - قىسىم.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 1956 - يىل ئالموتا.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» 1982 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى.

ماكسىم گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 - ، 2 - قىسىم.
ئەي چىڭ: «شېئىرىيەت توغرىسىدا» 1982 - يىل مىل-
لەتلەر نەشرىياتى.
«س س س ر تارىخى» 1950 - يىل شەرق
ھەقىقىتى نەشرىياتى. تاشكەنت.
«جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»
1969 - يىل ۋۇخەن. ئوتتۇرا جۇڭگودىكى
7 ئالى مەكتەپ تۈزگەن.
«ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە تەھلىل»
1959 - يىل شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى.
ماۋزېدوڭ: «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1967 -
يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، 1-، 2-، 3-، 4- توم.
«ماۋجۇشى شېئىرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى،
1969 - يىل.
«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»
1980 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
«تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئە-
دەبىيات ئوقۇتۇشىدا پايدىلىنىش ماتىرىياللىرى»
1960 - يىل سانلىرى.
«تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى» 1963 - يىل.
«گۈدۈك» 1980 - يىل شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى.
«بۇلاق» 1980-، 1981-، 1982-،

1983 - يىلى سانلىرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى» 1980 - ، 1982 - يىللىق چىققان سانلىرى.

ئابلەت نۇمەر: «ئەدەبىيات سەنئەت نەزەرىيىسى» 1979 - شىنجاڭ داشۆي نەشرى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. (1 - دىن 12 - سانغىچە)

«ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1983 - يىل. شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى. 1 - سان.

«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» 1979 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

مەھەممەت زۇنۇن، ئابدىكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئا- ساسلىرى» 1981 - يىل. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«شىنجاڭ سەنئىتى» 1981 - يىل 4 - ، 1982 - يىل 6 - سانلىرى.

«قەشقەر ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1980 - ، 1981 - يىل سانلىرى.

«ئىلى دەرياسى» 1982 - يىل 2 - سان.

«ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى.

«بىلال ئېزىزى شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

زۇنۇن قادىر: «غۇنچەم» مىللەتلەر نەشرىياتى.

نىم شېھىت: «يۈرەك سۆزى» مىللەتلەر نەشرىياتى.

قۇربان ئىمىن: «قەشقەر ئاۋازى» مىللەتلەر نەشرىياتى.

ئەلقەم ئەختەم: «ئۈممەت دولقۇنلىرى»، «كۆرەش دولقۇنلىرى»

تۇرغۇن ئالماس: «تاڭ سەھەر»

تېيىپجان ئېلىيېۋ: «شەرق ناخشىسى»، «ئۆگۈدەس ناخشا......

«تېچلىق ناخشىسى»

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر كىلا-سىك ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر

شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆېسى باستۇردى

ئۈرۈمچى تيانشان رايون غالىبىيەت باسما

زاۋۇدىدا بېسىلدى

# 维吾尔现代文学讲座

（维吾尔文）

新疆广播师范大学编印

乌鲁木齐天山区胜利

印刷厂印